

رىزائۇددىن ئىبن فەخرۇددىن

# ئەدەپ-ئەخلاق مىزانلىرى



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ



عالم جان
بن
روزي محمد

رىزائۇددىن ئىبن فەخرۇددىن

# ئەدەپ ـ ئەخلاق مىزانلىرى

تەرجىمە قىلغۇچىلار : ئەزىزى
ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان فىكرەت



مىللەتلەر نەشرىياتى

责任编辑：牙库甫
责任校对：海仁沙·若孜

图书在版编目(CIP)数据

家庭及道德教育/（俄罗斯）法合鲁丁著；艾则孜，吾尔买提江 译. 一北京：民族出版社，2005.4
ISBN 7-105-06894-9

Ⅰ.家… Ⅱ.①法…②艾…Ⅲ.①个人品德—通俗读物—维吾尔语（中国少数民族语言）②家庭教育—通俗读物—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.B825-49②G78-49

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 026172 号

出版发行：民族出版社　http://www.e56.com.cn
社　址：北京市和平里北街 14 号　邮编：100013
电　话：010-64290862 (维文室)
印　刷：北京迪鑫印刷厂
版　次：2005 年 5 月第 1 版　2006 年 10 月北京第 2 次印刷
开　本：850 毫米×1168 毫米
印　张 7.5
印　数：5001-9000 册
定　价：10.00 元

## نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن

بۈيۈك تاتار ئالىمى رىزائۇددىن ئىبن فەخرۇددىن 1858-يىلى 12-ئاينىڭ 22-كۈنى تۇغۇلغان. ئۇ دەسلەپ مەدرىسلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان، كېيىن ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئۆتكۈر زېھنىي قابىلىيىتى ۋە تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، مۇستەقىل ئوقۇش-ئۆگىنىش نەتىجىسىدە شەرق ئەدەبىياتى، پەلسەپە، تارىخ ساھەسىدە زور بىلىمگە ئىگە بولغان.

رىزائۇددىن ئىبن فەخرۇددىن بىر مەزگىل ئىمام، قازىلىق خىزمەتلىرىدە بولغان. 1906-يىلى قازىلىقتىن ئىستىپا بېرىپ پۈتۈن كۈچ-غەيرىتىنى ئىجادىي ئىشقا بېغىشلىغان. ئاردا بىر مەزگىل يەرلىك مەتبۇئاتلاردا مۇھەررىرلىك قىلغان. 1908-يىلدىن باشلاپ ئۆز دەۋرىدە كاتتا شۆھرەت قازانغان «شۇرا» ژۇرنىلىنى چىقىرىشقا باشلىغان. بۇ ژۇرنال ئۇنىڭ باشچىلىقىدا تاكى 1917-يىلىغا قەدەر ئۈزلۈكسىز نەشر قىلىنغان.

رىزائۇددىن ئىبن فەخرۇددىن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ شەرق خەلقلىرى تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ئەدەپ-ئەخلاق، تەلىم-تەربىيىگە ئائىت كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ بۇنىڭ ئىچىدە «ئىلمى ئەخلاق» («ئەدەپ - ئەخلاق بىلىملىرى»)، «مەشھۇر ئاياللار» ھەمدە ئالىملارنىڭ تەرجىمھالىغا ئائىت «ئاسار» دېگەن ئەسەرلىرى بار. بۇنىڭدىن باشقا رىزائۇددىن ئىبن فەخرۇددىن مەشھۇر ئەرەب سەيياھى ئىبن بەتتۇتە (1304—1378) نىڭ دەشتى قىپچاققا قىلغان ساياھەتنامىسىنى ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلىپ ئورۇنبورگدا (1917-يىلى) نەشر قىلدۇرغان.

«ئىلمى ئەخلاق»— رىزائۇددىن ئىبن فەخرۇددىننىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى بولۇپ، ئۇ، «تەربىيىلىك بالا»، «تەربىيىلىك ئانا»، «ئەھلى ئايال» («ئاياللار») «تەربىيىلىك ئايال»، «شاگىرتلىق ئەدەپلىرى»، «بىرىنچى نەسىھەت»، «ئىككىنچى نەسىھەت»، «ئۈچىنچى نەسىھەت»، «ئەدەپى تەلىم» («تەلىم-تەربىيە قائىدىلىرى»)، «ئائىلە» دىن ئىبارەت ئون قىسىمدىن تەركىب تاپقان. بىز بۇنىڭ ئىچىدىن ھازىرچە ئۆزىمىز ئېرىشكەن «ئائىلە»، «ئەھلى ئايال»، «تەربىيىلىك ئايال»، «ئەدەپى تەلىم» قاتارلىق تۆت قىسمىنى بىرلەشتۈرۈپ «ئەدەپ-ئەخلاق مىزانلىرى» دېگەن ماۋزۇ بىلەن بۇ كىتابنى تۈزۈپ ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇشنى لايىق تاپتۇق. بۇنىڭ ئىچىدە «ئائىلە»، «تەربىيىلىك ئايال» دېگەن ئىككى پارچە ئەسەر «مىراس» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان («تەربىيىلىك ئايال»نىڭ ماۋزۇسى ژۇرنال مۇھەررىرى تەرىپىدىن «ئانىنىڭ بىر قولىدا بۆشۈك، بىر قولىدا دۇنيا تەۋرەر» دەپ ئۆزگەرتىلگەن) بولۇپ، ژۇرنالدا بايقالماي قالغان قىسمەن سەۋەنلىكلەر بۇ قېتىم كىتاب قىلىش جەريانىدا تۈزىتىلدى.

ئەسەرنىڭ ئاساسىي چىقىش نۇقتىسى كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئەڭ مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى بولغان ئەدەپ-ئەخلاق مەسىلىلىرىگە قارىتىلغان بولۇپ، ھازىرمۇ ئۆز قىممىتىنى جەۋلان قىلىپ، ئادەملەر ئارىسىدا ئىنسانىي مېھىر-مۇھەببەتنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە ياشلاردا ھەقىقىي ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ تىكلىنىشىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بۇ ئەسەر بۇندىن بىر ئەسىر مۇقەددەم يېزىلغان بولغاچقا ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەخلاقىي مەسىلىلەر ئۆز دەۋرىنىڭ دىنىي مۇھىتىنى چىقىش قىلغان ھالدا ئىسلام دىنى نۇقتىسىدىن تۇرۇپ يورۇتۇلغان. بىز ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەسەر يېزىلغان دەۋرنى نەزەرگە ئالغان ھالدا بىر قىسىم دىنىي نۇقتىئىنەزەرلەرگە نىسبەتەن "شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش" پرىنسىپى بويىچە مۇئامىلە قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئەسەرنىڭ ، «ئائىلە»، «ئەهلۇ ئايال»، «تەربىيىلىك ئايال»، «خانىم-قىزلار سەمىگە» قىسىملىرىنى ئەزىزى، «تەلىم-تەربىيە قائىدىلىرى» قىسمىنى ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان فىكرەت نەشرگە تەييارلىدى. نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا قىسمەن قىسقارتىلدى.

# ئىچىدىكىلىرى


كىرىش سۆز ........................................ 1

**ئائىلە**

ئائىلە ۋە ئايال ........................................ 1

ئايال ۋە تەربىيە ........................................ 2

بالا تەربىيىسى ۋە ئايال ........................................ 6

ياخشى تەربىيە ۋە ناچار تەربىيە ........................................ 10

ئايالنىڭ ئومۇمىي ۋەزىپىسى ........................................ 14

ئىلىم ۋە ئايال ........................................ 20

چىراي ۋە ئايال ........................................ 24

بولغۇسى ئايال ........................................ 27

نەسەب جەھەتتىكى ئوخشاشلىق ........................................ 30

ياش جەھەتتە مۇۋاپىقلىق ........................................ 33

توي ........................................ 35

نىكاھ تويى ........................................ 38

ئۆيلىنىش ۋە مۇھەببەت ........................................ 39

ئەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى ........................................ 43

تالاق ۋە ئاجرىشىش ........................................ 48

كۆپ خوتۇنلۇق ........................................ 51

ئاتا-ئانىلارنىڭ ۋەزىپىسى ........................ 53
ئاتا-ئانىنىڭ باللارنى ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىلىشتىكى ۋەزىپىسى ... 57
بالىنىڭ ۋەزىپىسى ........................ 59
گۈزەل مۇناسىۋەت ........................ 64
ئائىلە ۋە دۇنيا ........................ 66
ئائىلە ۋە ئۈلپەت ........................ 67
خىزمەتكارلار، بالا باققۇچىلار، قوشنىلار، دوستلار ۋە زىياپەت ... 68
ئاياللار ........................ 71
يولداش........................ 71
دۇنيا سەپىرى........................ 72
دۇنيا سەپىرىدە يولداش ........................ 73
نىزام ۋە ئىتائەت........................ 74
نىزامنىڭ ھۆرمىتى ........................ 76
ئاتا-ئانىغا ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدا ........................ 77
ياخشىلىق ........................ 78
بىلىم ئېلىش ........................ 79
پاكىزلىق-پاكلىق ........................ 80
گۈزەل ئەخلاق ........................ 81
سالامەتلىكنى ئاسراش ........................ 82
ئۆيلىنىش-نىكاھ ........................ 83
ئايال كىم؟ ........................ 84
ئەر كىم؟........................ 85
قىزغىنلىق ........................ 86
مۇۋاپىق بولۇش ........................ 87
ياش جەھەتتىكى مۇناسىۋەت ........................ 88

جورىلىق ........................................ 89
نەسەب جەھەتتە يىراقلىق ........................ 90
ئەقىللىق بىر خوتۇننىڭ نەسىھىتى ................ 90

## ئايالالار تەربىيىسى

مۇقەددىمە ...................................... 94
ئېتىقاد ........................................ 97
ئىتائەت ........................................ 97
ئەرنىڭ يېقىنلىرىغا رىئايە قىلىش ................ 99
سۆھبەت ........................................ 102
سىر ساقلىماق .................................. 103
قانائەت ۋە رىزا ................................ 105
چېچەنلىك ...................................... 106
پاكلىق—زىننەت .................................. 109
ھايا-ئىپپەت ................................... 112
ئۆي تۇتۇش ..................................... 114
سالامەتلىكنى ساقلىماق .......................... 117

## تەلىم-تەربىيە قائىدىلىرى

ئىلىم، مۇئەللىم، تەربىيە ...................... 120
1. خۇلق ۋە ئەمەل .............................. 126
2. مەلۇمات ۋە ئېتىقاد .......................... 131
3. ھىلىم، مۇلايىمەت، ئۇلۇغلۇق .................. 134
4. ئىخلاس، دىققەت ۋە تىرىشماق .................. 138
5. تەشخىس، تەشۋىق، تەھەممۇل .................... 142
6. نەسىھەت، غەيرەت، خەيرىخاھلىق ................ 145
7. مىننەتتىن ساقلىنىش — ئۇلۇغ ھىممەت ........... 149

8. ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت ...................................... 154
9. سادىقلىق ۋە ئېتىبار ...................................... 157
10. ساۋاق (دەرس) ئۇسۇلىغا رىئايەت ...................................... 161
11. ئىختىيارىي ئىلىم ...................................... 174
ئەدەپلەر ...................................... 182
خاتىمە ...................................... 190

## خانىم-قىزلار سەمىگە

خۇش پېچىملىق ...................................... 199
تاشقى قىياپىتىڭىز ...................................... 202
سەرۋى قامەت ...................................... 203
لەرزان يۇرۇش ...................................... 205
پۇتنى ئاسراش ...................................... 208
كۆز—كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى ...................................... 209
مەنىۋى گۈزەللىك ...................................... 212
قىزلارنىڭ روھىيىتى ...................................... 213
ئىپپەت ...................................... 216
قىزلارنىڭ شەنى ...................................... 218
مۇئامىلە ...................................... 219
نازاكەت ...................................... 221
كىتاب ئوقۇشنى تاشلىماڭ ...................................... 223
ئاتا ئەزىز ...................................... 224
ئانا—ئائىلىنىڭ چىرىغى ...................................... 226
ۋاپا ۋە ساداقەت ...................................... 229

# كىرىش سۆز

ئىسلام شەرىئىتىدە راھىبلىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرىنىڭ ئۆيلىنىش ھەققىدە ئەمرى بولغانلىقى مەلۇمدۇر.

ئۆيلىنىشنىڭ كۆپ ھاللاردا ئېتىقادىنىڭ ساغلاملىقىغا، ھايۋانىي شەھۋەتنىڭ ئورۇنسىز سەرپ ئېتىلمەسلىكىگە سەۋەب بولىدىغانلىقىغا شۈبھە يوقتۇر. لېكىن، ئىسلام شەرىئىتى ئۆيلىنىش مەسىلىسىنى بۈيۈك ئىش ھېسابلاپ، ئائىلە تۈزۈشنى مەملىكەت تەشكىل قىلىشتەك زۆرۈر دەپ قارىغانلىقى، بۇ ھەقتە بىرقانچە نىزاملارنىڭمۇ تۈزۈلگەنلىكى مەلۇم. ئائىلە ئۈچۈن چىققان نىزاملارنى بىلىپ، ۋاقتى يەتكەندە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغۇچىلار ئۆز ئائىلىسىنى كۆركەم ھالدا تۈزگۈسى ۋە ئاخىرى ئۇشبۇ كىچىك مەملىكەتنى ئىدارە قىلالايدىغان بولغۇسى، شۇ سەۋەبتىن ئامانەت ئۆمۈرلىرىنى راھەت بىلەن ئۆتكۈزگۈسى ۋە ئۆمۈرلىرىدىن قالغان ساناقلىق سائەتلىرى بەرىكەتلىك بولغۇسى.

ئائىلە تۈزۈش ھەققىدىكى ئەدەپلەرنى بىلىش ۋە ئۇنى تۇرمۇشقا تەدبىقلاش يولىنى تېپىش بىز ئەھلى ئىسلام ئۈچۈن مۇھىم بىر ئىشتۇر، چۈنكى نەقەدەر بۈيۈك بولسىمۇ ھېچقانداق بىر مىللەت ئائىلە ئەھۋالى تۈزۈك بولمىغان ۋە تەربىيە ئۇسۇلىغا رىئايە قىلمىغان ھالدا دۇنيادا ياشىيالمايدۇ. مىللەتلەرنىڭ شەرىپىنى يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈرىدىغان نەرسە مىليونلىغان ئەسكەرلەر ياكى دۇنيادا ئەڭ چوڭ بولغان كېمىلەر ئەمەس، بەلكى بىز ئەڭ ئاز ئېتىبار بېرىۋاتقان ياكى ئېتىبار بەرمەي كېلىۋاتقان ئائىلىدۇر. ئائىلە نىزامسىز بولسا، ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتى پۈتۈن مىللەتكە تەسىر قىلغۇسى ۋە شۇ سەۋەبتىن پەزىلەت ئورنىغا رىزالەت،

تەرەققىيات ئۇرنىغا قالاقلىق ئاساس قۇرغۇسى. خۇدانىڭ ئۆزى ساقلىسۇنكى، ئەگەر مىللەتكە بۇنداق ھال يۈزلەنسە، ئۇ مىللەت كىتابىنىڭ ئاخىرقى ۋاراقلىرى ئېچىلغۇسى.

مەرىپەتلىك خەلقلەر پايدىلىق سەنئەتلەرگە ئىككى قول بىلەن يېپىشۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، بىزلەردە ئەڭ زۆرۈر ھۈنەرلەرگىمۇ ئېتىبار قىلىنمايۋاتىدۇ. رۇسلارنىڭ ئەدىبلىرى ئۆز مىللەتلىرىنى ئىسپىرتلىق ئىچىملىك ئىچىشتىن ۋە قىمار ئويناشتىن مەنئى قىلىش توغرىسىدا خۇددى سۇغا غەرق بولغان بالىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تىرىشقان ئاتا كەبى غەيرەت قىلىۋاتقان بولسىمۇ، بىزلەردە كۆپ ئەدىبلەر بۇ ھالغا ئۆزلىرى مۇپتىلادۇر. مەدەنىيەتلىك قوۋملەردە ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدىمۇ تەربىيە ۋە ئەخلاق تۈزىتىش دەرسخانىلىرى بار، ئەمما بىزلەردە بىرىنچى سەپتە تۇرغان ئابرۇيلۇق ئائىلىلەر، زىيالىيلار تەرەققىي قىلغان قوۋملەرنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە باشقا ئىشلىرىغا مايمۇن كەبى تەقلىد قىلىدۇ. شاگىرتلار ھەقىقىي ئىلىمگە چاڭقاق تۇرغان بولسىمۇ، كۆپلىگەن مۇددەرىسلەرنىڭ دەرسلىرى سەپسەتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئاۋاملىرىمىز دىنىي ئەقىدىلەرنى سوراشقا ئادەم تاپالمايۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا موللىلىرىمىز مەجلىسلەردە باش ئېگىپ بىكار ئولتۇرىدۇ ۋە ياكى بولمىسا سەپسەتە ساتىدۇ. ئىبادەتخانىلىرىمىز ۋەيران ھالدا يېتىۋاتقان بولسىمۇ، مەئىشەتخانىلىرىمىز باشقا خەلقلەرنىڭكىدىن ئارتۇق ئاۋاتتۇر. تۇل قالغان خوتۇنلارغا، قېرى ۋە ئاجىز-زەئىپلەرگە ئىستىقامەت قىلىدىغان جاي ھازىرلاش، ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم قالغان باللارغا ھۈنەر ئۆگىتىش ھەققىدە ئازغىنە غەيرەت قىلىنمىغان ۋە بۇنداق جايلارنى ئاچقۇچىلارغا بېرىلىشى كېرەك بولغان مەبلەغ بېرىلمىگەن بولسىمۇ، بوز يىگىتلىرىمىزنى ئوۋلاۋاتقان ۋە زۆرۈر شەرىپىنى دەپسەندە قىلىۋاتقان پاھىشىلەرگە نۇرغۇن پۇل خەجلىنىدۇ. بۇنداق بۇزۇقلۇقلىرىمىزنىڭ سەۋەبى نېمىدە؟ بۇ سوئالغا بېرىلىدىغان توغرا ۋە قىسقا جاۋاب: "بۇنىڭ سەۋەبى — ئائىلىلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى بۇزۇق بولغانلىقىدىدۇر" دېمەكتىن ئىبارەت بولىدۇ.

ئائىلە ئەھۋالىنى تۈزىمەك ياكى تۈزۈك ھالدا داۋاملاشتۇرماق ئەڭ مۇھىم ئىش بولغانلىقتىن دۇنيانىڭ بۈيۈك پەيلاسوپلىرى، ھەربىر خەلقنىڭ شۆھرەتلىك ئالىملىرى ئۆمرىنىڭ قىممەتلىك سائەتلىرىنى مۇشۇ ئىشقا سەرپ قىلدۇ.

ئائىلىنى ئىسلاھ قىلىش يولى ۋە تەربىيە ئۇسۇلىنى بايان قىلغان كىتابلار ھېسابسىز كۆپ بولسىمۇ، بۇنىڭغا بولغان ئېھتىياج قەلەم بىلەن يېزىپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدە بۈيۈكتۇر. شۇنداق ئىكەن، ھەربىر جان بېشىغا بىر رىسالە يېزىلسىمۇ كۆپلۈك قىلمايدۇ.

ئائىلە ئىسلاھاتى ھەققىدە يېزىلغان رىسالىلەردىن كۆپلىرىنى ئوقۇش بىلەن بىرگە ئالىي پىكىرلىك ئالىملار قەلەملىرىدىن تۆكۈلگەن ئۈنچىلەردىن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە توپلىغان ئىدىم. كىتاب يېزىشتا قۇسۇرلىرىم كۆپ بولسىمۇ، پىكىرداشلار ئەسەرلىرىنى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇشتا ۋاستە بولۇش ئۈمىدىدە ئۇشبۇ رىسالىنى يېزىشقا كىرىشتىم.

ئىلمۇ ئەمەل ئاشىقلىرى ئوقۇغىنىغا يارىشا مەنپەئەت ئالسا ئەجەب ئەمەس.

# ئائىلە

## ئائىلە ۋە ئايال

ئەر بىلەن ئايالنىڭ قانۇنىي يوسۇندا بىرگە قوشۇلۇشىدىن ۋە بىر تەن، بىر ۋۇجۇد بولۇشىدىن ئائىلە تەشكىل تاپىدۇ. ئەر ئۆزى ئۈچۈن بىر ئايال تاللاپ، دۇنيادىكى تىرىكلىكىدە، شادلىق-قايغۇسىدا، ھەربىر ياخشى-يامان كۈنىدە تايانچ بولىدىغان، جېنىغا راھەت بەخش ئېتىدىغان بىر سىرداش قىلىدۇ. ئايال ئادەم بالىسىدا بولغان خۇلقلارنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ قاتتىق كۆڭۈللەرنى يۇمشاتقۇچى، ئىنسانلارنى جانۋار ئەمەس، ئىنسان قىلغۇچى بىر ئامەت بولغانلىقىدا. چۈنكى، دوستلۇق ۋە يېقىنلىق كەبى نەرسىلەر ھەرقانچە مۇستەھكەم بولسىمۇ ئائىلە بەرپا قىلىشقا ئۇنىڭ قۇدرىتى يەتمەيدۇ.

ئايال خادىم ئەمەس، بەلكى ئائىلىدۇر. چۈنكى، ئەرلەر ئائىلىنىڭ رەئىسلىرى بولسا، ئاياللار ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان ئائىلە—ئۆيىنىڭ ئىگىسىدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنى ئائىلە دېيىش توغرىدۇر. بۈيۈك بىر زاتنىڭ ئېيتقىنىغا قارىغاندا، ئايالنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولمىغان بىر ئۆيدە تۇرغۇچىلار ئائىلە سانالمايدۇ. ئايال ياخشى ئايال بولۇش شەرتى بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادىتى ۋە ھەر تۈرلۈك راھەتلەرگە سەۋەب بولىدۇ.

ياخشى ئايال ئېرىنىڭ مېلىنى ساقلار، ئېرىگە كېلىدىغان بالىلارنىڭ ئالدىنى ئالار، غەيرەتلىك بىر ئەسكەر كەبى بارلىق كۈچ-قۇدرىتىنى سەرپ قىلار، ھەر ۋاقىت بەزى نەرسىلەرنى ئىقتىساد قىلىپ، ئازدۇر-كۆپتۇر مال يىغار ۋە زۆرۈر بولغاندا ئۇنى ئېرىگە بېرىپ، ئۇنى شادلاندۇرار.

ئەگەر ئائىلە كېمىگە ئوخشىتىلسا، ئايال كېمىنىڭ رولى ئورنىدىدۇر. كۈچلۈك كېمە دەريادا رولىنىڭ ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ يۈرگەندەك، مەملىكەتكە ئوخشايدىغان ئائىلىدە ئائىلە ئاياللىنىڭ ھەرىكىتىگە ئەگىشەر. ئاياللىرى تەربىيە كۆرگەن خەلقنىڭ تەربىيىلىك بولۇشى، ئاياللىرى تەربىيە كۆرمىگەن خەلقنىڭ تەربىيىسىز بولۇشى، ئاياللىرى تىرىشچان، تەدبىرلىك، ئىرادىلىك بولغان خەلقنىڭ روناق تېپىشى، ئاياللىرى بولۇمسىز ياكى ئىسراپخور بولغان خەلقنىڭ كەمبەغەل بولۇشى ئېنىقتۇر.

## ئايال ۋە تەربىيە

ئائىلىنىڭ ھەقىقىي تۈۋرۈكى ئايالدۇر، چۈنكى ئەرلەر مىجەز-خۇلق ۋە تەربىيە جەھەتتە ئاياللاردىن باشقا ھېچكىمگە بويسۇنمايدۇ. ھەتتا يۇقىرى مەكتەپلەردە، ئالىي پىكىرلىك ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئىلىم ئالغۇچىلارمۇ ئانىلىرىدىن ئالغان تەربىيە بىلەن ياشايدۇ ۋە بۇ تەربىيىنى ئاخىرقى كۈنلىرىگە قەدەر ئېسىدە ساقلايدۇ. شۇ سەۋەبتىن پەيلاسوپلاردىن بىرى «ئىنسانلار ھەر ۋاقىت ئاياللارنىڭ ئۈستىكى بويىچە بولغۇسى، ئەگەر بۈيۈك ۋە پەزىلەتلىك ئادەملەرگە ئېھتىياجىڭىز بولسا، ئاياللارغا بۈيۈكلۈك

ۋە پەزىلەت ئۆگىتىلىك» دېگەن.

تەربىيىلىك ئايال ئاتا-ئانىسىنى، ئېرىنى ۋە بالىسىنى، پۈتۈن ئائىلىسىنىڭ تەرتىپىنى، ئائىلىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان دوست-بۇرادەر، قولۇم-قوشنىلىرىنى، بارلىق خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىسى، ھۆسن-خۇلقى بىلەن مەمنۇن قىلىدۇ، ئۆزىمۇ بەختلىك ئۆمۈر كەچۈرىدۇ. ئەمما، تەربىيىسىز ئايال بۇنىڭ ئەكسىنى قىلىپ، ئاتا-ئانىسىنى، ئېرى ھەم بالىسىنى ئەلنىڭ مەسخىرىسىگە قالدۇرىدۇ. ئۆزىمۇ بەختسىز ياشاپ، بالىلىرىنى تەربىيىسىز قالدۇرۇپ، ئۆمرىنى بەربات قىلىدۇ. نەتىجىدە، قىزلىق ۋە ئانىلىقتەك دۇنيا ۋە ئاخىرەت نېمەتلىرىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

بىر ئىنسان نەقەدەر بۈيۈك ۋە نەقەدەر مەرتىۋىلىك بولسىمۇ ئۇنىڭ تەربىيە كۆرگەن ئايالى بولمىسا، ئۇ بەختلىك ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، بەخت ئائىلىدە راھەتلىك ئۆمۈر كۆرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئائىلىدە راھەت كۆرمىگەن ئىنسان ئائىلىنىڭ سىرتىدىمۇ راھەت كۆرەلمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئاياللارنىڭ تەربىيىلىك بولۇشى زۆرۈر ۋە بۇنىڭ پايدىسى پۈتۈن مىللەتكە مەنسۇپ بولۇر. ئاياللار ئۈچۈن لازىم بولغان ئىلىم ۋە زۆرۈر بولغان تەربىيە قانداق بولۇشى كېرەك؟ ئاياللار ئۈچۈن لازىم بولغان ئىلىم ۋە تەربىيە ئاياللارنىڭ ئۆز ۋەزىپىلىرىنى بىلىشى، پەزىلەت ئۆگىنىشى، كېيىن بۇلارغا تولۇق يوسۇندا ئەمەل قىلىشى لازىم، دېگەندىن ئىبارەتتۇر. ئىنسانلارنى بەختلىك قىلىدىغان نەرسە ئىلىملا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئىشلارنى ئىلىم بىلەن ئادا قىلماقتۇر. پەزىلەت ۋە ھۆسن-خۇلق بولمىغاندا ئىلىم دەرىخى مېۋە بەرمەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ سائادەتلىرى تەربىيىگە باغلىق بولۇپ، بۇ تەربىيە ئاياللار بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئومۇمەن

خەلقنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئاياللارنى تەربىيىلەش ھەمدە شۇ تەربىيىنى بالىلارغىمۇ يېرەلەيدىغان سەۋىيىگە يەتكۈزۈش لازىم.

ئەگەر ئاياللار ئارىسىدا تەربىيە بىلەن ئىلىم ئومۇملاشسا، تەربىيىمۇ، ئەخلاقمۇ بالىلارغا كۆچىدۇ ۋە ئەل-يۇرت، خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ مەھكەم ئورنىشىدۇ.

پۈتۈن ئادەم بالىسىغا بىرىنچى ۋە ئەڭ ئەھمىيەتلىك نەرسىلەر ھەققىدە مۇئەللىملىك قىلغۇچىلارنىڭ ئىلىم ھەم تەربىيىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشىغا يول قويۇش، مىڭلارچە ئادەمنى قاچىلاپ كېتىۋاتقان كېمىنى ئەما ۋە جاھىل بىر ئادەمگە تاپشۇرۇپ سەپەرگە چىقىش بىلەن باراۋەر.

ئاياللار ئۈچۈن تەربىيە مۇشۇ دەرىجىدە لازىم بولغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، بىزلەردە بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ. ئاياللارنى تەربىيىلەپ بۇلارنىڭ ۋاستىسىدە پۈتۈن ئەل-يۇرت ئارىسىدا ئەخلاق ۋە پەزىلەت ئۇرۇقىنى چېچىش پىكرى دۇنيانىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە مەيدانغا چىقىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، بىزلەردە، بەزى زاتلار تەرىپىدىن «ئاياللارغا ئىلىم ئۆگىتىش بۇزۇقلۇققا سەۋەب بولىدۇ» دېگەن ئاساسسىز قاراشلار تارقالماقتا. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ھالدۇر. ئىلىملىك ئەرلەر ئارىسىدىمۇ بەزى ھاللاردا بۇزۇقلۇقلار سادىر بولىدۇ. ھالبۇكى، بۇلار ھەققىدە گەپ بولغاندا، «بۇلار ئىلىم بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ بۇزۇقلۇقنى قىلدى» دېگىلى بولمايدۇ. شۇ يوسۇندا، ئىلىملىك ئاياللار ئارىسىدا بۇزۇقلۇق سادىر بولغاندا «ئۇلارنىڭ بۇزۇقلۇقلىقىغا ئىلىم سەۋەب بولدى» دېيىشمۇ توغرا بولمايدۇ.

بۇزۇقلۇققا سەۋەب، مەيلى ئەردە ياكى ئايالدا بولسۇن، ئىلىم-پەزىلەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولماستىن، بەلكى

ئىلىم-پەزىلەتنىڭ كەملىكىدىن بولىدۇ.

«ئاياللارغا ئىلىم ئۆگىتىش زىيانلىقتۇر» دېيىش ناھەق سۆز بولۇپ، بۇ، ئىنسانىيەتنىڭ يېرىمىدىن ئىبارەت بولغان ئاياللارنى ئىلىمدىن بىبەھرە قالدۇرۇشقا، بۇنىڭ نەتىجىسىدە بارلىق ئادەم بالىلىرىنى تەربىيىدىن مەھرۇم قىلىشقا يول قويۇش دېمەكتۇر.

بالىلارغا تەربىيە بېرەلمىگەن ۋە ئەخلاق ئۆگىتەلمىگەن ئائىلىدىن پايدىنىڭ ئورنىغا چوڭ زىيانلار كېلىدۇ. چۈنكى، بۇنداق خوتۇنلار خەلق ئارىسىدا ۋابا مىكروبلىرىدىن زىيانلىق بولغان ئىنسانلارنى يېتىشتۈرىدۇ. بالىغا گۈزەل تەربىيە بېرەلمەسلىكنىڭ ئۆزى تەربىيىسىزلىكنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. ھۈنەر-ئىستېداتى بولمىغان تەربىيىسىز ئاياللارنىڭ ئىشى كۆپ ھاللاردا تېببىي ئىلىمدىن بىخەۋەر ئادەمنىڭ كېسەل داۋالىغىنىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار بالىلىرىنى تەبىئىي تۇتماي، بەلكى تەربىيىلىمەكچى بولۇپ ئەخلاقىنى بۇزىدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىتىدۇ. بۇنداق بالىلار كېيىنمۇ تۈزەلمەيدىغان دەرىجىدە بۇزۇلىدۇ. تەبىئىي چوڭ بولغان بالىلارنى ئەۋزەل مەكتەپلەر ۋە ئەخلاقلىق مۇئەللىملەرنىڭ ۋاسىتىسىدە تۈزەتمەك قولاي بولسىمۇ، تەربىيىسىز ئاياللاردىن تەربىيە ئالغان بالىلارنى تۈزىتىش تولىمۇ مۈشكۈلدۇر، چۈنكى بالا ئانىدىن ئالغان تەربىيىنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇمايدۇ. تەربىيىسىز ئاياللارنىڭ قويىنىدا تەربىيىلەنگەن بالىلار ھەتتا مەكتەپلەرگە كىرىپ ئىلىم ئۆگەنسىمۇ تەبىئىتى بۇزۇلغانلىقى سەۋەبلىك ئۆگەنگەن ئىلىملىرىنى يامان ئىشلارغا دەستەك قىلىدۇ. بەزىلەر پۈتۈن مال-دۇنيالىرىنى سەرپ قىلىپ بالىلىرىنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراشقا رازى بولسىمۇ، ئەمما ئۆلۈمدىنمۇ بەتتەر خەتەرلىك بولغان تەربىيىسىزلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يېتەرلىك دەرىجىدە

تىرىشمايدۇ. بۇمۇ بىر خىل تەربىيىسىزلىكتۇر.

بىر بالىنىڭ ئېتىقادتا ئېتىبارسىز، ئاتا-ئانىسىغا نىسبەتەن قوپال مۇئامىلىدە بولۇشى، مەئىشەتنى بۇزۇقلۇقنىڭ ئاساسى قىلىشى ئۆلۈمدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئەھۋال ئىكەنلىكى كۆپچىلىككە مەلۇم. ئۆزى ياخشى خۇلق-مىجەز بىلەن ئۆستۈرۈپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ شەپقەتلىك سايىسىدا راھەتلىك ھايات كەچۈرۈش ئۈمىدىدە بولغان ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن، ئاتا-ئانىسىغا قوپال مۇئامىلىدە بولغان بالىلارنىڭ بۇ دۇنيادا ياشىشىدىن نېمە پايدا؟ كاشكى، ئۆيلەنمىسەم بولۇپتىكەن، دۇنياغا كەلمىسەم بولۇپتىكەن، دەپ ھەسرەت چەككۈچى ئاتا-ئانىلار بۇ دۇنيادا ئازمۇ؟ ھالبۇكى، بۇنداق ھەسرەتلەرگە كۆپ ھاللاردا ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆزلىرى سەۋەب بولىدۇ. تەربىيە بېرىش كېرەك بولغان چاغدا بالىلارغا لازىملىق تەربىيىنى بەرمەسلىكمۇ شۇ خىل سەۋەبلەردىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللارغىمۇ تەربىيە بېرىش كېرەك. ئاياللارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى، ئالتۇن جابدۇقلىرى زىننەت ئەمەس، بەلكى ئالغان تەربىيىسى زىننەتتۇر.

## بالا تەربىيىسى ۋە ئايال

ئانا بولۇش بۈيۈك بىر نېمەت ۋە تەڭداشسىز بىر شەرەپتۇر. بۇنداق شاراپەتكە مۇناسىپ بولغۇچىلار پەقەت ئانىلىق ۋەزىپىلىرىنى ۋە ئائىللىق خىزمەتلىرىنى تولۇق ئورۇندىغاندىلا سازاۋەر بولالايدۇ. ئېتىقاد زۆرۈرىيەتلىرىنى بىلىپ، ئاز بولسىمۇ ئوقۇشنى ۋە

يېزىشنى ئۆگىنىش، ئاياللار ئۈچۈن لازىم ئىشلاردىن. ياخشى ۋە يامان خۇلقلاردىن خەۋەردار بولۇش ئاياللارنىڭ ۋەزىپىلىرى قاتارىغا كىرىدۇ. ئايالللار ئۆزلىرىگە ئامانەت قىلىنغان بالىلىرى ھەمدە ئۆزلىرىگە خاس خىزمەتلىرىنى قۇسۇرسىز ئادا قىلىشلىرى لازىم.

بالا تەربىيىسىدە ھەر تەرەپلىمە بىلىم ۋە تەجرىبە ھاسىل قىلىش زۆرۈر بولغانلىقتىن، قىسقىچە بولسىمۇ بۇ ھەقتە ئاز-تولا مەلۇمات بېرىش ۋە بۇ مەلۇماتنى كۈندىن-كۈنگە بېيىتىپ بېرىشقا تىرىشىش ئايالللارنىڭ زىممىسىدىكى ۋەزىپىسىدۇر. بالىنى نورمالنى ئۇخلىتىش، زۆرۈر ۋاقىتتا قاراپ يۇيۇندۇرۇش، تەن ۋە كىيىملىرىنى پاك تۇتۇش، گۈزەل خۇلقلارغا ئادەتلەندۇرۇش، ماڭغاندىن تا تىلى چىققانغا قەدەر تەربىيىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش لازىم.

بالا تەربىيىسى غەيرىي نىيەت ۋە قوپاللىق بىلەن ئەمەس، بەلكى سەۋر-تاقەت، مېھرىبانلىق، شەپقەت، سەزگۈرلۈك بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. بالىنى ھەرگىزمۇ تىزگىنسىز ھايۋان كەبى ئۆز ھالىغا قويۇۋەتمەسلىك كېرەك. زىيان بىلەن پايدىنى ئايرىيالمايدىغان گۆدەكنى نازارەتسىز تۇتۇش چوڭ خاتالىقتۇر. بالىغا قاتتىقلىق بىلەن يۇمشاقلىق ئارىسىدا ئادالەت بىلەن تەربىيە قىلىش كېرەك.

ئانىسىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا جازا ياكى تەنبىھتىن قورقۇپ ئەمەس، بەلكى ھۆرمەتلىك ھامىيسىغا بولغان ئىشەنچ ۋە سۆيگۈ سەۋەبىدىن ئىتائەت قىلغان بالا ئادالەت بىلەن تەربىيىلەنگەن بولىدۇ. ئادالەتلىك تەربىيىنىڭ شەرتى— ئاتا-ئانىغا بولغان ئىتائەتنى، ئېتىقادقا بولغان ھۆرمەتنى، ئۇرۇق-تۇغقان، يېقىن-يىراق، ئەل-يۇرت، خەلقنى سۆيۈشنى، ھەربىر چوڭ-

كىچىك بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشنى بالىلارنىڭ قېنىغا سۈت بىلەن سىڭدۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ بىر قاتار ئىشلار ئاتىنىڭ، شۇنداقلا يېقىن قېرىنداشلارنىڭ زىممىسىدە ئورتاق بولسىمۇ، يەنىلا چوڭ مەسئۇلىيەت ئاياللارنىڭ زىممىسىدىدۇر.

بۈيۈك بىر زات «ھەربىر ئايالنىڭ ئەقلىنى ئۆلچىمەكچى بولسىڭىز، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بالىلىرىغا قاراڭ» دېگەن ئىكەن. كوچىدا يۈرگەن ياكى بەزى ئۆيلەرگە كىرگەن ۋاقتىمىزدا كۆڭلىمىزنى پەرىشتىدەك رام قىلغان تەربىيىلىك بالىلارغا دۇچ كېلىش بىلەن بىرگە، تەربىيىسىز بالىلارنىمۇ ئۇچرىتىمىز. بۇنداق تەربىيىسىز بالىلار كۆڭلىمىزنى ئېغىر ھەسرەتكە سالىدۇ. بۇلارنىڭ بۇنداق بەختسىز بولۇشىغا ئانىسىنىڭ ناچار تەربىيىسىنىڭ تەسىرى بارلىقىنى يادىمىزغا ئالغىنىمىزدا ھەسرىتىمىز يەنىمۇ ئاشىدۇ.

ھەربىر سورىغان نەرسىسىنى، بولۇپمۇ يىغلاپ تۇرۇپ سورىغان نەرسىسىنى شۇ زامان بېرىش، ھەممە سۆزىگە ماقۇل دېيىش، ھەددىدىن تاشقىرى ئەركىلىتىش، مېھرىبانلىق قىلىش، ھەربىر قىلىقىنى ماختاش، ئېسىل كىيىشكە، لەززەتلىك يېيىشكە ئادەتلەندۈرۈش بالىنىڭ خۇلقىنى بۇزۇشتىكى ئەڭ تەسىرلىك سەۋەبلەردۇر.

بالىغا ئىككى يۈزلىمىچىلىكنىڭ يامان ئىللەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش، ئىنتىلىش ۋە غەيرەتنىڭ كامالەتتىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش، ئۆزىدىن چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىشنى، كىچىكلەرگە مەرھەمەتلىك بولۇشنى ئۆگىتىش، كۆڭۈلدىن ھەسەت، دۈشمەنلىك، تەكەببۇرلۇق، غەيۋەت، يالغان سۆزلەش كەبى بۇزۇقلۇق ئىللەتلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا

بۈيۈك مۇھەببەت، جەسۇرلۇق، ئېتىقاد، ئادالەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىش بالىنىڭ گۈزەل ئەدەپ-ئەخلاقلىق بولۇشىدىكى مۇھىم ئاساستۇر. ئاياللارنىڭ كۆپلىرى بالىلىرىنىڭ خۇشخۇيلۇق، تەربىيىلىك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان بولسىمۇ، تەربىيە ئۇسۇلىدىن خەۋەرسىز بولغانلىقى ئۈچۈن كۆز نۇرلىرى بولغان بالىلىرىغا ياخشى تەربىيە بېرەلمەيدۇ، چۈنكى تەلىم بالىلارغا «ئۇنداق بولۇڭ، بۇنداق بولۇڭ» دەپ بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇ چوڭلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ياشلارغا دەرس بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمەلىيەت ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىش تىل بىلەن سۆزلىنىدىغان دەرسلەرگە نىسبەتەن تەسىرلىكرەك بولىدۇ.

گەرچە ئايال بالىسىغا تىلى ئارقىلىق گۈزەل نەرسىلەرنى ئۆگەتسىمۇ، لېكىن ئىش-ھەرىكىتى ناچار بولسا، ئۇ بالىغا يامان خۇلق ئۆگەتكۈچى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ياش بالىلار ئاتا-ئانىسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە تەقلىد قىلىشقا ئامراق، ئاتا-ئانىنىڭ خۇلقى بالىلار ئۈچۈن تەبىئەت ھۆكۈمىگە ئوخشايدۇ. بالىلارنىڭ ئالدىدا بۇزۇق ۋە ناچار ئىشلارنى قىلىش ئۇلارنى شۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا ئۆگىتىش بىلەن ئوخشاشتۇر. بىر-بىرىنىڭ ھۆرمىتىنى بەجا كەلتۈرمىگەن ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرى ھېچكىمنى ھۆرمەت قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇ يامان ئادەتنى ئۆز ئاتا-ئانىلىرىدىن ئۆگەنگەن.

ئەگەر بىر ئاتا بالىلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا ئانىسىغا قول كۆتۈرسە ياكى ئاتا-ئانىسىغا قاراپ ۋارقىرىسا، بالىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭمۇ ھۆرمەت، قەدرى قالمايدۇ.

مەرىپەتلىك ئانىلار، ئەقىدە، ئىنساپلىق ئاياللار تەرىپىدىن

تەربىيىلەنگەن بالىلار گۈزەل خۇلقلۇق، غەيرەتلىك، توغرا پىكىرلىك، ساق تەنلىك، ئالىي تەبىئەتلىك، تۈرلۈك خەيرلىك ئىشلارغا تەييار چوڭ بولىدۇ.

ئانا تەربىيىسىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغان ئادەملەرنىڭ بالىلىرى كۆپىنچە ھەر تۈرلۈك بۇزۇقلۇقلارغا مايىل، پايدىسىز ئادەم بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالىملىرىمۇ چىن ئالىم بولماستىن، تۈلكىگە ئوخشاش ھىيلىگەر، رىياكار، ئالدامچى، خۇشامەتگۇي، سودىگەرلىرى بولسا يالغانچى، خىيانەتكار، بايلىرى ئاچ كۆز، گادايلىرى تەكەببۇر، يالغانغا گۇۋاھلىق بەرگۈچى، شاگىرتلىرى ھۈنەرسىز، ئەخلاقسىز، خوتۇنلىرى ئەخمەق، ئىدارە قىلالماس، چوڭلىرى شەپقەتسىز، كىچىكلىرى ئىتائەتسىز بولىدۇ.

## ياخشى تەربىيە ۋە ناچار تەربىيە

بالا بەش-ئالتە ياشتىن ئاشقاندا سۆزلەشكە، كۆزگە كۆرۈنگەن، ئەقلى يەتكەن نەرسىلەرنى سوراشقا ۋە ئۇلارنى ئىنچىكە كۆزىتىشكە باشلايدۇ. كىچىك بالىلارنىڭ ھەرخىل نەرسىلەرنى كۆزىتىپ، ئۇنىڭ ئەسلىنى بىلىشكە ئىنتىلىشلىرى كۆپىنچە گۈزەل ۋە كېرەكلىك نەرسىلەر ھەققىدە بولىدۇ. يېقىن قېرىنداشلىرىمىز، دوست-بۇرادەرلىرىمىز يىراق سەپەردىن كەلگەندە ھال-ئەھۋالىمىزنى ناھايىتى مېھرىبانلىق بىلەن سورىغاندەك، بالىلارنىڭ ھەرخىل نەرسىلەرنى سوراشلىرىمۇ مەنىلىك بولىدۇ.

نەپەسلىنىدىغان ھاۋا، ئىچىدىغان سۇنىڭ پايدىسىنى، يەيدىغان نان، كىيىدىغان كىيىملىرىمىزنىڭ قانداق ئىشلار ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقىنى، قار، مۇز، يامغۇر، قىرو، شەبنەم، ئۆسۈملۈكلەر، چاقماق ۋە ھەسەن-ھۈسەنلەرنىڭ نىمىلەردىن ھاسىل بولىدىغانلىقىنى، ھايۋانلارنىڭ پايدىلىق ۋە زىيانلىقلىرىنى، قەغەزنىڭ نىمىدىن ياسىلىدىغانلىقىنى، كىتابنىڭ قانداق بېسىلىپ دۇنياغا تارقىلىدىغانلىقىنى، كېچە-كۈندۈزلەرنىڭ ئۆزگىرىپ-قىسقىرايدىغانلىقلىرىنى، كېمە ۋە پويىزلارنىڭ، باشقا ئالاقە ۋاستىلىرى ۋە تېلېگرافنىڭ قانداق قىلىپ ئادەملەرگە يېتىپ بارىدىغانلىقىنى، شامال ۋە بۇلۇتلارنىڭ ھەرىكىتىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھالارنى بالىلارغا ئويۇن ئارىسىدىمۇ، ئويۇن ئويناۋاتقاندىمۇ ئۆگىتىش مۇمكىن. ئەگەر بۇ نەرسىلەرنى بالىلار ئۆز ئانىلىرىدىن ئۆگەنسە، پۈتۈنلەي ئېسىدە قالىدۇ ۋە شۇنداق نەرسىلەرنى بىلىشكە مۇھەببىتى كۈچىيىدۇ.

تەربىيىلەشنى بىلىدىغان ئانىلار پەزىلەتلەرگە مۇھەببەت بىلەن قاراشنى، رىزالەتلەردىن نەپرەتلىنىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى بالىلارنىڭ زېھنىگە سالىدۇ، بۈيۈك ئادەملەرنىڭ كامالەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ، ئادىل ھاكىملار، ئىمانلىق سودىگەرلەر، ھۈنەرۋەنلەرنى سۆيۈملۈك قىلىپ كۆرسىتىدۇ، خەستىلىك ۋە سالامەتلىكنىڭ سەۋەبلىرىنى، مەجلىس ۋە سۆھبەتلەرنىڭ ئەدەپلىرىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ھايۋانلارنىڭ تىلىدىن سۆزلىنىدىغان ھېكايەتلەر تەربىيە ئۇسۇلىنى بىلىدىغان ئاياللار ئۈچۈن پۈتمەس-تۈگىمەس خەزىنىدۇر. ئۇلار بۇ ھېكايەتلەرنى سۆزلەش ئارقىلىق شۇ ھېكايەتلەرنىڭ ۋاستىسىدە پەزىلەت ۋە رىزالەتنى بالىلارنىڭ

كۆڭلىگە پۈتۈنلەي سىڭدۈرۈپ، ئالدىنقىسىغا مۇھەببەت قويۇش، كېيىنكىسىدىن نەپرەتلىنىش يوللىرىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بالىسى كۆزىتىپ يۈرگەن نەرسىلەردىن ئۆزى خەۋەرسىز بولغان ئانا بالىنىڭ بۇ ئادىتىدىن بىزار بولىدۇ. ئۇنى بۇ ئىشتىن توختىتىش ئۈچۈن يالغان-ياۋىداق جاۋابلارنى تېپىپ، توغرا سۆزنىڭ ئورنىغا بالىلارنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە سالىدۇ. بۇ يالغان سۆزلەر كۆڭلىگە ئورنىشىپ قالغان بالىغا كېيىنچە تەنبىھ بەرگۈچىلەر بولسىمۇ، ئۇزاققىچە ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ، شۇ سەۋەبتىن تا قېرىپ قالغۇچە بۇزۇق ۋە خاتا پىكىرلەر بالىنىڭ زېھنىدىن كەتمەيدۇ. بەزى ئانىلار بالىلىرىنى شەيتان، پەرى، دېۋە، ئەجدىھا دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن قورقۇتىدۇ. بەزىلىرى بولسا، موللا كېلىپ سېنى مەكتەپكە ئېلىپ كېتىدۇ، ئوقۇمىساڭ قۇلىقىڭنى كېسىدۇ، دېگەندەك گەپلەر بىلەن بالىلىرىنىڭ يۈرىكىنى ئالىدۇ. ئەقىلگە خىلاپ، بالىنىڭ خۇلقىنى بۇزۇشقا سەۋەب بولىدىغان يالغان-ياۋىداق گەپلەر بىلەن ئۇلارنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرىدۇ. بۇنداق تەربىيە ناچار تەربىيە بولۇپ، تەربىيىچىلەرمۇ ناچار تەربىيىچىلەردۇر. بۇ بالىلارغا ئىلىم ۋە ئىلىم ئەھلىنى دۈشمەن قىلىپ كۆرسىتىشكە سەۋەب بولىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئورۇنسىز تەربىيە سەۋەبلىك بالىنىڭ قېنى بۇزۇلىدۇ، ئىنتىلىش ۋە غەيرەت تامامەن يوقىلىدۇ، ھەر تۈرلۈك ۋەھىمىلەرگە مۇپتىلا بولىدۇ، ئاخىرىدا پايدىسىز بىر چىۋىنگە ئايلىنىدۇ. چىۋىن بولسا، ئەڭ ناچار بىر جانزاتتۇر. چىۋىن خەلقى، ۋەتىنى، ئائىلىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلالمايدۇ. بالىلارنى چىۋىن بولۇشقا ئۆگىتىش پۈتۈن ئائىلىنى، پۈتۈن مىللەتنى چىۋىنلىك دەرياسىغا غەرق قىلىش بىلەن باراۋەر. غەرب

ئالىملىرى بىر مەسىلىنىڭ تېگىگە يېتىش يولىدا قىممەتلىك ھاياتىنى ھەدىيە قىلىدۇيۇ، نېچۈن بىزلەر ئاساسىغا يەتكەن مەسىلىلەرنىمۇ توغرا چۈشىنىشكە غەيرەت قىلمايمىز؟ رۇس بايلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ ھالىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش نىيىتىدە پۈتۈن راھەتنى پىدا قىلىپ، يىغقان ماللىرىنى سەرپلەيدۇيۇ، بىزنىڭ سودىگەرلىرىمىز مىللەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا مىللەتنىڭ نامىنى ئاڭلاشنىمۇ خالىمايدۇ؟ ئىنگلىز ئالىملىرى ھۇز ۇر-ھالاۋەتتىن ۋاز كېچىپ، قاششاقلار ئارىسىغا بېرىپ ئىلىم تارقىتىدۇيۇ، نېچۈن بىزلەر ئۆز مەھەللىمىز، ئۆز خەلقىمىز ئارىسىدا بولسىمۇ ئەقىدە، ئەخلاق ئۆگىتىشكە غەيرەت قىلمايمىز؟ ياۋروپالىق بىر ئالىم يوقىلىپ كەتكەن تىللارنىڭ گىراماتىكىسىنى تۇرغۇزىدۇيۇ، نېچۈن بىزلەر ھەتتا ئۆز تىلىمىزنىڭ گىراماتىكىسىنى بىلمەيمىز؟

بىر ماجار (ۋېنگىرىيىلىك) مۇئەللىم فرانسۇز، رۇس، ئىنگلىز، ياپون، ئەرەب، پارس تىللىرىنى بىلگەنلىكىنى ئاز كۆرۈپ، ئۇفا ۋىلايىتى، دىم سەھرالىرىدىكى باشقىردلارنىڭ ئىچىدە يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تىل ئادەتلىرىنى ئۆگىنىش مۇشەققىتىنى ئىختىيار قىلىدۇيۇ، بىزلەر ھەر ۋاقىت كېرەكلىك بولغان رۇس تىلىنى نېچۈن ئۆگەنمەيمىز؟

بۇ سوئاللارغا بېرىلىدىغان جاۋاب ھەم ئوچۇق، ھەم قىسقا بولۇپ، «ئۇلارنىڭ تەربىيىلىشى ياخشى، بىزنىڭ تەربىيىلىشىمىز ناچار» دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

# ئايالنىڭ ئومۇمىي ۋەزىپىسى

ئايالنىڭ ۋەزىپىسىنى يالغۇز ئاش پىشۇرۇش، ئورۇن-كۆرپىلەرنى هازىرلاش، ئۆي سۈپۈرۈش، بالىسىنى ئېمىتىپ بۆشۈككە بۆلەشتىن ئىبارەت دەپ قارىغۇچى ئەرلەرمۇ بار. شۇنداقلا، ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلمىگەنلىكتىن ئۈستىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنى كىچىككىنە ئىشلاردىن ئىبارەت دەپ قارىغۇچى ئاياللارمۇ بار. كىچىك بىر مەملىكەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان ئائىلىنى ئىدارە قىلىش ئايال زاتىنىڭ زىممىسىدە بولغانلىقتىن ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئاز ئەمەس، بەلكى بىر مەملىكەت ئىشىدەك ئۇلۇغۋاردۇر. ئائىلە ئەزالىرىغا گۈزەل تەربىيە بەرمەك، ئائىلىدە كىرىم-چىقىمنى تەرتىپ-ئىنتىزام بىلەن تۇتماق، ئائىلە ئەزالىرىنى مۇناسىپ خىزمەتلەرگە تەيىنلەپ ئىشلەتمەك، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلسە، ئىككىلا تەرەپنى مەمنۇن قىلىدىغان دەرىجىدە كېلىشتۈرمەك، قوشنىلار ياكى باشقىلار بىلەن ئائىلە ئارىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشكەندە دوستلاشتۇرماق قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئايالنىڭ زىممىسىدىدۇر.

«ئايال پېقىرلىققا قارشى بىر ئەسكەردۇر. ۋەتىنى — ئۆي، ئىستىھكامى — تىرىشچانلىق، ئۇسۇلى — ھەربىي ئىدارە قىلىش، قورالى — يىڭنە بىلەن قايچا» دېگەن گەپ بار. ئايال يالغۇز ئەسكەرلا ئەمەس، بەلكى كېلىشتۈرگۈچى، تەربىيىچى ۋە نەسىھەت قىلغۇچىدۇر.

ئەقىللىق ئايال ئائىلە ئەھۋالىنى ياخشىلاشتا قىلچە يەڭگىللىك قىلمايدۇ، ھەر ئىشتا لايىقىدا يول تۇتىدۇ. ئېرىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ ئاتا-ئانىسىغا، قېرىنداش، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا، بۇرادەرلىرىگە ھۆرمەت-ئېھتىرام كۆرسىتىدۇ. ئېرىنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ئەسلا ئالاقە قىلمايدۇ. قولىدىن كېلىشىچە يېمەك-ئىچمەكتە تېجەشلىك بولۇپ، ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىدۇ. ئېرىنىڭ مېلىغا خىيانەت قىلماي، مۇمكىنقەدەر روزىغار يىغىدۇ. ئېرى خىزمەتتىن قايتىپ كەلگەندە ۋە ئۇنى كۆرگەندە خۇش مۇئامىلىدە بولىدۇ، ئۇنىڭغا قارشى سۆزلەشكە، ئۇنىڭ پىكرىنى چالغىتىشقا ئەسلا ئۇرۇنمايدۇ. ئېرىنىڭ بىرەر خاتا پىكرىگە كەلگەنلىكىنى بايقىغاندا، «بۇنداق دېيىلسە قانداق بولار؟» ياكى «مۇنداق دېيىلسە مۇۋاپىقراق بولارمىكىن» دەپ سەممىي مەسلىھەت سالىدۇ. ئەسلا مەسخىرە خاراكتېرىدە پىكىر يۈرگۈزۈش ئويىدا بولمايدۇ. بۇنداق قىلىش ئەسلا مەقبۇل ئەمەس. بىلدۈرگەن پىكرىنى ئېرى قوبۇل قىلسا، خۇش بولۇپ، قوبۇل قىلمىسا، ئۆپكىلىنىش (ئاچچىقلىنىش) ياكى خاپا بولۇش، دىلىدا غۇم ساقلاش ئەيىبتۇر. چۈنكى، ئائىلە سائادىتى ئۈچۈن كۆنۈ تۈن پىكىر يۈرگۈزىدىغان ئەرنىڭ بەزى ھاللاردا ئايالغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان پىكىرلەردە بولۇشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئايالىنى سۆيمەيدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

ئېرىگە ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ خاھىشىغا ئەمەل قىلىش ھەرگىزمۇ ئايالنىڭ ھۆرمىتىنى چۈشۈرمەيدۇ، بەلكى بۇ ئارقىلىق ئۇ ئۆزىنىڭ ۋاپادار، گۈزەل خۇلقلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىشلار ئايالغا نىسبەتەن ھەم ئېرىنىڭ، ھەم باشقىلارنىڭ مۇھەببىتىنى قازىنىشقا سەۋەب بولىدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئىتائەت

بىر خىزمەتچىنىڭ باشلىقىغا ياكى بىر ئەسكەرنىڭ دەرىجىسى ئۆزىدىن چوڭ بولغان كىشىگە ئىتائەت قىلىش شەكلىدە ئەمەس، بەلكى دوستىنىڭ دوستىغا، ئۆمۈر يولدىشىنىڭ يولدىشىغا ئىتائەت قىلىش شەكلىدىكى مەرھەمەتلىك بىر ئىتائەتتۇر.

زۆرۈرىيەت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك قاتارلىق نەرسىلەرنى سوراپ ئېرىنى قىيىن ئەھۋالدا قويۇش ۋە ئەكەلگەن نەرسىلەرگە رازى بولماسلىق كەيپىياتىدا بولۇشمۇ ياخشى خۇلقتىن ئەمەس، بەلكى ئورۇنسىز جاپا سېلىشتىن ئىبارەت. تەربىيىلىك ئاياللار كېرەكسىز زىننەتلەر ۋە زۆرۈر بولمىغان كىيىملەر توغرىسىدا ئۆزىنى يەڭگىلتەك ئاياللارغا تەقلىد قىلمايدۇ. ئەر ئائىلە پاراغىتى ئۈچۈن بارچە راھەتلەردىن كېچىپ يۈرگىنىدە، بالىلىرىنى تەربىيىلەش ۋە ئوقۇتۇش يولىدا ھەر تەرەپكە قاتراپ تەدبىر قىلىۋاتقان چېغىدا، بايۋەتچە ئاياللارغا تەقلىد قىلىپ ئېرىنى بىئارام قىلىش مۇناسىپ ئىش ئەمەس. بالا تەربىيىسى زامانىمىزدا مۇشكۈل مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئەگەر بىر ئايال ئېرىنىڭ بايلىقىنى ئۆزىنى زىننەتلەش يولىدا سەرپ قىلىپ ئائىلىسىنى ۋەيران قىلسا، ئۇنداق ئايالنىڭ ھالىغا ۋاي!

ئەي ھۆرمەتلىك ئايال، كىچىكىڭدە ئاتا-ئاناڭنىڭ ھىمايىسىدە بولۇپ، ئاچا-سىڭىللىرىڭ بىلەن تۇرلۇك ئويۇن-كۈلكىلەرنى قىلاتتىڭ، ئاتا-ئاناڭنىڭ پۇلىغا كىيىنەتتىڭ. ئۇ چاغلاردا كۆڭلۈڭ ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرنى سوراپ، شۇنىڭغا يارىشا جاۋاب ئالاتتىڭ، ئۇ قىزلىق ۋاقىتلىرىڭ ئىدى. ھازىر بولسا، ئۇ كۈنلەر ئارقاڭدا قالدى. قىز دوستلىرىڭنىڭ ئورنىغا يالغۇز بىر ئەر دوستۇڭ بولدى. قونچاقلىرىڭنىڭ ئورنىغا بالىلىرىڭ ئولتۇردى. ئەمدى قىزلىق دۇنياسىدىن چىقىپ، ئائىلىلىق دۇنياسىغا كىردىڭ.

كىيىم-كېچەك، ھەممىدە باشقىلارغا تەقلىد قىلىپ، ئۇ ھەقتە باش قاتۇرۇش ئەخمەق ئاياللارنىڭ ئادىتى بولغىنىغا ئوخشاش، ئەمدى بۇنداق قىلىش سەندەك ھۆرمەتلىك بىر ئانىغا مۇناسىپ ئەمەس. ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى، ھەر ۋاقىتنىڭ ئۆزىگە يارىشا بىر ئىشى بار. ئەمدى سېنىڭ غېمىڭ ئېرىڭنى رازى قىلىپ، بالا-چاقىلىرىڭ بىلەن ئۆيگە مەشغۇل بولۇشتۇر.

ئەقىللىق ئايالنىڭ ئىشى مۇنداق بولىدۇ: قۇربى يەتسە مۇلايىملىق بىلەن ئېرىنىڭ ئاچچىقىنى ياندۇرىدۇ، مۇمكىن بولمىغاندا سەۋر-تاقەت بىلەن ئىش كۆرىدۇ. ئائىلىدە ئېرىگە يولداش، ھەر ئىشتا سىرداش بولغان ھەر بىر ئايال ئېرىنى كۆيدۇرسە ياخشى ئەمەس. ئەرلەر قوپال سۆز، ئاچچىق مۇئامىلىنى باشقىلاردىن كۆرۈپ چىدىسىمۇ ئۆز ئايالىدىن كۆرسە، ئەسلا چىدىيالمايدۇ. بۇ ھال ئەرلەرنىڭ ئۆز ئاياللىرىنى يات كۆرگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى يېقىن دوست، سىرداش دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقىدىندۇر.

ئائىلە تەربىيىسى ۋە دۇنيادىكى مەۋجۇت مۇشەققەتلەر ئەرلەرنى بەزى چاغلاردا پەس كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئابرۇيىنى تۆكۈشكە ۋە بەزىدە ئاجىز كىشىلەرنىڭ ھوزۇرىدىن مەيۈس ھالدا قايتىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن كىشىنىڭ جەھلى چىقىپ، كۆڭلى پاراكەندە بولىدۇ. بۇنداق ھالدىكى كىشىلەرنى ئايىماق ۋە قولدىن كېلىشىچە ئۇنىڭغا ياردەم بەرمەك لازىم. شۇنداق ھالدا تۇرۇۋاتقان كۆڭلى پاراكەندە ئەرنىڭ چىشىغا تېگىپ، ئۇنى تېخىمۇ نارازى قىلىش كۆڭلى مەرھەمەت بىلەن تولغان ئاياللارغا ياراشمايدۇ. ئەقىللىق ئاياللار ئەرلىرى ھەتتا ئۇرۇنسىز يەردە ئاچچىقلانسىمۇ ئېغىر ئالماس.

ئەرنىڭ سەتلىكى، كەمبەغەللىكى نۇقسان ئەمەس. ئەركەك ئۈچۈن ئەڭ چوڭ نۇقسان ئىچىملىك ئىچىش ۋە يالغانچىلىقتۇر. ئەگەر بىر ئەر ئىچىملىك ئىچىش ۋە يالغانچىلىق بالاسىغا مۇپتىلا بولسا، ئۇنىڭ بىچارە ئايالىغا ۋاي، ئائىلىسىگە ۋاي! ئىچىملىك ئىچىدىغان ۋە يالغان سۆزلەيدىغانلار قۇرغان ئائىلە مىسالى سۇ ئۈستىگە بىنا قىلىنغان ئۆيگە ئوخشايدۇ. ئازغىنە بىر دولقۇن سەۋەبلىك ھېچ بىر قۇتقۇزۇش مۇمكىن ئەمەس دەرىجىدە ۋەيران بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئىچىملىككە ۋە يالغانچىلىققا بېرىلمىگەن ئەرلەرنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ئاياللار كەچۈرۈپ، ئۆزىنى ئېغىر بېسىق تۇتۇشى لازىم. ئاتا كەبى شەپقەتلىك، قېرىنداش كەبى مەرھەمەتلىك، دۇنيا مەئىشىتى ھەم ئاخىرەت سائادىتى ھەققىدە ياردەمچى بولغان ئەرنىڭ بەزى قۇسۇرلىرىدىن كۆز يۇمۇلسا تېخىمۇ ياخشى. ئەرنىڭ تۇرمۇشى ياخشى بولسا، ئايال ۋە پۈتۈن ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى ھەم ياخشى بولىدۇ، ئەرنىڭ ھاياتى خەتەرلىك بولسا، ئايال ۋە پۈتۈن ئائىلىنىڭ ھاياتى خەتەردە قالىدۇ.

بۇ ئورۇندا بەزى ئەدىبلەرنىڭ ئۆز قىزىغا سۆزلىگەن نەسىھەتلىرىدىن مۇناسىپ بولغانلىرىنى بايان قىلماقچىمىز: «نىكاھ ۋاقتىدىكى بىرىنچى ئىش بۇزۇق خۇلقلۇق ئەردىن ساقلانماقتۇر. چۈنكى، خۇلق جەھەتتىكى بۇزۇقلۇق بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن ساقلانماق پەرزدۇر. ئەگەر ئەر بىلەن قوشۇلماقچى بولساڭ، ئۇنى ئىخلاس بىلەن سۆيۈشكە ئىنتىل. ئېرىڭنىڭ خۇلقى بۇزۇق بولمىسا، سېنىڭ سۆيۈشۈڭ بىلەن ئۇمۇ سېنى سۆيىدۇ، چۈنكى مۇھەببەت مۇھەببەتنى تۇغىدۇ. سېنىڭ سۆيۈشۈڭ ھايا بىلەن بىرلىكتە بولسۇن، تەربىيىلىك ئەرلەرنىڭ ئەقلىنى رام قىلىدىغان نەرسە ھايادۇر».

«ئېرىڭ توغرىسىدا بىلگەن سىرىڭنى ساقلىغىن، قوشنا ئاياللارغا سۆزلىمە، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆپى سېنىڭ غىزىپىڭ كەلگەندە سېنى هالاك قىلىدىغان مەسلىھەت بېرىدۇ. سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولسام ئۇنداق دەيتتىم، مۇنداق قىلاتتىم دېيىشىدۇ، هالبۇكى سېنىڭ ئورنۇڭدا بولسا هېچ نەرسە قىلىش قولىدىن كەلمەس ئىدى.»

«ئەرنىڭ ئالدىدا سەت ۋە كۆرۈمسىز كىيىنىپ، باشقا جايلاردا زىيادە كىيىنىشتىن ئېھتىيات قىل. بۇنداق قىلىش تەربىيىلىك ئەرلەرنىڭ كۆڭلىگە شۈبھە سالىدۇ ۋە مۇھەببىتىنىڭ سۇنۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇڭا، ئاياللار ئۆچۈن يات جايلارغا بارغاندا، ئەڭ ياخشىسى ئاددىي كىيىملەرنى كىيىپ، ئەرلىرىنىڭ يېنىدا خۇشپىچىم بولماقتۇر.»

«ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدا بولغان مۇخالىپلىق ۋە خاتالىق يالغۇز بىر تەرەپتە بولىدۇ. ئەگەر ئۆزۈڭدە خاتالىق بولماسلىقىغا ئىنتىلسەڭ ئائىلە شاراپىتىنى ساقلاپ قالغۇچى ئايال بولىسەن».

«ئېرىڭگە تاپشۇرۇۋاتقان ياشلىق گۈللىرىڭ هەر كۈنى كېمىيىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئورنىغا هۆسن-خۇلق، ساداقەت گۈللىرىنى ئۆستۈرمەككە ئىنتىل. بۇنداق ئالدامچىلىق، خۇشامەتگۈيلۇق، زىددىيەت غالىب ئورۇندا تۇرغان زاماندا ئەرلەر ياش ئاياللاردىن كۆرە زىيادە مۇھەببەت ئىخلاسىغا ئىگە ئاياللارغا موھتاجدۇر.»

«ئەڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتىمدە يالغان سۆزلىمە دېمەكچىمەن. يالغان سۆزلىگۈچى ئايالنىڭ تەربىيىلىك ئەرلەرنىڭ ئالدىدىلا ئەمەس، بەلكى زەبۇن، بەتبەخت ئادەملەر ئارىسىدىمۇ هۆرمىتى يوقتۇر ۋە هېچقاچان بولماس.»

# ئىلىم ۋە ئايال

ئاياللار ئىلىملىك بولۇشى لازىم. بۇنى ئىنكار قىلىدىغان بىرەر مۇسۇلمان بولمىسا كېرەك. يەنە ئاياللار تەربىيە كۆرگەن بولۇشى لازىم. ئىلىملىك بولمىغان كىشى تەربىيە ئۇسۇلىدىن ئەلۋەتتە مەھرۇم بولىدۇ. ئەڭ تۆۋەن خىزمەت سانالمىش مال بېقىش ئۈچۈنمۇ بەزى نەرسىلەرنى بىلىش كېرەك بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ بالىلىرىمىزنى تەربىيىلىگۈچى ئانىلىرىمىز بىر قىسىم نەرسىلەرنى بىلىشتىن يىراق. ئەلۋەتتە بالىلىرىمىز قەدىر-قىممەت جەھەتتە تۆت پۇتلۇق هايۋانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

ئاتا-ئانىلارنىڭ ياخشى-يامان ئادەتلىرىگە تەقلىد قىلغۇچى بالىلارنىڭ ئانىلىرى نادان بولسا، بالىلىرىغا بىلىمگە مۇھەببەت ۋە ئەخلاق دەرسلىرىنى، ھەر بىر مۆمىنىنىڭ بىلىشى لازىم بولغان نەرسىلەرنى كىم ئۆگىتىدۇ؟ ئانىلار قانچىكى مەلۇماتلىق بولسىمۇ بالىلىرىنى تەربىيىلەشكە يېتىشەلمەيدۇ. مەكتەپ مۇئەللىملىرى بالىلارغا ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگەتسىمۇ ئانىلار ئۆگىتىدىغان مىجەز-خۇلق توغرىسىدىكى نەرسىلەرنى ئۆگىتەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بالا تەربىيىسى ھەققىدە بولىدىغان خىزمەتلەرنىڭ ئەڭ چوڭى ئانىلارنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ.

بالىلار خۇددى يېڭى تال نوتىسىدەك ھەر تۈرلۈك تەربىيىگە

ماسلىششچان كېلىدۇ. ئەگەر ئايال ئىلىمسىز بولسا، بۇلارنى قانداق تەربىيىلەيدۇ؟ بىر مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ تەدبىر كېرەك، ئائىلىنى ئىدارە قىلىش ئىشمۇ بۇنىڭدىن يەڭگىل ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللارنىڭ ئىلىملىك بولۇشى زۆرۈر. لېكىن ئىلىم كۆپ، ئۆمۈر قىسقا بولغانلىقتىن، ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىشمۇ مۇمكىن بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئاياللار ئانا ھەم ئايال بولۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەرنى ئۆگىنىشى كېرەك.

ئىنژېنېر بولىدىغان ئادەم گېئومېترىيە ئىلىمىنى، سائەتچى بولىدىغان ئادەم سائەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىلىمنى، تېلېگرافچى بولىدىغان ئادەم تېلېگراق ئىلىمىنى بىلىشكە مەجبۇر بولغىنىغا ئوخشاش ئانا ھەم ئايال بولىدىغان كىشىمۇ ئۆز ئۈستىگە يۈكلىنىدىغان خىزمەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەرنى بىلىشكە مەجبۇردۇر.

مۇشۇنىڭغا ئاساسەن مۇسۇلمان ئاياللىرى ئۈچۈن مەنتىق، پەلسەپە ۋە چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىشتىن ئاۋۋال ئەخلاق، ئەدەپ-قائىدە، ئۆي ئىچىدە بولىدىغان تەرتىپلەر، ئوقۇش، يېزىش ۋە ئۆي تۇتۇش، ئائىلىنى ئىدارە قىلىش ئىلىملىرىنى بىلىشى كېرەك بولىدۇ.

دۇرۇس ئېتىقاد ۋە زۆرۈر قائىدىلەر بۇزۇق خۇلقنىڭ داغلىرىنى يۇيىدۇ. بۇنىڭغا (دۇرۇس ئېتقاد ۋە زۆرۈر قائىدىلەرگە) ئەمەل قىلغان كىشىلەر ئۇلۇغۋارلىق كۆڭلىكىنى كىيىدۇ، سەبىر ئۈنچىلىرى بىلەن تىكىلگەن رازىلىق قالپىقىنى بېشىغا كىيىدۇ، قانائەت سىرغىلىرىنى قۇلاقلىرىغا ئېسىپ، پۈختىلىق بىلەن ئىتائەت ئۈزۈكلىرىنى بارماقلىرىغا تاقاپ، باللار

تەربىيىسى ھەم ئۆي خىزمەتلىرىنى ئەتىرگۈلدەك بېزەپ سائادەتكە ئېرىشىدۇ. بۇنداق ئاياللىك يېنىدا رۇچىلد (چوڭ بانكىر، 18 - ئەسىردە ئۆتكەن) نىڭ بايلىقى ھەم مىسىرنىڭ ۋالىيسى يىپ ئېشەلمەيدۇ.

ئەخلاق ئىلمى ئاياللار ئۈچۈن ھەممىدىن زۆرۈر. ئەگەر ئاياللار گۈزەل خۇلقلۇق بولسا، پۈتۈن ئائىلىنىڭ راھىتىدۇر. ئەگەردە ئەخلاقسىز بولسا، پۈتۈن ئائىلىنى خاراب قىلغۇچىدۇر. ئاياللار تەۋرىسە ئۇنىڭ سەۋەبىدىن ئۆيلەر ۋە شەھەرلەر ۋەيران بولىدۇ. ئاياللار كۈچىسە، شەھەرلەرنى ئىگىلىگىلى بولىدۇ.

ئاش پىشۇرۇش، كىيىم تىكىش، ئائىلە تەربىيىسى ۋە قول ھۈنەرلىرىنى بىلىش ئاياللار ئۈچۈن كامالەت ھېسابلىنىدۇ. كونىلار: «ھۈنەر بىچارىلىكتىن ساقلايدۇ» دەيدۇ. ئەگەر بىر ھۈنەرلىك ئايال ئېرىدىن تۇل قېلىپ باللىرى يېتىم بولسا، ئېغىر كۈنلەردىمۇ ئۆزىنىڭ ھۈنىرى سايىسىدا كوچىدا قالمايدۇ.

ئائىلە باشلىقى بولغان ئايال قول ھۈنىرىنى بىلسە، ئۆينىڭ بايلىقى يوق يەرگە سەرپ بولمايدۇ. ئەرمۇ ئېھتىياجى بولغان نەرسىلەرنى تىكتۈرۈش ۋە يامىتىش ئۈچۈن يات كىشىلەرنىڭ ئالدىغا بېرىشقا موھتاج بولمايدۇ. بۇ ئاياللار ئۈچۈنمۇ ياخشى ئىشتۇر. قول ھۈنىرىدىن مەھرۇم بولغان ئايال ئۆمرىنى قانداق ئۆتكۈزىدۇ؟ ئۇخلاش ۋە بوشاڭلىق بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزۈش ياكى ئىشسىز قېلىش ناھايىتى مۇشكۇل-مۇشەققەتكى، بۇنداق ئازاب دۇنيادا يوق. ھالبۇكى ئىشلەش قاننىڭ يۈرۈشۈشىگە، تەننىڭ سالامەتلىكىگە، يېيىش-ئىچىشنىڭ، ئۇيقۇنىڭ لەززەتلىك بولۇشىغا پايدىلىق بولىدۇ.

ئايالنىڭ ئۆز ئېرىنى خۇشال قىلىدىغان ۋاقتىنىڭ قانداق

ۋاقىت ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ بۇ شۇنداق ۋاقىتكى، ئايالنىڭ ئۇچۇق چىراي بىلەن بالىلىرىغا ئەدەپ-ئەخلاق توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ تۇرغان ياكى ئولتۇرۇپ قول ئىشى قىلىۋاتقان ۋاقتىدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئۆينى ئىدارە قىلىش ئىلمى ئاياللار ئۈچۈن كېرەكلىك ئىلىمدۇر.

ئۆينى ئىدارە قىلىش ئىلمىنى بىلىپ، شۇنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن مەشغۇل بولۇش، ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى بۇزۇق پىكىرلەردىن، ئىسراپچىلىق قىلىپ ياسىنىش كەبى ئىللەتلەردىن پاكلايدۇ، ئېرىنىڭ نەزىرىدە ھۆرمىتىنى، بالىلىرىنىڭ ئالدىدا مەرتىۋىسىنى ئاشۇرىدۇ، خۇلقىنى تۈزىتىدۇ.

مۇشۇ كۈنلەردە ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلىش ئاسان بولغانلىقتىن ھەممىلا ئادەم ئۇنى ئۆگەنمەكتە. شۇنداق ئىكەن، ئائىلىدە ھۆرمەتلىك ئىشتا بولغان مۆھتەرەم ئايال ئۈچۈن بۇنىڭدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىش ئەيىب ھېسابلىنىدۇ.

ئوقۇش، يېزىشنى بىلگەن ئايال ئائىلىدە ھەر تۈرلۈك پايدىلىق رىسالىلەرنى ئوقۇيدۇ. تارىخ، جۇغراپىيە ۋە ئەدەبىياتتىن خەۋەردار بولىدۇ. ئەستە تۇتۇش لازىم بولغان ۋەقەلەرنى دەپتەرگە يېزىۋالىدۇ، ئېرى سەپەردە بولسا، ئۇنىڭغا خەت يازىدۇ، ئۇنىڭدىن كەلگەن خەتلەرنى ئوقۇيدۇ. ئۇششاق سۆزلەپ غەيۋەتكە بېرىلىش ئەيىبىدىن خالاس بولىدۇ. بۈيۈك ئالىملارنىڭ سۆزلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئېرىگە ئىلىم جەھەتتە تەڭداش، دۇنيا سەپىرىدە ھەمراھ بولالايدۇ.

كىتاب خىلۋەتتە سىرداش، يالغۇزلۇقتا دوست، ھەسرەتلەرگە بەرھەم بەرگۈچىدۇر. ئۇ كۆڭۈللەرگە زىيا بەخش ئېتىدۇ. زىياسىز دوست ۋە قائىدىسىز يولداش بولغان ئاياللار ئۈچۈن كىتاب ئوقۇش

ئەلۋەتتە پايدىلىق. ئوقۇش ئۈچۈن كىتاب تاللاش خۇددى دوست تاللاشتەك مەسئۇلىيەتلىك بولۇپ، بەزى كىتابلار ناچار دوستلاردىنمۇ زىيانلىق بولىدۇ.

نۆۋەتتە كەلگەندە سالامەتلىك قائىدىلىرىدىن ۋە بىمارنى كۈتۈش نىزاملىرىدىن ئازراق بولسىمۇ خەۋەردار بولۇش ئاياللار ئۈچۈن پايدىسىز بولمايدۇ. چۈنكى بىمارلارنى كۈتۈشتە ئاياللارنىڭ ماھارىتى ئەرلەردىن ئارتۇق بولىدۇ. بولۇپمۇ باللار ئاغرىسا ئانىلارنىڭ پۈتۈن زىكرى ئۇلاردا بولۇپ، ھەتتا ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇيدۇ. ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تۈرلۈك زەخمەتلەرنى چېكىدۇ.

ساقلىقنى ساقلاش قائىدىلىرىدىن خەۋىرى بولغان ئايال بۇ ۋاقىتتا باللىرىغا زور ياردەم قىلالايدۇ. بىمارنى كۈتۈش قائىدىلىرىنى بىلىدىغان ھەربىر ئايال چالا تېۋىپلاردىن ئارتۇق ئىشلارنى قىلالايدۇ. ئۇنىڭ يۇمشاق سۆز ۋە مۇلايىم ھەرىكىتى بىمارنىڭ كۆڭلىگە راھەت بېغىشلايدۇ. سالامەتلىك قائىدىسىنى بىلگۈچى ئانىلار يېيىش-ئىچىشتە، كىيىنىشتە پايدىلىقلىرىنى زىيانلىقلىرىدىن پەرقلەندۈرەلەيدىغانلىقى سەۋەبلىك باشقىلارغا نىسبەتەن بۇلارنىڭ باللىرى سالامەت بولىدۇ.

# چىراي ۋە ئايال

ئاياللارغا خاس بولغان نەرسىلەرنىڭ بىرسى چىرايدۇر. چىراي ئىككى قىسىم بولۇپ، بىرى زاھىرى—سىرتقى

چىراي، يەنە بىرى باتىنى— ئىچكى چىرايدۇر. ئادەم بالىسى ئۈچۈن ئەڭ ئەزىز ۋە كامالەت ھېسابلىنىدىغان نەرسە ئەقىلدۇر. قۇياش دۇنيانى نۇرلاندۇرۇپ تۇرغانغا ئوخشاش ئەقىلمۇ ئادەم بالىسىنىڭ پىكرىنى نۇرلاندۇرىدۇ، زېھنىنى ئاچىدۇ، توغرا يولغا باشلايدۇ. سىرتقى چىراي ئۆتكۈنچى بولۇپ ھەر كۈنى كېمىيىپ تۇرىدۇ. ئىچكى چىراي ھەر كۈنى ئارتىپ-كۆپىيىپ تۇرغۇچى مەڭگۈلۈك كامالەتتۇر.

ئەقىل ئۆز ئىگىسىنى بۈيۈك مەرتىۋىلەرگە كۆتۈرىدۇ. ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ سۆھبىتى كۆڭۈللەرگە راھەت بېغىشلايدۇ، ھەسرەتلەرگە تەسكىن بېرىدۇ. ھەركىم ئۇنى جان-تېنى ۋە ئىخلاس بىلەن سۆيسە، سۆزى قۇتلۇق زاتلارنىڭكىگە ئوخشاش نوپۇزلۇق بولىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن ئائىلىلار ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ ئەقلىنى تەربىيىلەپ، ئۇنى ئاشۇرۇشقا ئىنتىلىشى كېرەك. ئەقىللىق ئايال ھەر قانداق سىرتقى چىراينىڭ كۆپىدىن مەھرۇم قالسىمۇ ھۆرمىتى ھەر كىمنىڭ كۆزىدە بولۇر. چۈنكى ئەقىل ھەر قانداق ئەيىبنى ياپىدۇ.

ئۇلۇغ ئالىملاردىن بولغان بىر زات ئۆيلىنىش تەرەددۇتىدا بولغاندا، دوستلىرى تەرىپىدىن ئوخشاش ياشتىكى ئىككى قىز كۆرسىتىلىپ: «بىرىنىڭ كۆزىدە كەمچىلىكى بار، لېكىن ئەقىللىق، ئىككىنچىسىنىڭ ئەقلى بىرىنچىسىدەك دەرىجىدە بولمىسىمۇ غايەت گۈزەل، قايسىسىنى خالايسىز» دېگەندە، ئۇ: «ئەقىللىقنى» دېگەن ئىكەن. سىرتقى چىراي بىر خىل ھەدىيە بولۇپ، بۇ ھەدىيىگە ئىگە بولغان ئايال بۇنىڭ بىلەن تەكەببۇرلىشىپ كەتمەي، بەلكى ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش لازىم.

ئەگەر سىرتقى چىراي ئۇنىڭ دەرىجىسى سەۋەبىدىن بولسا سۇنئىي، يارىتىلىشى سەۋەبىدىن بولسا، تەبىئىي چىراي دېيىلىدۇ.

سۇنئىي چىراي دېگەندە، يۈز، قول، بويۇنلىرىنى ئاق، قىزىل بوياقلاردا بوياش، چاچنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىش، قاشلارنى تېرىش ئارقىلىق ئىگە بولىدىغان گۈزەللىك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ خىل نەرسىلەر ئادەمگە ھۆسن قوشالمايدۇ، بەلكى سالامەتلىككە زىيان يەتكۈزىدۇ.

ئەرلەرگە گۈزەل كۆرۈنۈش ئۈچۈن بۇنداق بوياقلاردا بويالغۇچىلار ئالدىنىدۇ. چۈنكى تەربىيىلىك ئەرلەر چۈشىنىدىغان گۈزەللىك بۇنداق بوياقلار ئەمەس، بەلكى تازىلىقتۇر. دۇنيادا ئەرلەرنىڭ ياخشى كۆرمەيدىغىنى پاكىز يۈرمەيدىغان ئايالدۇر. بۇنداق ئايال ئېرىنى سەۋدايىلارچە ياخشى كۆرسىمۇ ئەرنىڭ كۆڭلىنى ئالالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايال ئۆز يېقىنلىرى ۋە دوستلىرىنىڭكىگە قانداق سۈپەتتە بارسا بارسۇن، ئەمما ئېرىنىڭ ھوزۇرىدا مۇتلەق گۈزەل سۈرەتتە ۋە پاكىز ھالەتتە بولمىقى لازىم.

تەبىئىي چىراي سالامەت تەنلىك، پاك كۆڭۈللۈك، ئۈستۈۋېشى ئاددىي بولسىمۇ پاكىز، ئەقلى جايىدا، ئىتائەتلىك بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئەگەر بىر ئايالدا مەنىۋى چىرايىنىڭ ئۈستىگە تەبىئىي چىرايمۇ بولسا، ئەلۋەتتە نۇر ئۈستىگە نۇر بولىدۇ. ئالتۇن ۋە باشقا قىممەتلىك مەدەنلەر تۇپراق ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقىنىدەك بىزنىڭ تەربىيە بېرىشكە تېگىشلىك ئاياللىرىمىز ئەل ئارىسىدا كۆمۈلۈپ تۇرىدۇ. يېزا ـ قىشلاقلاردىكى قىزلارغا زۆرۈر دەرىجىدە تەربىيە بېرىلسە، ئۇلاردىن ئەڭ قىممەتلىك مىللەت ئانىلىرى چىقار ئىدى.

# بولغۇسى ئايال

بىر-بىرىنىڭ تەبىئەت ۋە خۇلقىنى ياقتۇرمىغان كىشىلەر ھەتتا بىر-ئىككى چاقىرىملىق يەرگىمۇ بىرگە بارالمايدۇ. شۇنداق ئىكەن بۇ دۇنيا سەپىرىدە بىر-بىرىگە ئۆمۈر يولدىشى بولىدىغان ئەر-ئايالنىڭ تەبىئىتى بىر-بىرىگە مۇۋاپىق بولمىسا، دۇنيا سەپىرىنى قانداق داۋاملاشتۇرىدۇ، قانداق قىلىپ بىر جان، بىر تەن بولالايدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن سەپەرداش، ئۆمۈر يولدىشى بولىدىغان ئايالنىڭ ھالىنى ئازراق بولسىمۇ بىلىش لازىم بولىدۇ.

بولغۇسى ئايال پاك نەسەبلىك، گۈزەل ئەدەپلىك، ئەقىللىق، تېنى سالامەت، ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ ھۇزۇرىدا تەربىيە ئالغان، ئانىلار ۋە ئاياللارنىڭ زىممىسىدە بولغان ۋەزىپىلەردىن خەۋەردار، دۇنيانىڭ ئاق-قارا كۈنلىرىدە جورىسىغا ياردەم قىلىدىغان بولۇشى كېرەك. كېلەچەك كۈنلەرنىڭ مەئىشەتلىرىنى گۈزەل تەرتىپ بىلەن تۈزۈش ئىنسانلار ئۈچۈن زۆرۈر بولغىنىغا ئوخشاش خوتۇن ئېلىشتىمۇ بۇ تەرتىپتىن چەتكە چىقىش مۇۋاپىق ئەمەس. باللارنىڭ تەربىيىلىك، ئىتائەتلىك بولۇشىنى ئارزۇ قىلمايدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىدە پىشقان، ئىتائەتلىك بىر ئانا تاللاش كېرەك. چۈنكى تەربىيىسىز ئاياldىن گۈزەل خۇلقلۇق بالا چىقىشى ناتايىن.

تەربىيىلىك ئايال ئەقىللىق ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە رام قىلالايدۇ. ئەرلەر ئاياللاردىن رازى بولسا ۋە كۆڭلى ئۇلارغا باغلانسا

بۇ ئىشتىن كېلەچەكتە زور مەنپەئەت ھاسىل بولىدۇ. كۆڭلى ئائىلىغا باغلانغان ئەر قەيەرلەردە بولمىسۇن نومۇسسىزلىققا بېرىلمەيدۇ. ئۆز كۆڭلىدە ھۆرمەتلىك بولغان ئائىلىغا خىيانەت قىلىشنى ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. كۆڭلى ئائىلىغا باغلانغان كىشى ئۆمرىنى ناباب يەرلەردە ئۆتكۈزۈش ئەمەس، ھەتتا ئادەتتىكى سورۇنلاردا ئىسراپ قىلىشنىمۇ خالىمايدۇ. ئۇنىڭ بارلىق راھىتى ۋە سەرپ-خىراجىتى ئۆز ئائىلىسىدىكى زۆرۈر نەرسىلەر ئۈچۈن بولىدۇ. ئۇ ۋنىسىز يەرلەردە يۈرۈپ سالامەتلىكىنىڭ ئاساسى بولغان ئۇيقۇسىدىن قالمايدۇ ۋە بەدىنىنىڭ قۇۋۋىتىنىمۇ زايە قىلمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئائىلىنىڭ گۈزەل ئېتىقادى ئېرىنىڭ ئالدىدا مەھكەم بولىدۇ. ھەمايىچىم ۋە پاكىز ئېرىم دېگەن ئېتىقادنى ئائىلىنىڭ كۆڭلىدە شەكىللەندۈرۈش لەززىتىنى، ئىپپەتلىك ئەر بولماقلىقنىڭ ۋە ھامىيلىقنىڭ بۈيۈك بىر مەرتىۋە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، شۇنداقلا ساپ ھەم ئىپپەتلىك ھامىي ئەر بولىدۇ.

ئەقىللىق ۋە نىيىتى دۇرۇس ئەر ئائىلىغا پۈتۈن دۇنياسىنى بېغىشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھېچقاچان ئىپپىتىنى نابۇت قىلماي، جېنىنى پىدا قىلىدۇ. ئائىلىنى يامان پىكىرگە ئېلىپ كېلىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ. تەربىيىلىك ئائىلىغا ئەر بولغان ئادەم ئائىلىنى تالاق قىلىدىغان ياكى ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر خوتۇن ئېلىپ مەئىشەت تەرتىپىنى بۇزىدىغان ئىشلارنى قىلمايدۇ. ئەمما بولغۇسى ئائىلىنىڭ تەربىيىلىك ياكى ئەمەسلىكىنى، مۇلايىم ياكى ئەمەسلىكىنى، جازىبىلىك ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىش ئاسان ئەمەس. بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە بولغۇسى ئائىلىنىڭ تەربىيىسىنى بىلىش بولۇپ، سىرتقى گۈزەللىكنى بىلىش ئىككىنچى ئورۇندىكى ئىشتۇر. نىكاھ قىلىش نىيىتى پۈتۈلگەندە بولغۇسى

ئايالىنىڭ يۈزىنى، قولىنى، چېچىنى كۆرۈشكە شەرىئەت يول قويىدۇ. ئەمما، پەقەت مۇشۇلارنى بىلىش بىلەنلا ئىنساننىڭ مىجەز-خۇلقىنى تامامەن بىلىش مۇمكىن ئەمەس. كۆپلىگەن كىشىلەر كۆرگەنلىرى ۋە بىلگەنلىرىنى ئەتۇر تەرىپلەپ، باشقىلارنىڭ مەئىشتىنى بەربات قىلىشنى قوش ئۈۋسىنى تۇزۇتقانچىلىك ھېساب قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىش ئالدىنىش بىلەن باراۋەر.

بولغۇسى ئايالىنىڭ ئەھۋالىنى ئىنساپلىق ۋە ئىشەنچلىك كىشىلەر ئارقىلىق بىلىش لازىم. بۇنداق ئادەملەر ئارقىلىق بولغۇسى ئايالىنىڭ تەربىيە ۋە ئەخلاقىنى بىر قەدەر چۈشىنىش، جورا تېپىش ھەققىدە بەزى مۇشكۇللەرنى يېشىش كېرەك. سۇتنى سېغىپ ئىچىش ئۈچۈن سىيىر ئالغان ئادەممۇ ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن باشقا ئۇنىڭ خۇي-پەيلىنى ئەتراپتىكىلەردىن سۈرۈشتۈرىدۇ. سەپەرگە چىققان ئادەم بىر كۈن بولسىمۇ كېمە ۋە پويىزلاردا ياتىدىغان ئورنىنىڭ گۈزەل بولۇشىنى ئىستەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن قولاي ئورۇن تېپىشقا تىرىشىدۇ.

شەھەرگە بېرىپ ئىككى، ئۈچ كۈن مېھمان بولماقچى بولغان ئادەم تۇرىدىغان جاينىڭ تىنچ، ئازادە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇ مەقسەتتە تۇرار جاي تاللايدۇ. شۇنداق ئىكەن، پۈتۈن بىر ئۆينى تەرتىپ قىلماقچى، شادلىق ۋە ھەسرەتلەرگە بەرھەم بولماقچى، بالىلىرىنى تەربىيە قىلماقچى، ھەربىر قۇلۇپ-زەنجىرلەرنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتۇپ تۇرغۇچى ئايالنىڭ ھالىنى ۋە تەبىئىتىنى بىلىش ئۈچۈن مۇشەققەت چېكىش، زەخمەت تارتىشقا توغرا كەلسە ئەيىب ئەمەس.

ئەرلەر بىرقانچە جەھەتلەردە ئاياللاردىن ئارتۇق، ھەتتا

ئاياللارغا موھتاجسىز دەرىجىدە تۇرۇپمۇ بولغۇسى ئاياللىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە مەجبۇر بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، ئاياللارنىڭ ئۆزى سېغىنىدىغان ئەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى نىكاھتىن بۇرۇن، ئىختىيار قولدىن كەتمىگەن چاغدا بىلىشى تولىمۇ مۇھىم.

ئەر بولغۇچى كىشىنىڭ مال-دۇنياسى، كىيىم-كېچەكلىرى گۈزەل بولسىلا ھېساب ئەمەس، مۇھىمى ئۇنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئائىلىسى، ئاتا-ئانىسىنى بىلىش كېرەك. ئاتىلىرى سېمىز، ھارۋىلىرى زىننەتلىك، ئۈستىۋېشى ياخشى يىگىتلەرنىڭ كۆپلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىنىڭ ئەخلەت مىسالى ئەرزىمەس ئىكەنلىكى مەلۇم. بۇنداقلاردىن ياخشىلىق كۈتكىلى بولمايدۇ.

تېۋىپلار ھايۋانلاردىكى كېسەللىك ۋە ئۆلۈم ئەھۋاللىرىنى دەلىل قىلىپ يېقىن قېرىنداش، نەسىلداشلار ئارىسىدا قىز ئېلىپ، قىز بېرىشنى مۇۋاپىق كۆرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نىكاھتا بۇنىڭغا ئېتىبار بېرىلسە، يامان بولمايدۇ. ئەخلاقىقا ئائىت بەزى كىتابلىرىمىزدا بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بايانلارمۇ بار.

## نەسەب جەھەتتىكى ئوخشاشلىق

ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدا ئائىلە نىزامىغا ئاساسەن قۇرۇلغان بىرلىك ۋە مۇھەببەت ھەر ئىككىسىنىڭ نەسەب جەھەتتە بىر-بىرىگە ماس كېلىشىگە مۇناسىۋەتلىك. بۇنداق بولمىغاندا نەسەب جەھەتتە يۇقىرى بولغان تەرەپ تۆۋەن بولغان تەرەپنى ھېسابقا ئالمايدۇ. ئەر بىلەن ئايال ھەر ۋاقىت بىر-بىرىنىڭ ھەقلىرىگە

رىئايە قىلمىسا، ئىككىسى ئاخىر ئازاب-ئوقۇبەتتە بەختسىز بولىدۇ.

كۆپ ساندىكى كىشىلەر بولغۇسى ئاياللىرىنىڭ ياكى بولغۇسى ئەرلىرىنىڭ بايلىقىدىن باشقىلارغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بۇنداق قىلىش ئائىلە قۇرۇشتىكى يېڭىلىقلارنىڭ ئەڭ ئېغىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئاچچىق ئاقىۋىتى ئاز كۈن ئىچىدە ئاشكارىلىنىدۇ.

نەسەب جەھەتتىكى ئوخشاشلىق قانداق نەرسىلەردە ئىپادىلىنىدۇ؟ ئاددىي خەلققە نىسبەتەن نەسەب جەھەتتىكى ئوخشاشلىق مال-مۈلۈك ھەم مەنسەپ كەبى نەرسىلەردە، مەرىپەت ئەھلىلىرىگە نىسبەتەن تەربىيە جەھەتتىن ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىر-بىرىگە باراۋەر بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ئاددىي خەلققە نىسبەتەن، دېھقاننىڭ ئوغلى باققالنىڭ قىزىغا نەسەب جەھەتتىن باراۋەر بولمىغىنىدەك، مەرىپەت ئەھلىلىرىگە نىسبەتەن، مەنسەپدارنىڭ قىزى ئازدۇر-كۆپتۇر كىتابتىن باشقا ھېچ نەرسىسى بولمىغان، ئىلىملىك ۋە تەربىيىلىك ئىلىم شەيداسىغا نەسەب جەھەتتىن باراۋەر بولۇش شارائىتىدىن مەھرۇمدۇر.

تەربىيە دېمەكتىن مەقسەت شىلەپە كىيىش، يۈزىگە ئاق-قىزىل بوياقلارنى سۈرتۈش، كۆزەينەك تاقاپ، سايىۋەن كۆتۈرۈش، تىياتىرغا بېرىش، چوڭ سەللە ئوراپ باشنى سىلىپ ئولتۇرۇش، ناھايىتى ئاز نەرسىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ كۆپ نەرسىنى بىلىدىغان قىياپەتتە كۆرۈنۈش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئېتىقاد-ئەقىدە جەھەتتە پاك بولۇپ، نەقەدەر بىچارە، نام-ئاتاقسىز بولسىمۇ ئىلىم ۋە پەزىلەتتە ئۆزىنى تەربىيىلەپ باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

پېقىر، لېكىن تەربىيىلىك بىر قىزغا چوڭ سودىگەر ياكى چوڭ سودىگەرنىڭ بالىسى نەسەپ جەھەتتە ماس ئەمەس، بۇنداقلار

تەربىيىلىك قىزلارغا ئەر بولۇش ئەمەس ھەتتا مۇلازىم بولۇشقىمۇ يارىمايدۇ.

مەئىشەت دۇنياسىدىن لەززەت تاپقان كىشىنىڭ بۇ كۈندە ھەمىينى ئالتۇنغا تولغان بولسىمۇ، يالاڭ ئاياغ كوچا كېزىپ يۈرگۈچى قىلىقسىزلاردىن پەرقى بولماس، چۈنكى بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇمۇ شۇنداقلارنىڭ بىرى بولىدۇ.

بەزى كىشىلەر بايلىققا ھېرىسمەن بولغىنى ئۈچۈن ئۆزلىرىگە تەربىيىسىزلەرنىمۇ ئىختىيار قىلىدۇ. لېكىن، بۇنداقلارغا «ئائىله ئۈچۈن دوست ئىختىيار قىلدى» دېگەندىن كۆرە، «پۇل ھېسابىغا ۋىجدانىنى ساتتى» دېيىش مۇۋاپىقتۇر.

راھەتنى بېرىپ پۇل تېپىشتىن ياكى راھەتسىز بايلىق ئارتتۇرۇشتىن نېمە پايدا بار؟ دۇنيادا سالامەتلىك بىلەن كۆڭۈل راھىتىدىن ئارتۇق بايلىق يوقتۇ. ئائىله شەرىپىنى ساقلىغۇچى ئايال دۇنيانىڭ قانداق ئېغىرچىلىقىغا ئۇچرىسىمۇ ئېرىگە خىيانەت قىلماس، بالىلىرى ھەم نەسىللىرىنىڭ يۈزلىرىنى يەرگە قاراتماس.

ئائىلىگە ئاتا بولماق ھەم قول ئاستىدىكىلەرگە سايىۋەن بولماق مەرتىۋىسىنى بىلگۈچى ئەر ئەزىز ئۆمرىنى ھەرگىزمۇ بىكارغا ئۆتكۈزمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم نىكاھ ۋاقتىدا ھەر ئىككى تەرەپ بار نەرسىدىن باشقا ئۇشبۇ سۆزلىگەنلىرىمىزگە دىققەت قىلىشى كېرەك. ياش يىگىت، ياش قىزلار ئارزۇلىرى بۈيۈك بولغانلىقتىن بۇ ھەقتە گۈزەل پىكىر قىلىشقا بەلكى ئۈلگۈرمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭغا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ دوست-بۇرادەرلىرى ئېتىبار بېرىشى كېرەك. بولغۇسى ئايالنىڭ گۈزەللىكىدىن ۋە بولغۇسى ئەرنىڭ بايلىقىدىن باشقا تەرەپلەرگە كۆپ ئېتىبار قىلىنمىغان ياكى كەمچىلىكلىرى نۇقسان دەپ قارالمىسا، ھەر ئىككى تەرەپمۇ خاتا

قىلىدۇ.

ئائىلە شەرىپىنى ساقلىيالمىغان ياكى ئېرىدىن تۇل قالغىنىدا بالىلىرىنى تەربىيىلەشكە كۈچى يەتمىگەن، پىشۇرۇپ يېدۇرۇش، ئىچۈرۈش، كىيىم تىكىش ۋە ياماش قاتارلىق ئىشلار قولىدىن كەلمىگەن ئايالنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئائىلە ئۈچۈن قانداق پايدىسى بار؟

ئايالى ۋە بالىلىرى سۆھبىتىدىن قېچىپ ئىچىملىككە بېرىلىپ كەتكەن، بارلىق بايلىقىنى ئەمەل ھەم شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارغا سەرپ قىلغان ئەرنىڭ بايلىقىنىڭ نېمە پايدىسى بار؟

پۈتۈن جاھان خەلقى پۇل بېرىپ راھەت ئېلىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا بۇنداق ئەرنى ئىختىيار قىلغۇچى ئايال راھەت سېتىپ پۇل ئالغان بولۇر.

تەربىيە كۆرگەن قىزلارنىڭ يامان نام ئېلىپ قالغان يىگىتلەرگە بېرىلگەنلىرىمۇ بولىدۇ. بۇنداق يىگىتلەرنىڭ بۇزۇقلۇقلىرىنى ئاتىلىرىنىڭ بايلىقلىرى بىر ئاز پەردىلەپ تۇرسىمۇ كېيىنچە بۇ پەردە ئېچىلىپ، يىگىتنىڭ ھالى مەلۇم بولۇر. شۇلارغا مۇپتىلا بولغان قىزلار ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ئېتىبارسىزلىقلىرى سەۋەبىدىن بىر ئۆمۈر قايغۇ-ھەسرەت تارتىدۇ.

## ياش جەھەتتە مۇۋاپىقلىق

ھەر نەرسىنىڭ تەبىئىي بىر ئۆلچىمى باردۇر. ئۆلچەمسىز ئىش ھېچ ۋاقىت پايدا بەرمەيدۇ. نىكاھنىڭمۇ مەلۇم ۋاقتى بولۇپ،

ئۇنىڭدىن بۇرۇن ياكى كېيىن قېلىش يا تېببىي، يا ئەخلاق جەھەتتە نىسبەتەن زىيانلىقتۇر. نىكاھ ۋاقتىدا ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدا ياش ئېتىبارىغا قاراپ مۇۋاپىق بولۇش تەبىئىي بىر ئىشتۇر. تەبىئەتكە خىلاپ بولغان نىكاھ ھەقىقىي نىكاھ بولماي، بەلكى پەقەت رەسىم-قائىدىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق نىكاھلارنى نىكاھ دېيىشتىن كۆرە، نىزا ۋە ئۈكۈنۈش ياكى بولمىسا تىجارەت دېيىش مۇۋاپىقتۇر. مەسىلەن، قېرى بىر ئادەم بايلىقى سەۋەبىدىن ياش بىر قىزنى نىكاھلاپ، پۇلىنىڭ كۈچى بىلەن بىر قىزنىڭ كۆڭلىنى ئەمەس، بەلكى ياشلىقىنى سېتىپ ئالىدۇ. بۇ ئىش قانۇنىي جەھەتتىن خىيانەت بولمىسىمۇ، ئەخلاقىي جەھەتتىن خىيانەتتۇر. قېرى بىر ئادەم بىلەن ياش بىر ئادەمنىڭ تەبىئەتلىرى ئارىسىدا تەبىئىي خىلاپلىق بولغىنى ئۈچۈن ئوتتۇرىدا بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق بولمايدۇ.

نىكاھ ئۈچۈن تەبىئىي بولغان ياش ئەرلەر يىگىرمە بىلەن قىرىق ئارىسىدا، قىزلاردا ئون سەككىز بىلەن ئوتتۇز ئارىسىدىدۇر. بۇندىن كېيىن ۋە بۇرۇن بولغان نىكاھلار پايدىسىز بولىدۇ. ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدىكى پەرق ئون ياشتىن ئارتۇق بولماسلىقى كېرەك. پەقەت زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىنلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇشى مۇمكىن. ئىتتىپاقتىن مەھرۇم بولغان ئائىلە پەقەت نامدىلا ئائىلە بولۇپ، ھەقىقەتتە ئائىلە ئەمەستۇر.

ئۆلۈمنىڭ ۋاقتى مەلۇم ئەمەس. ياشلارنىڭ جىنازىلىرىنى قېرىلار ئۆزىتىپ بارغان ئەھۋاللار كۆرۈلسىمۇ، ئۆلۈم نۆۋىتى ياشلاردىن ئاۋۋال قېرىلارغىدۇر. بۇنداق بولغان ئەھۋالدا، ئەللىك ياشلىق ئادەمگە تەگكۈچى ئون سەككىز ياشلىق قىز ئون يىلدىن كېيىن بىر ئىشقا يارىمايدىغان قېرى بىلەن كىچىك باللارنىڭ

مۇشەققەتتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. تېۋىپلارنىڭ تەجرىبىسىگە قارىغاندا سالامەت بەدەنلىك، قۇتلۇق كىشىلەرنىڭ باللىرى كۆپ ۋاقىت سالامەت بولۇپ، قېرى كىشىلەردىن تۇغۇلغان باللار خەستە، زەئىپ بولىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن شۇنداق ئايالنىڭ باللىرى خەستە، زەئىپ بولسا، بىچارە ئايال زەخمەت ئۈستىگە زەخمەت چەككەن بولىدۇ ۋە دۇنيادا قانچە ياشىسا، شۇنچە بالادىن بېشى بوشىمايدۇ.

# توي

توي كۆپىنچە ئۆمۈردە بىر قېتىم بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مۇراسىم شاد-خۇراملىققا چۆمگەن بولىدۇ. ئەگەردە ئىسراپ چېگرىسىدىن چىقمىسا زىيىنى يوق. ئادەتتىن تاشقىرى چوڭچىلىق قىلماق ياكى شەرىئەت يولىدىن چىقىپ كېرەكسىز ھالدا مال-دۇنيا سەرپلىمەك مۇناسىپ ئىشلاردىن ئەمەس. قانداق توغرا كەلسە، شۇنداق مال سەرپ قىلماق مەردلىك بولمىغىنىدەك، ئادالەتسىزلىك بىلەن مال تۆكمەكتىن ساقلانماقمۇ بېخىللىق ئەمەس. بېخىللىق ۋە مەردلىكنىڭ مىزانلىرى بار. مىزانغا سېلىپ تارتىلغاندىن كېيىن بېخىللىق بىلەن ئىسراپ بىر-بىرىدىن ئايرىلىدۇ.

ئەقىللىق كىشى پەقەت ئاۋامنىڭ مەدھىيىسىنى ئاڭلاش ئۈچۈنلا ئۆز مالىنى نابۇت قىلماس. مەئىشىتى يار بەرمىگەن ھالدا باشقىلارغا تەقلىد قىلىپ سەرمايىسىنى سورۇۋەتمەس. بۇ سۆزلەردىن مەقسەت قازان شەھىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ

تويلىرىدىكى ئىسراپچىلىقلىرىنى مەنئىي قىلماق ئەمەس. بىزنىڭ ئاجىز قەلىمىمىز ئۇلارغا نىسبەتەن ۋائىزلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتۆيەلمەس. بىزنىڭ مەقسىتىمىز بۇنداقلار توغرىسىدا قازانلىقلارغا تەقلىد قىلماق مۇناسىپ ئەمەس ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشتۇر. چۈنكى، ھەر قانداق ئەقىللىق كىشىنىڭ ئىشى بارچە خەلق ئۈچۈن تەقلىدكە سالاھىيەتلىك بولۇپ كەتمەس. روسىيە مۇسۇلمانلىرى دېگەندە قازان شەھىرىدىكى بايلار ۋە باي سۈرىتىدە كۆرۈنگۈچى زاتلار ئەمەس، بارلىق مۇسۇلمانلار نەزەردە تۇتۇلىدۇ. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى قىشلاقلاردا ياشاۋاتقان ساپ كۆڭۈللۈك، قانائەتلىك، مېھنەتكەش، ئوچۇق يۈز بىلەن خىزمەت قىلغۇچى، كىبىر، تەكەللۇپسىز ئادەملەردۇر. بىزنىڭ يازغانلىرىمىز ۋە نەسىھەتلىرىمىز شۇلار ئۈچۈندۇر. بۇلار قىممەتلىك ۋە ھۆرمەتلىك ئادەملەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە زەرەرسىز خۇلقلىرىنى شۇ گۈزەللىكىدە ساقلىماق لازىم.

تويدا ئادەتتىن تاشقىرى مال ئىسراپ قىلماق بىلەن ياخشى نام چىقسا ئىدى، ئابباسىيلار خەلىپىلىرىدىن مەئمۇننىڭ دەبدەبە بىلەن بولغان توينىڭ ياخشى نامى قالغان بولار ئىدى. ھالبۇكى، مەزكۇر توي مەئمۇن تارىخىنىڭ بەزى تەرەپلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىشىغا سەۋەب بولغان ئىدى. تويلاردا يالغۇز شانۇ شۆھرەت ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان بايلىق قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئىستىقباللىرىنى تەمىنلەش ئۈچۈن ياكى ئىلىم، مىللەت پايدىسىغا سەرپ قىلىنسا ئەڭ گۈزەل بىر ئىش بولۇر ئىدى.

ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىرگە قوشۇلۇپ تىرىكچىلىك قىلىشقا باشلىماقلىقلىرى كىچىك ھادىسىلەردىن ئەمەس. لېكىن، بۇنىڭغا ئادەملەر كۆنۈكۈپ كەتكەنلىكلىرىدىن كۆپ ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ.

بۇنىڭ مۇقەددىمىسى بولسا قانۇنىي بولغان نىكاھ ھەمدە نىكاھ ۋاقتىدىكى تويدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن نىكاھ توي ۋاقتىدا ئەر بىلەن ئايال ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى، بارلىق دوست-بۇرادەرلىرى ئىخلاس بىلەن ئاللادىن خەير سورىماقلىرى لازىم. بۇ كەبى ئەھمىيەتلىك سائەتلەرنى ئېتىبارغا ئالماي، بارچە يامانلىقلارنىڭ مەنبەسى بولغان ئىچىملىكلەرنى ھازىرلاپ، ئىچىشبازلىق مەجلىسى قۇرماق توينى بۇلغاشتۇر.

چۈۋاش خەلقى ئېكىن ئىشلىرى ئۈچۈن تۇنجى قېتىم دالاغا چىققانلىرىدا ئۆز ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ئاساسەن توۋا-ئىستىغپار، ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرگە ئائىلە تەشكىل قىلىش كەبى ھەم ئەقىل، ھەم شەرىئەت نەزىرىدە ھۆرمەتلىك بولغان توي مەجلىسلىرىنى ئىچىملىك كەبى كېرەكسىز نەرسىلەر بىلەن ئۆتكۈزۈشنى نانكورلۇق دەپ بىلىدۇرلەر.

ئىچىملىك ئىچىلىپ تەشكىل قىلىنغان ئائىلىنىڭ خۇشۋاخ ھايات كەچۈرمىكى ھەمدە بۇنداق نىكاھتىن تۇغۇلغان بالىلارنىڭ تەۋپىقلىق بولغانلىرى ئاز ئۇچرايدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن، يارىماس ئىشلار بىلەن توي قىلغۇچى ئاتا-ئانىلار، ئۇرۇق-تۇغقانلار كۆزلىرىنىڭ نۇرى بولغان بالىلىرىنىڭ بەختسىزلىكلىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى ۋەھشىيلەردۇر. ئادەم بالىسىنىڭ بۇنداق ئاتا-ئانىسى، ئۇرۇق-تۇغقىنى بولغاندىن كۆرە بولمىغىنى ياخشىراقتۇر.

# نىكاھ تويى

نىكاھ تويى — ئارىلىرىدا نىكاھ بولغان ئەر بىلەن ئايالنىڭ دەسلەپكى مەرتەم كۆرۈشمەكلىرىدۇر. رەپىقە بولمىش ئايال بىلەن كۆرۈشكەندە شەپقەتۇ ئېھتىرام بىلەن سالام بەرمەكلىك، مۇلايىم، ئوچۇق چىراي بىلەن سۆزلەشمەكلىك ئەدەپتۇر. ھەممىدىن ئەۋزىلى ئەر بىلەن ئايال ئىككىسى ناماز ئوقۇپ، ئاللادىن خەيرلىك مەئىشەت، ھالال رىزىق ۋە ئېزگۇ تۇرمۇش سوراپ تىلەك تىلىسە گۈزەل بولۇر. خۇسۇسەن بۇ ۋاقىت ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۆڭلىگە مۇلايىملىق تەسىر قىلۇر. تىلەك تىلىمەك ئۈچۈن بۇنداق چاغلار غەنىيمەتتۇر.

ئايالغا ئۇنىڭ يېقىنلىرىنىڭ غەيۋەتلىرىدىن، نىكاھ ۋاقتىدا تۇغقانلار ئارىسىدا بولغان بەزى مۇناسىۋەتسىز ۋەقەلەرنى تىلغا ئېلىشتىن، مېھر-مۇھەببەتنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە مال-مۈلۈكنىڭ ئازلىقىدىن، باشقىلارنىڭ تويىنىڭ شۆھرىتى ۋە مال-مۈلۈكنىڭ كۆپلۈكىدىن، باشقا ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ئەرلىرىگە بولغان ھۆرمەتلىرىدىن سۆز ئېچىش ياخشى ئەمەس، چۈنكى بۇ سائەتلەر ئاياللارنىڭ ئابرۇيىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئەمەس، بەلكى كۆڭۈللىرىگە تەسكىن بېرىلىدىغان ۋاقىتتۇر. نومۇسلۇق كىشى بۇنداق نەرسىلەر ھەققىدە توي ۋاقتىدىلا ئەمەس باشقا ۋاقىتلاردىمۇ ئايالىغا سۆزلىمەس، ھەتتا ئۆمۈر بويى ئارىدا

ماجىرا چىقارماس. توي مۇراسىمى ۋە باشقا ۋاقىتلاردا كۆپ كۈلۈش ياكى دائىم ئاچچىقى كەلگەندەك تۇرۇش، باشقا ئاياللارنى ماختاشمۇ تەربىيىلىك ئەرلەرنىڭ ئىشى ئەمەس.

توي مۇراسىمى ۋاقتىدا يېقىنلاردىن بىرەرسىنىڭ قىزىنى ئۆزىنىڭ ھامىيىسى بولغان ئېرىنىڭ يېنىغا باشلاپ كىرىش مۇناسىپ بىر ئىشتۇر. لېكىن، بۇ ۋاقىتتا نامەھرەم كىشىلەرنىڭ بىرگە بولۇشى ياكى بىرنەچچە قىزلارنىڭ ياسىنىپ-تارىنىپ قىز بىلەن كۈيئوغۇلنىڭ يانلىرىدا ئولتۇرۇشلىرى مۇۋاپىق ئىش ئەمەس. چۈنكى، ئادەم بالىسى ئۆيلىنىشكە تەبىئىتى ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن مەجبۇر بولسىمۇ، ئەسلى مەقسەت ئىپپەت بىلەن ياشاش ۋە كۆڭۈلنى تەربىيە قىلىشتۇر. كۆپ ئەندىشە، كۆپ مۇشەققەتلەر بىلەن تىندۇرۇلغان بولغۇسى ئايالنىڭ كۆڭلى گەرچە مەلۇم جەھەتتىن ئاشۇ قىزلارنىڭ تاماشاغا كەلگەنلىكىدىن سۆيۈنگەندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى كۆرۈپ يېرىم بولغۇسى. بەلكى، ئاشۇ سائەتتە بولغۇسى كۈيئوغۇلنىڭ كۆڭلى ئىككىنچى بىر قىزغا باغلىنىپ قېلىشى ۋە شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۆز ئايالىنىڭ ھۆرمىتى سۇسلاپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل ئادەتنى توغرا دەپ بولمايدۇ ۋە ئۇنى تۈگىتىش كېرەك.

## ئۆيلىنىش ۋە مۇھەببەت

بۇ دۇنيادا ئادەم بالىلىرىنى بىر-بىرىگە مەھكەم باغلاپ، پۈتۈن جامائەت تەشكىل قىلدۇرغان نەرسە ئېھتىياجدۇر. ھاياتتا

بىر-بىرگە موھتاج بولۇش ئادەم زاتىنىڭ مەدەنىيەت يارىتىشىغا سەۋەب بولغاندۇر. لېكىن، ئەر بىلەن ئايالنى بىر-بىرگە باغلاشقا قانداق نەرسە سەۋەب بولىدۇ؟

ئەر بىلەن ئايالنى بىر-بىرگە باغلىغۇچى نەرسە مۇھەببەتتۇر. ئەگەر ئۆيلىنىش بىر كۆۋرۈككە ئوخشىتىلسا، مۇھەببەت كۆۋرۈكنى مەھكەملىگۈچى مىخلارغا، ئەگەر ئۆيلىنىش بىر بىنا قۇرۇلۇشىغا ئوخشىتىلسا، مۇھەببەت ئۇنى مۇستەھكەملىگۈچى ئاھاكقا ئوخشىتىلىدۇ. مۇھەببەت بولغان يەرگە پاراۋان تۇرمۇش ھەم مەدەنىيەت، بولمىغان يەرگە خارابلىق كېلۇر.

پۈتۈن دۇنيانىڭ نىزامى مۇھەببەت بىلەن بىرگىدۇر. ئادەم بالىسىغا پەزىلەت كەلتۈرگۈچى، خۇلقىنى كۆركەم قىلىپ، ئەقلىنى تەربىيە قىلغۇچى نەرسىمۇ مۇھەببەتتۇر. مۇھەببەت ئادەم بالىسىنى ھەر تۈرلۈك زىلالەتلەردىن پاك قىلىدۇ.

ئەڭ يېقىملىق ۋە زۆرۈر بولغان مۇھەببەت ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدا بولغان مۇھەببەتتۇر، چۈنكى بىر-بىرلىرىگە مۇھەببەتلىرى بولغان ئەر بىلەن ئايال دۇنيانىڭ راھەتلىرىدىلا ئەمەس، ھەتتا مېھنەتلىرىدىمۇ ئۆمۈرلىرىنى سائادەتلىك ئۆتكۈزىدۇ. مۇھەببەت پاك ۋە ساپ بولۇش شەرتى بىلەن ئەر-ئايالنى بىر-بىرگە يېقىنلاشتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ خۇلقىنى گۈزەللەشتۇرۇپ، ئەقىللىرىنى تەربىيىلەيدۇ، بىر-بىرگە مۇھەببەتلىك بولغان ئەر بىلەن ئايال ئائىلىسىنى، ھەتتا قوشنىلىرىنىمۇ نارازى قىلمايدۇ. لېكىن، مۇھەببەت ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئەر بىلەن ئايالنىڭ شەخسەن بىرمۇنچە ئۆلۈشلىرى بولۇشى كېرەك. ئەگەر بۇ ئىككى يۈرەك بىر-بىرگە ئىنتىلىدىغان بولسا يوق مۇھەببەتنىمۇ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، ئەسلىدىن بار بولسا، مۇستەھكەملىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىر-بىرىگە ئىنتىلمىگەن ھالدا، «ئارىمىزدا مۇھەببەت يوق» دەپ شىكايەت قىلغۇچى ئەر بىلەن ئايال ھەقلىق ئەمەس. بۇنداق ھال يۈز بەرگەندە ھەر ئىككى تەرەپ ئەسلىي سەۋەبنى بىلىپ، ئائىلىنى تىكلەشكە ئىنتىلىشلىرى لازىم. سەۋەب ھەققىدە يېزىشتىن مەقسىتىمىز سۆيكۈچلىتىش ياكى تۇمار يېزىپ ئېلىپ يۈرۈش ئەمەس، بۇنداق نەرسىلەردىن ھېچقانداق پايدا يوقتۇر. بىزنىڭ مۇرادىمىز ئەخلاق ئالىملىرى تەرىپىدىن مۇھەببەتنىڭ سەۋەبلىرى دەپ كۆرسىتىلگەن نەسىھەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈش كېرەك دېمەكتۇر.

ئەخلاق ئالىملىرىنىڭ نەسىھەتلىرى مۇنداق: ئەر ئەگەردە ئايالىنىڭ مۇھەببىتىنى ئارزۇ قىلسا، ئۇنىڭ خۇلقىنى تەربىيىلىسۇن، چۈنكى مېۋىلىك دەرەخلەرمۇ تەربىيىگە موھتاج بولغىنىدەك، ئاياللارمۇ تەربىيىگە موھتاجدۇر. ئايالمۇ بىر مېۋىلىك دەرەختۇر. ياخشى مېۋە بەرمىگەندە دەرەخنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىگىسىگە تەنبىھ بەرگەن كەبى، ئايالمۇ ناچار بالا تەربىيىلىسە، ئېرىگە تەنبىھ بېرىلىدۇ.

ئەر ئايالىنىڭ تەبىئىتىنى ياخشى بىلىپ شۇنىڭغا ئاساسەن ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. ئاياللارنىڭ ئاچچىقى تېز رەك كېلىدۇ، ئېچىمۇ تارراق بولىدۇ. كۆپىنچە ئۆيۈنى چىن دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا ئىللىق مۇئامىلە قىلىپ، كەمچىلىكلىرىدىن كۆز يۇمۇشقا، ئۇلار بىلەن دەتالاش قىلماسلىققا، ئاچچىق سۆز ئىشلەتمەسلىككە، تەبىئىتى ئېغىر، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان بولۇشقا مايىل بولۇش، ئورۇنسىز كونىلەچىلىك قىلماسلىق، ھەممىلا نەرسىنى سۈرۈشتۈرۈۋەرمەسلىك، ئەپۇچان بولۇش كېرەك، چۈنكى بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ ئايال ئالدىدىكى ھۆرمىتىنى يوقىتىدۇ، ئارىغا

سوغۇقچىلىق سالىدۇ، ئۆينىڭ تەرتىپ-ئىنتىزامىنى بۇزىدۇ.
ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى جەلپ قىلغۇچى نەرسە ئۇلۇغۋارلىق بىلەن
شەپقەتتۇر. ئەر ئىچىملىك ئىچمىسۇن، قىمار ئوينىمىسۇن،
قورقۇنچاق، يۈرەكسىز بولمىسۇن، يوق ئىشلارنى بار قىلىپ
خوتۇن، بالىلىرىنى تاشلاپ يۈرمىسۇن، ئايالى تەرىپىدىن
كۆرسىتىلگەن مۇھەببەتكە بىلمىگەندەك مۇئامىلە قىلماي، ياخشى
جاۋاب قايتۇرسۇن.

ئەر ئايالىنى كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك توغرىسىدا
ئادەتتىن تاشقىرى نەرسىلەرگە، ئىسراپچىلىقلارغا
ئادەتلەندۈرمىسۇن، ئاز خىراجەت ۋە ئاز نەرسىلەرگە ئۆگەتسۇن،
چۈنكى زىننەت، لەززەت ۋە ئىچىملىككە بېرىلگەن كىشى ھەمىشە
ئۇنىڭ ئۈچۈن مەبلەغ توپلاش نىيىتىدە بولىدۇ (نەتىجىدە يامان
يولغا كىرىپ قالىدۇ—تەييارلىغۇچىدىن).

ئايالىنىڭ خۇلقى ھەر ۋاقىتتا ئەرنىڭ خۇلقىغا تەۋە
بولغانلىقتىن ئايالىنى تەربىيىلەشكە كىرىشكەن ئەر ئەڭ ئاۋۋال ئۆز
خۇلقىنى تەربىيىلىسۇن. ئايال ئەگەر ئېرىنىڭ مۇھەببىتىنى ئارزۇ
قىلسا، ئۆزىنىڭ ئاللا ياراتقان مەۋجۇدات ئىچىدە ئەڭ گۈزىلى
ئىكەنلىكىنى خاتىرلەپ، ھەر ۋاقىت پاك بولۇشنى ئادەت قىلسۇن.
چۈنكى، ناپاك ئايال مۇھەببەتكە سازاۋەر ئەمەس. پاكلىقنى ئادەت
قىلمىغان ئايال ئېرىگە گويا «مېنى سۆيمە، چۈنكى مەن سۆيۈملۈك
شاراپەتتىن مەھرۇممەن» دېگەندەكتۇر.

ئېرى يوق ۋاقىتتا ياكى باشقا جايغا بارغاندا ئاددىي كىيىملەر
بىلەن بولۇپ، ئېرىنىڭ ھوزۇرىدا گۈزەل كىيىملەر بىلەن
زىننەتلىنىپ يۈرسۇن. ھۆسن ۋە زىننەت ئەرلەرنىڭ مۇھەببىتىگە
سازاۋەر بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ. ئەر بىلەن ئايال بۇلارغا رىئايە

قىلسا، مۇھەببەتلىك بولىدۇ.

## ئەرلەرنىڭ ۋەزىپىسى

گۈزەل مۇئامىلىلىك بولماق ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بىرىنچى قائىدىلىرىدىندۇر. گۈزەل مۇئامىلىنىڭ ئەڭ زور قىسمى ئايال بىلەن بولىدىغان مۇئامىلىدۇر. ئاياللار دىنىمىز نەزىرىدە ھۆرمەتلىك بولۇپ، ئۇلارغا رىئايە قىلغۇچى ئەرلەرمۇ ئەڭ ھۆرمەتلىك ئەرلەردۇر. قۇرئانى شەرىپ ئاياللار بىلەن گۈزەل مۇناسىۋەت قىلىشقا بۇيرۇغاندۇر. مەزكۇر پەرماننى بەجا كەلتۈرمەك ھەربىر مۇسۇلماننىڭ زىممىسىگە چۈشىدىكى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ئايالىغا زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى ھازىرلاشقا ۋە ئايالىنى ھەربىر ئېغىرلىقلاردىن ساقلاشقا بۇرچلۇقتۇر. بۇنداق مۇئامىلىدە بولغۇچى ئەرنىڭ دۇنياسى تۈزۈك، ئاخىرىتى راھەت بولۇر.

ئايالىغا گۈزەل مۇئامىلە قىلغۇچى ئالىي تەبىئەتلىك ئەرلەر شەرىئەت ھەم ئەقىل تەرىپىدىن مەنئى ئېتىلگەن نەرسىلەرگە ئاياللىرىنى يولاتمايدۇ ۋە ئەڭ ئەزىز بالىسىغا بولغان مېھىر-شەپقىتى دەرىجىسىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئايالىنى بارلىق مۇشەققەتلەردىن ساقلايدۇ، ئۇلارنى قۇربى يەتمىگەن خىزمەتكە بۇيرۇمايدۇ. ئاياللىرىمىز ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ئەزىز بالىلىرى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنىڭ قارىلىرى بولغان ھالدا ئۇلاردىن ئايرىلىپ بىزلەرگە يار بولماقتىلار ۋە ھەربىر ئىشارەتلىرىمىزگە تەييار

تۇرماقتىلەر. بىرىنچىدىن، ئائىلە نىزامىغا رىئايە قىلىش، ئىككىنچىدىن، بىزلەرگە ياراش ئۇچۇن كىچىسى ئۇيقۇسى، كۇندۇزى راھەتلىرىنى پىدا قىلىپ بالىلىرىمىزنى پەرۋىش قىلماقتا، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ غەيرەتلىرىگە تايىنىپ بىزنىڭ كۆپ خىزمەتلىرىمىزنى قىلۇرلەر. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئىزگۇلۇكلىرىدىن كۆز يۇمۇپ، ئۇلارنى ياخشى مۇكاپات بىلەن تەقدىرلەش ئورنىغا يامان مۇئامىلە قىلىدىغان بولساق، ئەرلەر توگول، ئاددىي ئىنسانچىلىققىمۇ مۇناسىپ بولمىغان قاباھەتلەرنىڭ ئەڭ چوڭىنى قىلغان بولىمىز. بۇ سۆزلەردىن مەقسەت، ئەقىل ۋە شەرىئەت يول قويغان رەۋىشتە ئاياللارغا گۇزەل مۇئامىلە قىلىش كىرەك ئىكەنلىكىنى سۆزلىمەكتۇر. ئايال بىلەن بولىدىغان مۇئامىلە ھەددىدىن ئۇشۇق ياكى ھەددىدىن تۆۋەن ئەمەس، ئادالەت بىلەن بولۇش كىرەك. تەربىيىلىك ئەر ئايالىغا گۇزەل مۇئامىلىدە بولۇش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىنى ھەم ساقلاپ قالۇر، ئۆزى ھۆرمەت قىلىش بىلەن ھۆرمەتكە ئېرىشىشنىمۇ بىلەر. ئىشلىرىدا ئايالى بىلەن مەسلىھەت قىلار، قەيەرگە بارسا بارىدىغان يىرىنى بىلدۇرۇپ قويار، شۇنداق قىلسا، تاسادىپەن بىرەر ھادىسە بولۇپ قالسا، خەۋەر بېرىشتە ئايالىغا قولايلىق بولۇر. ئېرىنىڭ مەسلىھەتى ۋە ئۆزىنى بىلدۇرۇپ يۇرۇشتىن رازى بولغان ئايال ئېرىنىڭ مۇھەببىتىدىن ئەمىن بولۇر، شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆزىمۇ ساداقەتلىك بولۇر.

ئاياللار قىرلاردا يۇرگۇچى ھايۋانلار كەبى ئەقىلسىز ھەم مەسلىھەتكە قابىلىيەتسىز ئەمەستۇر. بەزى ئاياللار باركى، ئەگەر ئەقىللىرى مىزانىغا سېلىنسا كۆپ ئەرلەردىن غالىب كېلىدۇ. «ئەبۇ بەكىر رەزىياللاھۇ ئەنھۇ (خۇدا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) نىڭ

ئوغۇللىرى قىزلىرىغا ئوخشاش ئەقىللىق بولسا ئىدى، ھەزرەت ئۆمەر جانابلىرىغا قارىغاندا خەلىپىلىككە كۆچلۈك بولار ئىدى» دېيىشىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئايال تەرىپىدىن بېرىلگەن پىكىر توغرا دەپ قارالمىسا، ئەر ئۇچۇن بۇنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى مۇناسىپ دەلىل كەلتۈرۈپ ئىسپاتلاپ بېرىش لازىمدۇر. بۇنداق بولغاندا ئايال، بىرىنچىدىن، ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچى ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىدىن، ئىككىنچىدىن، خاتا پىكىر ئېيتقانلىقىدىن ئىككى تۈرلۈك پايدا كۆرگەن بولىدۇ.

ئېرىنىڭ شەپقەت قانىتى ئاستىدا بولغانلىقىنى بىلگۈچى ئايال ئېرى ھەققىدە ھەممىگە ياخشى پىكىر ئېيتىدۇ ۋە دائىم ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش ئۈمىدىدە بولىدۇ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن، بارلىق تۇغقانلىرىدىن ئارتۇق سۆيىدۇ، ئۇنىڭ شەپقىتىگە نىسبەتەن ھەم ئالدىدا، ھەم كەينىدە خىزمىتىنى غەنىيمەت بىلىدۇ.

ئۆي ئىچىدىكى چىنە-چەينەك، ئىدىش-ئاياغ ۋە باشقا نەرسىلەر سۇنغاندا ئەرنىڭ ۋەزىپىسى ۋارقىراش-جارقىراش ئەمەس، بەلكى بىلمىگەنگە سېلىپ تۇرۇشتۇر. تاسادىپەن چوڭ ئىدىش سۇنۇپ ئايال ئۆزى كېلىپ «مېنىڭ نۇقسانىمدىن بولدى» دەپ ئۆزرە سورىسا، ئەر «خۇدايىم بۇنىڭدىن چوڭ قازالاردىن ساقلىسۇن، بېشىمىز ئامان بولسا مال تېپىلار، ئەمدى بۇنىدىن كېيىن دىققەت قىلىشقا تىرىشىڭ» دەپ مۇلايىم سۆزلەر بىلەن نەسىھەت تەلەپپۇزىدا تەربىيە بەرمىكى لازىم. ئادەتتە شۇنداق مىجەزلىك بولغان ئەرلەرنىڭ ئاياللىرى ئالدىدا ھۆرمىتى ئاشار ۋە مەرتىۋىسى ئۆسەر.

ئاياللار ئەرلەرنىڭ قىيىناشلىرىدىن ئەمەس ئەپۇلىرىدىن، سۆركىلىشلىرىدىن ئەمەس چىرايلىق نەسىھەتلىرىدىن قورقىدۇ.

لېكىن، بۇ قورقۇش قويلارنىڭ بۆرىلەردىن قورقۇشلىرى كەبى دۈشمەنلىك قورقۇشى ئەمەس، بەلكى مۇھەببەت ۋە ھايا بىلەن بىرىككەن قورقۇشتۇر.

ئەرلەر بوش ۋاقىتلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ قانداق نەرسىلەر ۋە مۇئامىلىلەرنى سۆيۈپ-سۆيمەيدىغانلىقلىرىنى، بالىلارنى قانداق تەربىيە قىلغانلىقلىرىنى، دوستلار ۋە دۈشمەنلىرىنىڭ ھاللىرىنى ئاياللىرىغا ئاز-ئاز بولسىمۇ بىلدۈرۈشى كېرەك. بۇنداق قىلىش ئاياللارنىڭ خاتالىقلاردىن ساقلىنىشىغا سەۋەب بولار. ئەمما، ئادەم بالىسى ئۇنتۇش ۋە خاتالىشىشتىن خالىي بولمىغانلىقتىن شەرىئەتكە خىلاپ بولمىغان خاتالىقلارنى ئەپۇ قىلماق زور ياخشىلىق بولۇر. ئەگەر ئايال شەرىئەت يول قويمايدىغان خاتا ئىش قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلىش ئەلۋەتتە توغرا بولمايدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئەر مەزكۇر ئىشنىڭ ئەيىب ئىكەنلىكىنى ئايالىغا بىلدۈرسۇن، ئەگەر بۇنىڭ ئۈنۈمى بولمىسا ئايالىنىڭ يېقىنلىرىغا مەلۇم قىلىپ ئۇلاردىن ياردەم سورىسۇن. ئەمما، ئاغزى بۇزۇق، جېدەللەشكەن، ئىچى يامان زاتلارغا شىكايەت قىلىش كەبى ئىشلاردىن ساقلانماق ھەممەتتىندۇر.

ساھابىلەردىن بىرى ئايالىدىن شىكايەت قىلىش ئۈچۈن شۇ ۋاقىتنىڭ خەلىپىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھۇزۇرىغا بارغاندا خەلىپىنىڭ ئايالىنىڭ خەلىپىگە جاۋاب قايتۇرغىنىنى ئاڭلاپ يولىدىن قايتىپ كېتىدۇ. خەلىپە ھەزرەتلىرى بۇ ئادەمنى كۆرۈپ قېلىپ چاقىرىپ كېلىدۇ-دە، نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەتكىنىنى سورايدۇ. ساھابە: «ئەي، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى، ئايالىم ئاچچىق سۆزلۈك بولغانلىقتىن ھەزرىتىڭىزگە شىكايەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدىم، لېكىن ئايالىڭىزنىڭ سىزگىمۇ جاۋاب قايتۇرغىنىنى

ئاڭلاپ، بۇ قايغۇدىن خەلىپىنىڭ ئۆزىمۇ ئامان ئەمەس ئىكەن، دەپ قايتىپ كېتىۋاتاتتىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنىڭغا نىسبەتەن خەلىپە ھەزرەتلىرى «ئەي قېرىنداش! ئايالىرىمىز ئۆيلىرىمىزنى سۈپۈرۈپ-سۈپۈرىدۇ، كىيىم تىكىپ ئۈستىمىزگە كىيدۈرىدۇ، يېمەك-ئىچمەكنى ھازىر قىلىدۇ، كىرلىرىمىزنى يۇيىدۇ، بالىلىرىمىزنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرىدۇ، قايغۇلۇق سائەتلىرىمىزدە كۆڭلىمىزگە تەسەللى بېرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئۈستىمىزدە ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ئەجىرلىرى بار. دىنىمىزغا زىيان كەلتۈرمىگەن ھالدا ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن بەزى ۋاقىتلاردا ھۆرمىتىمىزنى بەجا كەلتۈرۈش جەريانىدا بىرەر كەمچىلىك سادىر قىلسا، ئۇنى ئەپۇ قىلىش كېرەك ئەمەسمۇ؟» دېگەن ئىكەن. ساھابە ئۆيىگە كېلىپ ئۇشبۇ ۋەقەنى ئايالىغا سۆزلەپ بەرگەن ئىكەن، ئايالى بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئېرىگە ئىتائەت قىلىشقا ئەھدە قىپتۇ.

ئاياللار ئەرلىرى تەرىپىدىن ھەر ۋاقىت ھۆرمەت كۆرۈشكە لايىق بولسىمۇ، لېكىن ئېغىر ئاياغ ۋاقىتلىرى ۋە تۇنجى بالىسى تۇغۇلغاندا يەنىمۇ ئارتۇق ھۆرمەت كۆرۈشكە لايىق بولىدۇ. بۇ كۈنلەر ئاياللار ئۈچۈن مۇشەققەتلىك، ئېغىر كۈنلەر سانىلىدۇ.

ئاياللار ئەڭ ئېغىر بالالارغا سەۋر قىلسىمۇ ئۆز ھەقلىرىنىڭ پايخان قىلىنغانلىقىغا رازى بولمايدۇ ۋە بۇنى ئېغىر مەسخىرە ھېسابلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايالنىڭ ھەققىنى پايمال قىلماسلىق كېرەك. ئايالنىڭ ھەققى ئادا قىلىنسا، ئائىلىنىڭ شاراپىتى ساقلىنار ۋە ئايال شاد ھەم سالامەت بولۇر. ئايالنىڭ ئىپپەتلىك بولۇشىنى ئىستىگەن ئەر ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى ئىپپەتلىك بولسۇن.

ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلمىگەن كىشىنى ئەر دېمەك توغرا ئەمەس.

پاھىشىخانىلاردا يۈرگۈچى، قىمار ئويناپ بايلىقى ۋە قىممەتلىك ئۆمرىنى نابۇت قىلغۇچى كىشىنىڭ ئائىلە باشلىقى بولمىقىدىن زەررىچە پايدا كۆرۈلمەس. ئائىلە باشلىقلىرىدا بولغان يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا بۇزۇقلۇقلار باللىرى ۋە ئەۋلادلىرىغا مىراس قالار. بۇنىڭ نەقەدەر زور بەتبەختلىك ئىكەنلىكىنى ھەر كىم ئۆز ئەقلى بىلەن بىلسە كېرەك.

## تالاق ۋە ئاجرىشىش

تۇرمۇش قۇرۇش ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئائىلە تەشكىل قىلىپ، بىرلىكتە ياشاش، بىرلىكتە بالا ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۆزئارا قۇرغان ئەھدە-ئىتتىپاقلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، تالاق ۋە ئاجرىشىش ئۇشبۇ ئىتتىپاقلىقنى بۇزۇشتىن ئىبارەتتۇر.

ئائىلە تەشكىل قىلىپ بىر جان-بىر تەن بولۇپ بىرلىكتە ياشاش ئۈچۈن بىرىنچى شەرت، ئائىلە قۇرۇۋاتقانلار ئارىسىدا بىرلىكنىڭ بولۇشىدۇر. چۈنكى، تۇرمۇش قۇرۇش بىر-ئىككى كۈنلۈك سەپەر ئەمەس، بەلكى ئۆمۈر بويى بىر-بىرىگە يولداش بولۇشتىن ئىبارەتتۇر. تەبىئىيكى بىرلىك بولمىسا بىرگە ياشىماق مۇمكىن ئەمەس. ئۆمۈر بويى بىر-بىرىگە گىنە-ھەسەت قىلىپ ياشاش ۋە بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىش ئۈچۈن ئىنسان باللىسىنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەردە ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئارىسىدا بىرلىك بولمىسا، ئۇنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن ھەرقانچە ھەرىكەت قىلسىمۇ ئۈمىد كۆرۈلمىسە، بىر-بىرىدىن ئاجراشماقلىرى

ھەققىدە شەرىئەت تەرىپىدىن رۇخسەت بېرىلىدۇ. بىر-بىرىگە زىت بولغانلىقلىرىدىن كۆڭلۈك ئازاب ئىچىدە ياشىغاندىن كۆرە شەرىئەت يولى بىلەن ئاجراشماق ۋە ھەربىرى ئۆز بەختلىرىنى سىناپ كۆرمەكنىڭ مۇناسىپ ئىكەنلىكىگە شۈبھە يوقتۇر. تالاق ۋە ئاجرىشىش ئىنسانلار ئارىسىدىكى تەبىئىي بىر ئىش بولۇپ، ھەر قانداق قوۋم، ھەر قانداق مىللەتتە مەۋجۇتتۇر. بەزى خەلقلەر ئارىسىدا ئاجرىشىش قانۇنىي ئاساستا بولمىغان ھالەتتە بولسىمۇ، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى بۇنى قانۇنلاشتۇرغان.

بەزى ھاللاردا ئەر بىلەن ئايالدىن بىرى بۇزۇق يولغا كىرىپ بەتاملىق يۈز بېرىدۇ، ئۇنىڭدىن ئادەملەر نەپرەتلىنىشكە باشلايدۇ. شۇ سەۋەبتىن پۈتۈن نەسلى-نەسەبى مەسخىرىدە قالىدۇ. بۇنداق بالالار يۈز بەرگەندە ئاجرىشىش يولى بىلەن ئىككىنچى تەرەپ ئۆزىنىڭ شاراپىتىنى ساقلايدۇ ۋە تالاقتىن پايدىلىنىدۇ. لېكىن، ئىسلام شەرىئىتى تالاققا رۇخسەت بەرسىمۇ، پەقەت زۆرۈرىيەتنى چىقىش قىلىپ بېرىدۇ. ئەمما، ئەدەپ-ئەخلاق جەھەتتىن قارىغاندا تالاق ئاللاغىمۇ خۇش كەلمەيدىغان بىر ئىشتۇر، چۈنكى تالاق بولغان ئايال ئەگەر بارىدىغان جايى، ئىنساپلىق بىرەر قېرىندىشى بولمىسا كوچا-كويدا قالىدۇ ياكى ھەر تۈرلۈك ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ قالىدۇ، ئاخىر بېرىپ مەئىشەتخانىدا كۈن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ، بۇ ياخشى ئەمەس. شۇڭا تالاق سەۋەبىدىن تىلەمچىلەر كۆپىيىپ، پاھىشىلەر ئاۋۇيدۇ. بۇلارنىڭ ھەر بىرى مىللەتنىڭ ئۈچۈن زەھەرلىك مىكروبلار ئىكەنلىكى مەلۇم. تالاق بولغان ئايالدىن بالا تۇغۇلسا ئىش يەنىمۇ مۇشكۈللىشىدۇ. چۈنكى ئاجراشقان ئايالنىڭ بالىلىرى ئاتا-ئانىلىرى سالامەت بولغان ھالدىمۇ يېتىم بولۇپ ئۆمۈر كەچۈرىدۇ. كۆپ ھاللاردا ۋاپات بولغان

ئائىلىدىن قالغان باللارنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كەلگەن ئانا مېھرىبانلىق بىلەن تەربىيە قىلىسمۇ، ئاجرىشىپ كەتكەن ئائىلىنىڭ باللىرىغا دۈشمەنلىك قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇنداق باللار ھېچكىمدىن تەربىيە ئالماي، پەزىلەت ئۆگەنمەي، ئەخلاقسىز بولۇپ يېتىلىدۇ. بۇلار تالاقنىڭ زەرەرلىرىدۇر.

بەزىلەر ئائىللار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە شەرىئەت ھۆكمىگە كۆرە ئەرلەرنىڭ مەسئۇل بولمىغانلىقىنى، ئەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنى سۆيۈش ياكى دۈشمەن كۆرۈشتە، قىيناش ياكى ئاجرىشىشتا ئىختىيارلىق ئىكەنلىكىنى سۆزلىشىدۇ. بۇلارغا نىسبەتەن ئائال ئەرنىڭ قولىدا مىسالى جانسىز بىر تاياق ئورنىدا بولار ئىمىش، بۇنداق قاراش بىزنىڭ خەلقىمىز، ئاۋاملىرىمىز ئارىسىدا مەشھۇردۇر. لېكىن، بۇ بۇزۇق ئېتىقادتۇر. بۇنداق بۇزۇق پىكىرلەر ۋە قۇرۇق سۆزلەرنىڭ تارقىلىشى خەلقىنىڭ ئارىسىدا شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ئېنىق يەتكۈزگۈچىلەر، ئۇلارنىڭ زېھنىنى نۇرلاندۇرۇپ، ئەخلاقلىرىنى ئىسلاھ قىلغۇچىلارنىڭ ئازلىقىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئائىلە ئەھۋالى ئېغىر ھالدا بۇزۇقتۇر.

بىر خوتۇننى ياخشى تەربىيىلەپ ئاسراشقا كۈچى يەتمىگەن ئەھۋالدا، ئىككىنچى، ھەتتا ئۈچىنچى خوتۇن ئالغۇچى، پەرىشتە كەبى ئائىلى بولۇپ تۇرۇپ پاھىشىلەر ئارىسىدا ئۆمۈر ئۆتكۈزگۈچى، كىچىك بالىسىنى ھارۋا بىلەن تارتىپ يۈرۈپ ئورما ئورىغۇچى ئائىلىنى قىزىل قانغا پاتۇرۇپ قىينىغۇچى، كەشىنىڭ بوغقۇچىنى يېشەلمىگىنىگە قىزىرىشىپ باللىرىنى ئانىسىدىن ئايرىۋەتكۈچى، پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان قېرىلارغا ياش قىزلارنى نىكاھلاپ بەرگۈچى، مىراس بۆلۈش ئۈچۈن تۇغقانلىرى بىلەن

ئۆمۈرۋايەت دۈشمەن بولغۇچى كىشىلەر بىزنىڭ ئارىمىزدا ھېسابسىزدۇر.

پۈتۈن قىشلاق، شەھەرلەردە يېتىم باللار، پېقىر تىلەمچىلەرنىڭ تولىلىقى ئائىلىلىرىمىزنىڭ بۇزۇقلۇقلىقىدىندۇر. ئىسلام شەرىئىتى قۇللارنى ئەپۇ قىلماق، مۆمىنلەر بىلەن قېرىنداش بولماق، ئومۇمەن ئادەم باللىرى بىلەن گۈزەل مۇئامىلە قىلماق، ھەتتا ھايۋانلارغىمۇ رەھىمدىل بولماقلىقنى بۇيرۇيدۇ. ئەمما، بىزدە ساپ كۆڭۈل، مەرھەمەتلىك ئاياللار ھەققىدە يىرتقۇچلارغا قىلىنمىغان مەرھەمەتسىزلىكلەر قىلىنماقتا. «ئايالىمنى ياخشى كۆرمەيمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن تالاق قىلىمەن» دېگۈچىگە ھەزرەت ئۆمەر «ئايالىڭنى سۆيمىسەڭ نىكاھقا ۋاپا، رىئايە قىلىش يوقمۇ؟ يوق بولسا، دۇنيادىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىچى مۇھەببەت بىلەن تولغانمۇ؟» دەپ تەنبىھ بەرگەن ئىدى.

ئاياللارغا ۋاپا قىلماق، ئۇلارغا شەپقەتلىك، مەرھەمەتلىك بولماق ھەققىدە ناھايىتى كۆپ ھەدىسلەر بار.

## كۆپ خوتۇنلۇق

كۆپ خوتۇنلۇق — بىر ئەر كىشىنىڭ بىرىنىڭ ئۈستىگە ئىككىنچى ياكى بىرنەچچە خوتۇن ئالمىقىدۇر. ئۆيلىنىشتىن مەقسەت بىرلىكتە ياشاش ۋە بىرلىكتە ئائىلە تەشكىل قىلىش بولغانلىقتىن، بىر نەچچە ئايال بىلەن بىرلىكتە ئائىلە تەشكىل قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئائىلە تەشكىل قىلىش مۇھەببەتكە

باغلىق بولغانلىقتىن بىرلا ۋاقىتتا بىر نەچچە ئايالنى سۆيۈش مۇمكىن ئەمەس. بۇ توغرا بىر ھۆكۈمدۇر. بىر ئەر نەچچە ئايال بىلەن بىرلا ۋاقىتتا نىكاھتا بولسا، ئۇلار بىر-بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ. دۈشمەنلەر توپلانغان يەرنى ئائىلە دېيىشتىن كۆرە ئۇرۇش مەيدانى دېيىش مۇۋاپىقتۇر. ئەمما، ئاياللارنىڭ كېسەل بولۇشى ياكى بالا تۇغالماي قېلىشلىرى ئەمەلىيەتتە بار ئىش. ئەگەر شۇ ۋاقىتتا ئىككىنچى خوتۇن ئېلىنمىسا يا بۇزۇقلۇققا مۇپتىلا بولۇش ياكى نىكاھنىڭ مەقسىتى بولغان نەسىل قالدۇرۇشتىن مەھرۇم بولۇش ئېھتىمالى بار. شۇ سەۋەبتىن شەرىئەتتە ئايالى بولۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇن ئېلىشقا رۇخسەت بېرىلگەن. لېكىن، بۇ رۇخسەت ھەممىلا ئادەمگە، ھەر قانداق ۋاقىتتا ئەمەس، بەلكى ئامالسىز ۋاقىتلارغا خاسلانغان، رىئايىسى ئېغىر شەرتلەرگە باغلانغاندۇر. قىسقىسى، ئىسلام شەرىئىتى ئەدەپ-دىيانەت جەھەتتىن كۆپ خوتۇنلۇقنى مەنئى قىلغان. ئائىلىنى ئادالەت بىلەن تەربىيىلەش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم كىشىلەرنىڭ خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئېلىشلىرىدىن خوتۇنلىرى ۋە بالىلىرى ئارىسىدا پىتنە-پاسات، ھەسەت، كۆڭۈلسىزلىك، بالا تەربىيىسىدە ئېتىبارسىزلىق ۋە بۇزۇق خوتۇنلار پەيدا بولغىنى مەلۇم. بۇلار ئىسلام دىنى ۋە مىللىتىمىزنىڭ كۈندىن-كۈنگە مەرتىۋىسىزلىشىپ كېتىشىگە خىزمەت قىلغۇچى سەۋەبلەردىندۇر.

بەزى ئالىملىرىمىز «شەرىئەت كۆپ خوتۇن ئالماقنى بۇيرۇيدۇ» دەيدۇ. بۇ رىسالىنى يازغان ۋاقتىمدا ئۆزىنى ۋېنگرىيىلىك دەپ تونۇشتۇرغان بىر ئالىم سۆھبەت ئەسناسىدا تۈركچە تىلى بىلەن «بىزنىڭ ياۋروپالىقلار ھەقىقىي ئىسلام دىنى بىلەن تېخىچە تونۇشمىغانلار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىسلامىيەت

كۆپ خوتۇنلۇققا بۇيرۇيدۇ دەپ ئويلايدۇ، ھالبۇكى بۇ پىكىر توغرا ئەمەستۇر، چۈنكى ئىسلامىيەت بۇنى بۇيرۇمايدۇ بەلكى ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ» دېدى. بۇيرۇش بىلەن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش ئارىسىدىكى پەرق غايەت زوردۇر. بۇ مەسىلىنى ياۋروپالىقلار تۇگۇل، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىمۇ بىلمەيدىغانلار ئاز ئەمەس.

كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ھەر قايسى قوۋم ۋە مىللەتلەردە غەيرىي قانۇنىي ھالەتتە مەۋجۇت. پەقەت ئىسلام شەرىئىتىدىلا نەسىلسىز قېلىش، كېسەللىك ياكى بۇزۇقلۇققا مۇپتىلا بولۇپ قالماسلىق زۆرۈرىيەت بولغاندىلا خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئېلىشنى قانۇنىي دەپ بىلگەن. زۆرۈرىيەت بولمىغاندا ياكى ئادالەت بىلەن مۇئامىلە قىلماسلىق خەۋپى بولغاندا بىردىن ئارتۇق خوتۇن ئېلىشقا قۇرئانى شەرىپنىڭ ئوچۇق رۇخستى يوقتۇر. ئەخلاقىي جەھەتتىن ئالغاندا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئىسلام شەرىئىتىدە مەنئى قىلىنغانلىقىنى يۇقىرىدا زىكرى قىلىپ ئۆتتۇق، چۈنكى بۇ ئىش ئائىلىدە نىزانىڭ داۋام قىلىشىغا، ئەر بىلەن خوتۇن ئارىسىدىكى ھەقلىرىنىڭ يوقىلىشىغا، ئاتا بىلەن بالىلار، تۇغقان، قېرىنداشلار ئارىسىدا مېھىر-مۇھەببەتسىزلىك ھەم يامانلىقلارغا سەۋەب بولار.

## ئاتا-ئانىلارنىڭ ۋەزىپىسى

ئۇلۇغ ۋەزىپىلەرنىڭ ئۇلۇغى ئاتا-ئانا ئۈستىدىكى بالا ھەققىدۇر. بالا ھەققى ئۇچۇن ئاتا-ئانا ياكى ئۇلارنىڭ ئورنىدا

بولغان ئىگىلەر بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەسئۇلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقلەرنى بىلمەك ۋە زۆرۈر ۋاقىتتا ئادا قىلماق پەرھىزدۇر. كۆندۈرۈلمىگەن ئات ھارۋا تارتىشقىمۇ، ساپان سۆرەشكىمۇ يارىمىغاندەك، تەربىيە بېرىلمىگەن بالىمۇ بىرەر ئىشقا يارىمايدۇ. ئىنسان تەربىيە بېرىلگەندىلا ئىنسان بولىدۇ. ئەمما، تەربىيە بېرىلمىسە ۋەھشىي ھايۋاندىنمۇ تۆۋەن بىر مەخلۇق بولۇپ قالىدۇ.

بالا ياش ۋاقتىدا ھەر تۈرلۈك تەربىيىگە قابىل بولغانلىقتىن بۇ ۋاقىت ئۇلۇغ غەنىيمەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بالىنى ۋاقتىدا تەربىيىلەش لازىم. بالا ھېچقانداق ئۇرۇق چېچىلمىغان يەر ياكى ھېچقانداق خەت يېزىلمىغان ئاق قەغەزگە ئوخشاش بولۇپ، قانداق ئۇرۇق چېچىلغان بولسا، شۇنداق ھوسۇل بېرىدۇ، قانداق خەت يېزىلغان بولسا، شۇنداق ئوقۇلىدۇ. بالىغا ئەگەر گۈزەل تەربىيە بېرىلسە ئەدەپلىك ۋە بىلىملىك بولۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە شەرەپ قۇچىدۇ، ھەر بىر ياخشى ئىشلىرىدىن تەربىيە قىلغۇچىغا گۈزەل ھەسسە قوشىدۇ. ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە يامان تەربىيە بېرىلسە ياكى ھايۋانغا ئوخشاش تاشلاندۇق قالدۇرۇلسا، بىچارە بالا ھالاك بولىدۇ، گۇناھى ئىگە-چاقىسىغا بولىدۇ.

بالا تەربىيىلىگۈچىلەر بالىغا كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ياخشى-يامان نەرسىلەرنى بىلدۈرۈشى كېرەك. بولۇپمۇ تازىلىق، پاكلىققا ئادەت قىلدۇرۇشى، يامان ئادەتلىرىنى تۈگىتىپ، قائىدىگە چۈشۈرۈشى كېرەك. بالىلارنىڭ ئەقلى يېتىلگەندە ئۇلارنىڭ زېھنىنى تەبىئىي نەرسىلەرگە بېغىشلاش كېرەك. مەسىلەن، يۇرت-ئىمارەت، تاغۇ تاش، جىلغىلار، بۇلاقلار، يەرۇ ئاسمان، ئاي، يامغۇر ۋە قار، بوران ۋە شامال كەبى نەرسىلەر ھەققىدە قىسقا بولسىمۇ مەلۇمات بېرىش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن بۈيۈك ئالىملار

ۋە مەشھۇر پەيلاسوپلارنىڭ ماقالىلىرىنى سۆزلەش كېرەك ھەمدە ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر ۋە مىساللارنى سۆزلەپ بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىش كېرەك.

پاكلىق، ئۆيقۇدىن سەھەر تۇرۇش، ھەر ئىشنى قائىدىگە ئاساسەن بېجىرىش، تەننى مۇمكىنقەدەر كىيسەللىك سەۋەبلىرىدىن ساقلاش، ئات مىنىش، سۇ ئۈزۈشنى بىلىش، يېزىقنى چىرايلىق، توغرا يېزىش، سۆزنى ئەدەپ بىلەن سۆزلەش، سۆھبەت، مەجلىسلەرنىڭ ئەدەپلىرىنى جايىدا بەجا كەلتۈرۈش، راست سۆزلۈك بولۇش، ۋەتەن ۋە مىللەتنى سۆيۈش، ئەمگەكچان، غەيرەتلىك، پىداكار بولۇش قاتارلىق پەزىلەتلەر گۈزەل ئادەت ھېسابلىنىدۇ.

باللارنى ياخشى تەربىيىلەش ئۈچۈن تەربىيە قىلغۇچى ئاتا-ئانىلار ياكى ئۇستازلارنىڭ ئۆزلىرى تەربىيىلىك بولماقلىرى شەرتتۇر. ئەگەر ئۇلار بېرىلىدىغان تەربىيىگە ئۆزلىرى ئەمەل قىلمىسا، ئۇمۇرۋايەت تەربىيە قىلسىمۇ پايدىسى كۆرۈلمەس. تەربىيىچىلەرنىڭ راستلىق بىلەن تەربىيە قىلماقلىرى باللارنىڭ ھەربىر ئىشتا راست سۆزلۈك، توغرا بولۇشىغا، يالغان سۆزلەر بىلەن تەربىيە قىلىشى باللارنىڭ يالغانچى بولۇشىغا، باللارنى قارغاشلىرى باللارنىڭ بەختسىز بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئىككى تەربىيىچىنىڭ بىر-بىرىگە خىلاپ رەۋىشتە تەربىيە قىلىشلىرى باللارنىڭ ئادەمگەرچىلىكتىن چىقىشقا سەۋەب بولغۇسى.

ئاتىلار ئەگەر باللىرىنىڭ ئانىسى بىلەن گۈزەل ھايات كەچۈرسە ۋە ئۇلارنى ھۆرمەت قىلسا، باللار بۇ ھالدىن ئالىيجانابلىق ۋە مۇناسىۋەت ئەدەپلىرىنى ئۆگىنەر. ئۆز ئانىلىرىغا بۇ ھالدا مۇئامىلە قىلغانلىقىنى كۆرگەن باللار ئاتىلىرىنى تېخىمۇ

چوڭقۇر سۆيەر ۋە ئۆزلىرىمۇ ئۆيلەنگەندە ئايالىغا شۇنداق مۇئامىلە قىلار. ھەدىيەنى باللارغا تەڭ بەرمەك ئۇلارغا ئادالەت دەرسى ئۆتمەك بىلەن باراۋەر، بىرىگە بىرىپ «دىققەت قىل، ئاكا ـ ئۇكىلىرىڭغا ئېيتما» دېمەكلىك ئۇلارغا ھىيلە ۋە خىيانەت ئۆگەتمەك بىلەن باراۋەر بولۇر. باللارغا بىلدۈرۈپ يالغان سۆزلىمەك ئۇلارغا يالغان سۆزلەشنى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىراۋنى سۆكمەك، ئەرزىمىگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئۇرماق ئۇلارغا ئەدەپسىزلىك، جەبىر-زۇلۇمنى ئۆگەتمەك بىلەن باراۋەردۇر. باللارنىڭ بۇزۇق سۆزلىرىگە ئېرەنسىزلىك قىلماق، ئەرزىمىگەن ئىشلىرىغا تەھسىن ئوقۇماق ئۇلارنى ئۇياتسىزلىق، بەتبەختلىككە ئادەتلەندۇرمەكتۇر. ساۋاق ئالغۇچى باللارغا بىراۋنىڭ نازارىتىدە گۈزەل ئويۇنلارنى ئويناتماقلىق ئۇلارنىڭ زېھنىنىڭ ئېچىلمىقىغا سەۋەب بولۇر. ئوقۇش ۋاقتىغا يەتكەندە باللارنى مەكتەپكە ئەۋەتمەك ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن زۆرۈر ۋەزىپىلەردىندۇر. ياش باللارنى يىراق جايلارغا ئەۋەتىش ئېغىر كەلسىمۇ ئوقۇتۇش ئۈچۈن غەيرەت قىلىش كېرەك. كۆز نۇرلىرى بولغان ياش باللىرىنى يات كىشىلەرنىڭ خىزمەتلىرىگە تاپشۇرغىنىدا ئورۇن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىدىغان كىشىلەر كۆپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن باللىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتكەن ئاتا-ئانىلار كۆپرەك شۈكۈر قىلىشى، سەۋر قىلىشى كېرەك.

ئەر ئوغۇل باللىرىغا، بولۇپمۇ قىز باللارنىڭ تەربىيىسى ئۈچۈن بارلىقىنى، ئەڭ ئەزىز ۋاقتىنى پىدا قىلىشى كېرەك، چۈنكى قىز بالا ئازغىنە ۋاقىتتىن كېيىن يات كىشىلەرنىڭ قېشىغا كېتەر، بىر ئۆينى ئىدارە قىلار، بىر ئائىلىگە ئانا بولۇر. ئەگەر قىز بالا ئەقىدە-ئېتىقاد يوللىرىنى ئۆزى بىلمىسە، باللىرىغا قانداق

ئۆگەتكۈسى؟ قىز بالا ئەرنىڭ ھەقىقى-ھۆرمىتىنى بىلمىسە بۇ ھەقتە كەمچىلىككە يول قويغۇسى ۋە ئائىلىنىڭ خارابلىقىغا سەۋەب بولغۇسى. ئۆينى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا مەلۇماتسىز بولغان قىز يېمەك-ئىچمەكنى قانداق ھازىرلىيالايدۇ، كىيىملەرنى قانداق تىكىپ-يامىيالايدۇ. بۇ دۇنيانىڭ ھالىدا ئىشەنچ بولمىغانلىقى ئۈچۈن خىزمەتكارلار ئىشلەر، دەپ بالىنى تۇرلۇك تەربىيىدىن نېسىۋىسىز قالدۇرماقلىق ئاتا-ئانا ئۈچۈن گۇناھتۇر. بۈگۈن باي بولغان ئايال ئەتە بىر پۇلغا موھتاج بولۇشى مۇمكىن. خىزمەتكارلارنى ئىشلىتىش ئۈچۈنمۇ ئىلىم كېرەك.

ئادەتتىن تاشقىرى ياسىنىپ كوچىلاردا، كېرەكسىز يەرلەردە يۈرمەكتىن، ئىشسىز كەبى بىكار ئولتۇرماقتىن، ئەقىدە توغرىسىدا قۇرۇق سۆزلىمەكتىن قىزلارنى ساقلاش لازىم. چۈنكى، ئائىلە باشلىقى بولغۇسى ئايالنىڭ ئېتىقاد، ئەخلاققا نىسبەتەن ئېتىبارسىز بولۇشى ئىلكىدىكى ئائىلىنىڭ ئېتىبارسىزلىقىغا سەۋەب بولىدۇ. ئېتىقاد دېگەندەك پۇختا بولمىغان ئائىلىگە دىيانەتلىك، تەقۋادار ۋە ھايالىق بىر ئايال كىرسە، پۈتۈن ئائىلىنى توغرا يولغا سالار، ئەدەپ، خۇلق ئۆگىتەر.

## ئاتا-ئانىنىڭ بالىلارنى ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىلىشتىكى ۋەزىپىسى

قىز بالىنى ئەرگە بېرىش ۋاقتى كەلگەندە مال-دۇنياسىز، مەنسەپسىز بولسىمۇ دىيانەتلىك، تەقۋادار، تەربىيىلىك كىشىگە

بېرىشكە ھەرىكەت قىلىش — ئاتا-ئانىنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. ئەخلاقلىق كىشىلەر ئائىلىنى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە جاپاغا سالمايدۇ. مال-مۈلۈك، مەرتىۋىگە كۆز تىكىپ ئېتىقادى بۇزۇق، ئەقىدىسىز، ئىمانسىز كىشىلەرگە قىز بەرمەك مۇناسىپ ئەمەستۇر. مال-دۇنياسى نەقەدەر كۆپ بولسىمۇ، دەرىجىسى نەقەدەر بۈيۈك ھېسابلانسىمۇ پەزىلەتسىز، ئېتىقادسىز كىشىلەر ئاخىرەت ئىلمىگە كۆرە يوقنىڭ ئورنىدىدۇر.

باللارنى ئۆيلەندۇرگەندە ئۇلارنىڭ ئىختىيارىغا باقماسلىق توغرا بولمىغاندەك، تامامەن ئۇلارنىڭ ئىختىيارىغا بېرىپ بىر چەتتە كۆرەرمەن بولۇپ تۇرماقمۇ مۇناسىپ ئەمەستۇر. چۈنكى، تامامەن ئۇلارنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىلگەندە ياشلىق قىلىپ ئادىششىلىرى، ئۇنىڭدىن غاپىل بولۇپ كېيىن پۇشايمان قىلىشلىرى مۇمكىن.

زۇلۇم بىلەن بولغان نىكاھتا كۆڭۈللەر بىر-بىرىگە ئۇخشىمىغانلىقتىن يىگەن-ئىچكىنى زەھەرلىك بولار. باللارنىڭ سائادىتى تەلەپكە ماس بولغىنىدا زورلاپ نىكاھ قىلماق راۋا ئەمەس. زۇلۇم بىلەن بولغان نىكاھنىڭ كۆپرەك سەۋەبى قىزلىرىنى بايلارنىڭ ئائىلى قىلماق نىيىتىدە قېرى بايلارغا بېرىشتۇر. لېكىن، سائادەت ھېچقاچان مال بىلەن سېتىپ ئېلىنمايدۇ. تەربىيىلىك قىزلارنى تەربىيىسىز بايلارغا بەرمەكلىك سائادەتلىك نىكاھ ئەمەس، بەلكى مالنى دەپ ۋۇجۇدنى ساتماقتىن ئىبارەتتۇر.

شەرىئەت كۆرسەتمىسىگە نىسبەتەن جايىدا بولغان نىكاھ ھەر تەرەپنىڭ رازىلىقلىرى ۋە سۆيۈنۈشى بىلەن بولغان نىكاھتۇر. ئەگەر باللار تەجرىبىسىزلىكى سەۋەبىدىن ئاتا-ئانىلار مۇۋاپىق كۆرگەن كىشىگە نىسبەتەن مەمنۇنىيەتسىزلىك ئىزھار قىلسا،

ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى شۈبھىلەرنى توغرا سۆز بىلەن تۈگىتىش، مۇرادىنى مايىل قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش لازىم. ھەر قانداق بولسىمۇ بالىلارنى زۇلۇم بىلەن نىكاھ قىلماقلىق راۋا ئەمەستۇر، چۈنكى بالىلار بىراۋغا ساتسا بولىدىغان مال ئەمەس.

تەربىيە جەھەتتىن بىر-بىرىگە تەڭ، بىر-بىرىنى خالىغان يىگىت-قىزنىڭ نىكاھىغا پەقەتلا كەمبەغەللىكىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسىتىپ رازىلىق بەرمىگەن ئاتا-ئانىلار ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئەخلاقى گۈزەل كىشىنىڭ كەمبەغەللىكى ئەيىب ئەمەستۇر. مالسىز ئادەم ئادەمسىز مالدىن خەيرلىكتۇر.

## بالىنىڭ ۋەزىپىسى

بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرىنىڭ ئۈستىدە پايدا-زىيان جەھەتتىن ھەققى بار. بۇنداق ھەقلەرنىڭ ئۇلۇغى ئاتا-ئانىنىڭ بالا ئۈستىدىكى ھەققىدۇر.

ئاتا-ئانا بالىنىڭ سائادىتى ئۈچۈن كۈن-تۈن ھەرىكەت قىلىپ، ئۇلارغا تەربىيە قىلىدۇ، ئۇلارنى مەكتەپكە بېرىپ ھۈنەر-سەنئەت ئۆگىتىدۇ. بۇ ھەقتە چەككەن زەخمەتلىرى تىنىمسىز بولۇپ، شۇنىڭ يۈزىدىن بىر ھەققىنى بولسىمۇ قايتۇرۇشقا ئاز كىشىلەرلا مۇيەسسەر بولىدۇ.

قېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئاتىسىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ بېقىۋاتقان بىر ئىنساپلىق زات نۆۋىتى كېلىپ ئاتىسىغا «ئەي مۆھتەرەم ئاتا!

سىز كىچىك ۋاقتىمدا مېنى قانداق تەربىيە قىلغان بولسىڭىز مەنمۇ ھەم سىزنى شۇنداق تەربىيە قىلماقتىمەن، بەلكىم سىزنىڭ ئاتىلىق ھەقـقـىـڭـىـزگـە ۋاپا قـىـلىـپ، سىزنىڭ مۇشەققەتلىرىڭىزنىڭ ھۆددىسىدىن چىققاندىمەن» دېگەن ئىكەن، بۇنىڭغا جاۋابەن ئاتىسى «ئەي ئەزىز ئوغلۇم! سەندىن ئالla رازى بولسۇن، كۆتۈشىڭدىن مەن رازى، بۇنىڭ ئۈچۈن مەن تەشەككۈر بىلدۈرىمەن. لېكىن، مەن سېنىڭ يىگىتلىك كۈنلىرىڭنى كۆرۈپ راھەتلەنمەك نىيىتىدە ئۇزاق ئۆمـۈرلۈك، سالامەت بولمىقىڭنى ئۈمىد قىلىپ باققان ئىدىم. ئەمما، سەن مېنىڭ دۇنيادىن ئۆتمىكىمنى ئارزۇ قىلىپ باقماقتىسەن. چۈنكى، مېنىڭ ئىستىقبالىمدىن ئۈمىد ھەم پايدا يوقتۇر. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، مېنىڭ تەربىيەم بىلەن سېنىڭ تەربىيەڭ قانداق تەڭ بولسۇن» دېگەن ئىكەن.

بالا تەربىيىسىدىكى مۇشەققەتلەرنىڭ ئەڭ مۇشكۈلى ئانىلارنىڭ ئۈسـتـىـدە بـولـۇپ، ئۇلار ھەتتا ئۆزلىرىگە يۈكلەنمىگەن كۆپ خىزمەتلەرنىمۇ ئۆز ياخشىلىقلىرى بىلەن بېجىرىدۇ.

بىچارە ئانا ئۆزى ئاچ بولسىمۇ بالىسىنى تويدۇرىدۇ، ئۆزى ئۇخـلاشـقـا پـۇرسـتـى يەتمىگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ بالىسىنى ئۇخلىتىشقا تىرىشىدۇ، بالىسىنىڭ شادلىقى بىلەن شادلىنىدۇ، بالىسىنىڭ قايغۇسى بىلەن قايغۇرىدۇ. بۇ خىزمەتلەرنىڭ ئۈستىگە يەنە ئېرىنىڭ ئۇستۈپشى ۋە مېھمانلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ. كۆپ ساندىكى ئانىلار بالىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش بىلەن بىرگە كۈن بويى ئورما ئورۇش ۋە باشقا دالا خىزمەتلىرىنى قىلىدۇ. پەقەت ئانىلار بۇ خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. بۇنداق ئائىلىلارنىڭ ھەربىرىگە مىڭ رەھمەت ئېيتىپ كۆڭۈللىرىگە تەسەللى بېرىش لازىم بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى

ئەرلىرى ۋە قېيناتىلىرىدىن تەنبىھ ئاڭلاپ تۇرىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ياخشى ئەمەس. بۇنداق ئائىلىلەرنىڭ ئۈمىدلىرى پەقەت بالىلىرىدا بولار. شۇنىڭ ئۈچۈن شادلىق ۋە قايغۇ كۈنلىرىدە ئاتا-ئانىلارنى ئۇنتۇش ئەمەس، بەلكى قان-تەر بىلەن ياردەم بېرىش، يىراق يەردە بولۇپ قالسا، زىيارىتىگە بېرىش ياكى خەت بىلەن بولسىمۇ ھالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇش، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ، ياخشى ئىشلارنىڭ ساۋابىنى ئۇلارغا بېغىشلاش لازىم. بالىلار كەلگۈسىدە ھەرقانداق بۈيۈك بىر زات بولسىمۇ ئۇشبۇ بۇرچلاردىن ھېچ ۋاقىت خالاس بولمايدۇ. ئاتا-ئانىسىنىڭ نەسىھەتلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچى بالا بالا ئەمەس، بالادۇر. بۇنداق بالا ياكى بالاغا ھېچبىر ئىنسان ساھىبى مۇپتىلا بولمىسۇن.

بالىلار ئەگەر ئاتا-ئانىلىرىغا مۇھەببەت بىلەن خىزمەت قىلسا، ئۇلارمۇ ئۆز بالىلىرىدىن شۇنداق خىزمەت كۆرەر. ئەگەر ئۇلار ئاتا-ئانىلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى جايىدا بەجا كەلتۈرمىسە، ئۆز بالىلىرىدىنمۇ ھۆرمەت كۆرمەس. بۇ تەجرىبىدە ئىسپاتلانغان بىر ئىشتۇر.

ئوغۇل بالىلار بالاغەت يېشىغا يەتكەندە ئەر قاتارىغا كىرىپ، بىرەر كەسىپ، ھۈنەر بىلەن ئاتا-ئانىلىرىنى بىر ئاز بولسىمۇ مۇشەققەتلەردىن خالاس قىلار. قىز بالىلار بولسا، چوڭ بولغۇچە ئاتا-ئانىسىنىڭ تەربىيىسىگە ۋە كۈتۈشىگە موھتاج بولىدۇ. قىزلار بالاغەتكە يېتىپ ھەتتا ئەرگە تەگكەندىن كېيىنمۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ خاتىرىسىدىن چىقمايدۇ، ئاتا-ئانىلار ھەمىشە ئۇلار ئۈچۈن قايغۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قىز بالىلار ئاتا-ئانىنىڭ قەدرىنى ناھايىتى ئارتۇق بىلىشى ۋە ئۇلارغا چەكسىز مۇھەببەت، ھۆرمەت كۆرسىتىشى كېرەك.

قىز بالا تۇغقانلىرىغا نىسبەتەن شەپقەتلىك بولۇشى، ھەر ۋاقىت ئۇلارنى توغرا يولغا سېلىش ئۈچۈن ئىنتىلىشى لازىم. ئاتا-ئانىغا ئىتائەت قىلىش، قېرىنداشلىرىنى يېقىن كۆرۈشمۇ قىزلارنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەزىپىلىرىدۇر. قىزلىق ئۆمۈر ساناقلىق كۈنلەر بولۇپ تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۈگۈن قونچاقلىرىنى كېيىندۈرۈپ ياكى ئانىسىنىڭ قېشىدا قونچاقلىرىغا سېلىنچا تىكىپ ئولتۇرغان قىز ئەتە بىر ئۆيگە ئانا بولىدۇ ۋە بالىلىرىنىڭ قاتار تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئاتا-ئانىغا ئىتائەتلىك بولۇپ ئۇلارنىڭ ياخشى دۇئاسىنى ئالغان قىزلار ئۆز بالىلىرىدىن ئىززەت-ھۆرمەت كۆرىدۇ. ئاتا-ئانىغا ئىتائەتلىك بولۇشنىڭ نەقەدەر شەرەپلىك بىر ئىش ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدا تەجرىبىدىن ئۆتكۈزىدۇ.

ئاتا-ئانا بۇ دۇنيادىن ئۆتكەندە ئۇلارغا ياخشى تىلەك تىلىمەك، سەدىقە-ئېھسان قاتارلىق ياخشى ئىشلار بىلەن ئۇلارنىڭ روھلىرىنى شادلاندۇرماق بالىلارنىڭ ئۇلۇغ بۇرچلىرىدىندۇر.

ئاتا-ئانىلىرى ۋاپات بولغاندا مىراس بۆلۈشۈش توغرىسىدا تۇغقانلىرى ۋە باشقا يېقىنلىرى بىلەن دەۋالىشىپ قېرىنداشلىق يىپلىرىنى ئۈزگۈچى، بىر-بىرى ھەققىدە يامان سۆز ۋە ئەخمىقانە گۇمانلارنى قىلىپ، جانۋارلار قىلمىغان ياۋۇزلۇقلار بىلەن مال-دۇنيانى نابۇت قىلغۇچى بالىلارمۇ بولىدۇ. بۇنداق بالىلار ئاتا-ئانىلىرىغا نىسبەتەن قىلىنىدىغان ۋەزىپىلەرنى ئاياغ ئاستى قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار ئاتا-ئانىلىرىنىڭ نامىنى خار قىلىپ ئۆزلىرىمۇ بەختسىز بولىدۇ.

ئائىلىنىڭ شەرىپىنى، ئاتا-ئانىنىڭ ھۆرمىتىنى بەجا كەلتۈرۈشنى نىيەت قىلغۇچىلار ئىنساپ يولىدىن چىقماسلىقلىرى لازىم. ئىنساپلىق كىشى جېنىنى پىدا قىلار، ئەمما دۇنيا ئۈچۈن

قېرىندىشىدىن ۋاز كەچمەس، باشقىلارنىمۇ ھۆرمەتسىز قالدۇرماس.

قىز باللار تۆۋەندىكى ئەدەپلەرگە كۆپرەك رىئايە قىلىشلىرى كېرەك: ئاتا-ئانىنىڭ ھۇزۇرىدا ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇشى، قول، پۇت، يۈز، قۇلاق، بۇرۇن، ئېغىز قاتارلىق ئەزالىرىنى ۋە كىيىم-كېچەكلىرىنى پاك تۇتۇشى، شۇنداقلا چىشلىرىنى ھەر ۋاقىت مىسۋاك (چىش تازىلىغۇچ) بىلەن يۇيۇپ تۇرۇشى، چېچىنى ھەر كۈنى تارىشى، كۆپ كۈلۈشتىن، ئارتۇقچە ۋارقىراپ سۆزلەشتىن، ئاتا-ئانىلار ۋە باشقىلاردىن بىر نەرسە سوراشتىن، ئۆيىنىڭ تاملىرىغا ۋە ئېگىز بىنالارغا چىقىپ ئەتراپنى تاماشا قىلىپ تۇرۇشتىن، يامان قىزلار بىلەن دوست بولۇشتىن، تىرناقلىرىنى ئۆستۈرۈپ يۈرۈشتىن، بارماقلىرى بىلەن بۇرۇن كولاشتىن، تار كىيىملەرنى كىيىشتىن ساقلانماقلىرى لازىم.

ئەي ھۆرمەتلىك باللار! كېلەچەك كۈنلىرىڭلارنى ئويلاڭلار، ياش بالا تەربىيىسىدە تۇرۇش ئۇزۇنغا بارمايدۇ، ئاتا-ئاناڭلار سىلەر ئۈچۈن ھەممىلا ۋاقىت پۇل خەجلەپ تۇرالمايدۇ. بىر ۋاقىتلار كېلىپ ئۆزۈڭلەرگە كېرەك بولغان نەرسىلەرنى ئۆزۈڭلەر تېپىشقا مەجبۇر بولىسىلەر، بەلكى ئۆزۈڭلەردىن باشقا بىر ئايال ۋە بىرقانچە باللارنىڭ تەربىيىسى ئۈستۈڭلەرگە يۈكلەنگۈسى. ئەگەر ھۈنەر، تىرىشچانلىقىڭلار بولسا، شۇ كۈنلەرنى ئاسان ئۆتكۈزەرسىلەر، ئەگەردە ھۈنىرىڭلار بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇلقىڭلار ناچار بولسا، بۇ قارا كۈنلەرگە ۋاي!

# گۈزەل مۇناسىۋەت

ئائىلىنىڭ راھەتلىك، بالىلىرىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى ۋە ياخشى نام قالدۇرۇشنى نىيەت قىلغان ئەر بىلەن ئايال ھەر ۋاقىت ئىتتىپاق ياشىمىقى لازىم. ئەر بىلەن ئايال ئىناقلىقتا بىر-بىرىگە ھۆرمەت بىلەن ياشىسا ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئىنساپ بىلەن ياشايدۇ.

بەزى چاغلاردا كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈن ئارىدا ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنمىسا، ئۇچقۇندىن تۇتاشقان ئوت كەبى زورىيىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال يۈز بەرگەندە ۋاقتىدا ئالدىنى ئالماي، پىتنە قوزغىتىپ چوڭايتىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەر بىلەن ئايالنىڭ ھەر ئىككىسى ئەيىبداردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلىدە ئازغىنە ئىختىلاپ ئالامىتى سېزىلسە ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەي ھەر ئىككى تەرەپ كېلىشىش يولىغا كىرىشى لازىم. پۈتۈن نەرسە كۆيۈپ كۈل بولسىمۇ ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئارىسى تۈزۈك بولسا ھەسرەت يۈز بەرمەس. چۈنكى بۇنداق ئىشلار ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق، گۈزەل مۇناسىۋەتنىڭ راھىتى بىلەن ئۆتىدۇ. ئەمما، ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق كۆيسە بۇنىڭغا چارە يوقتۇر.

ئەر بولغان كىشى ئۆزىنىڭ ئايالىغا شەپقەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر خادىم ئەمەس، بەلكى رەپىقەم دېگەن نەزەردە قارىسا، ئايالمۇ ئېرىنى مەرھەمەتلىك ھامىيسى بىلىپ، ئۇنىڭ ھەققىنى ئاياغ ئاستى

قىلمىسا، ئىككىسى بىر ئېغىزدىن سۆزلەپ، بىر قولاق بىلەن ئاڭلىسا، بىرگە قايغۇرۇپ، بىرگە شادلانسا، ئەلۋەتتە بىر-بىرىگە بولغان مۇھەببەتلىرى كۈچىيىپ ئارىدىكى ئىتتىپاقلىق بىناسى مەھكەم بولىدۇ. ئەكسىچە، ياخشى ياشاش ھەققىدە قولىدىن كېلىدىغان ئىنتىلىشنى قىلمىسا، تەقدىردىن رەنجىپ بىر-بىرىگە ئەيىب يۇكلەشنىڭ ئۆزى ئادىمىلىكتىن ئەمەس.

ئەقىللىق ئەرلەر ئاياللارنىڭ كۆڭلىنىڭ نازۇك، غەمكىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇلارنى مۇشەققەتلەردىن ھىمايە قىلار. يوق ئەيىبلەرنى ئىزلىمەي، كۆرۈلگەن ئەيىبلەردىن مۇمكىنقەدەر كۆز يۇمار. ھۇرۇنلۇق، ئىشسىزلىق بارلىق يامانلىقلارنىڭ ئانىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئايالنى ئىشسىز قويماس، ئۇنىڭغا تەربىيە بېرىشكە كۆپرەك ئېتىبار بېرەر. خەۋەرلەردە: «ئاياللار بىلەن يېتىملەر ھەققىدە ئاياللارغا ئىبادەت قىلىڭ»، «سىزنىڭ خەيرلىك بولغانلىقىڭىز ئاياللىرىڭىز بىلەن قىزلىرىڭىزغا خەيرلىك بولغانلىقىڭىزدۇر»، «مۆمىنلەرنىڭ كامىل بولغانلىقى ئايالى بىلەن گۈزەل مۇئامىلىدە بولغانلىقىدۇر» دېگەن مەزمۇندا ۋەسىيەتلەر ئېيتىلمىشتۇر.

تەربىيىلىك ئايال ئېرى تەرىپىدىن بېرىلگەن نەرسىلەرگە قانائەت قىلىپ، باشقىسىنى ئارزۇ قىلماس، ئېرىنىڭ ھوزۇرىدا پاك، گۈزەل يۈرەر، ھەرقانداق كېرەكلىك نەرسىلەرنى ۋە ھەر بىر سىرنى ئېرىگە ئېيتار، ھەر قاچان ھۆرمەت، ئىتائەت بىلەن بولار، تەربىيىگە خاس بولمىغان سۆزلەرنى قىلىدىغان ئاياللارنى ئۆيىگە يولاتماس، ئۇلار بىلەن ھەر قانداق مۇناسىۋەتتە بولماس. چۈنكى، ئۇنداق ئاياللار ئائىلىلەرنى ئەمەس، ھەتتا شەھەرلەرنىمۇ خاراب قىلار.

دۇنيادا ئەڭ بۈيۈك سائادەت گۈزەل تۇرمۇشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقتە تالاش-تارتىش قىلىش توغرا ئەمەس. ئاببىسلار خەلىپىلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بولغان ئەل مۇتەۋەككىل ئىبن جەفەرگە بىراۋ: «يەر يۈزىدە سىزدىن بەختلىك ئادەم بولماس» دېگەندە، خەلىپە: «خاتا سۆزلىدىڭىز، گۈزەل ئۆيى، ياخشى ئايالى، ياخشى تۇرمۇشى بولغان كىشى بىزلەرگە نىسبەتەن بەختلىكتۇر» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن.

## ئائىلە ۋە دۇنيا

ئائىلىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن دېھقانچىلىق، سودىگەرچىلىك ۋە ھۈنەرۋەنچىلىك كەبى رىزىق سەۋەبلىرىدىن بىرەر تۈرى لازىم بولىدۇ. ئائىلە ئۆزىگە مۇۋاپىق كۆرۈلگەن كەسىپلەردىن قايسى بىرىنى بولمىسۇن تاللىشى كېرەك. ئەمما ھاللىق، گۈزەل مۇئامىلە، ئىقتىسادچىل بولماق شەرتتۇر.

ئىقتىسادچىل بولۇش — پايدىسىز يەردە پۇل سەرپ قىلماسلىق دېمەكتۇر. لازىم بولمىغان يەردە بايلىق سەرپ قىلماقلىق ئەقىلسىز، ئاچ كۆز، شۆھرەت ئۈچۈن سەرمايىنى سورىغۇچى ئەخمەقنىڭ ئىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھال ئائىلىگە مۇناسىپ ئەمەس. ئادەم بالىسىغا كەسىپ-ھۈنەر ئۆگىنىش بۇيرۇلغاندۇر. «مەڭگۈلۈك دۇنيانىڭ، ئەتىكى ئاخىرىتنىڭ ئۈچۈن كەسىپ ئىگىلە» دېگەن گەپلەر بار. كەسىپ تاللىماق، ئىشلىمەك ئادەم بالىسىنىڭ سالامەتلىكى ۋە كۆڭۈلنىڭ ساپلىقىغا سەۋەبتۇر. ھۇرۇن كىشىلەر،

بۇزۇق يەرلەردە يۈرگۈچىلەر كۆپ ھاللاردا كېسەللىككە مۇپتىلا بولۇپ، ئۆمرى قىسقا بولىدۇ.

كەسىپ ئەگەر ئائىلىگە ئىناۋەت قىلماق، بالىلارغا ھالال نەپىقە بەرمەك، يوقسۇللارغا ھەمدەمدە بولماق، ئىلىم يولىغا ياردەم قىلماق نىيىتى بىلەن بولسا بىر خىل ئىبادەتتۇر.

كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئائىلىدە نىزام بولۇشى، ھەر كىمنىڭ مەلۇم بىر ئىشى، ھەر ئىشنىڭ مۇئەييەن بىر ئادىمى بولۇشى، ھەر كىم ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئىشنى شاد-خۇراملىق بىلەن ئادا قىلىشى لازىم.

# ئائىلە ۋە ئۈلپەت

ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدا دوستلۇق، ئۈلپەتلىك ھۆكۈم سۈرۈشى كېرەك. ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدا ئۈلپەتلىك، مۇھەببەت قالمىسا، پۈتۈن دۇنيانى ۋەھىمىگە سېلىپ تۇرغان كۈچلۈك دۆلەتلەر، شۆھرەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىسىدە تۇرغان مىللەتلەرمۇ ئىنقىرازغا ئۇچرايدۇ. ئۈلپەتسىزلىك سەۋەبىدىن بۇنداق دۆلەتلەر پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئارىدا ئۈلپەتچىلىك بولمىسا، ئائىلە قانداق پۈت تىرەپ تۇرالىسۇن؟ ئارىغا دۈشمەنلىك ۋە مېھىرسىزلىك چۈشكەندىن كېيىن ئۈلپەتچىلىكنى جايىغا كەلتۈرمەك مۈشكۈل بولغانلىقتىن، ئۈلپەتسىزلىكنىڭ سەۋەبلىرىنى باشتىلا، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يوقاتماق لازىم. باشتا ھەر قانداق نەرسە ئاجىز بولغانلىقتىن ئۇنى بويسۇندۇرۇش

ئاساندۇر.

ئۇلپەتچىلىك ۋە مۇھەببەتكە يېقىن تۇرماق ھەممىدىن ئاۋۋال ئائىلە باشلىقلىرىغا زۆرۈردۇر. ئەگەردە ئۇلار بۇ ھەقتە ئۆرنەك بولسا، باشقىلار ئۇلارغا ئەگىشىدۇ.

ئەقىللىق ئايال ئېرىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا، يېقىن قېرىنداشلىرىغا، خۇسۇسەن ئۆزىنىڭ بالىلىرىغا ۋە كېلىنلىرىگە ھەر ۋاقىت مۇھەببەت، ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەرنىڭ يېقىنلىرىغا ھۆرمەت قىلماق ئەر بىلەن گۈزەل مۇناسىۋەت قىلىشقا سەۋەب بولىدۇ. ئېرىنىڭ يېقىنلىرىنى ھۆرمەت قىلغۇچى ئايال ئېرىدىن ھۆرمەت كۆرىدۇ.

بەزى ئاياللار ئازغىنە سەۋەبلەرنى باھانە قىلىپ قىزلىرى بىلەن كۈيئوغۇللىرى، ئوغۇللىرى بىلەن كېلىنلىرى ئارىسىنى بۇزىدۇ. بۇ ئەپسۇسلىنارلىق ھالدۇر. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى بۇزۇلغان ئائىلىلەرنى تۈزىتىش بولۇپ تۇرۇپ، تۈزۈك ئائىلىلەرنى بۇزۇپ بەختسىزلىككە سەۋەب بولۇشلىرى جىنايەت ۋە ۋەھشىيلىكتۇر.

## خىزمەتكارلار، بالا باققۇچىلار، قوشنىلار، دوستلار ۋە زىيايەت

خىزمەتكارلار ئۆز خىزمەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىلىرى شۇ. لېكىن، قۇسۇر پەيدا قىلغاندا ئۇلارنى خورلاشقا، سۆكۈشكە، ئۇرۇشقا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەققى يوق. گۈزەل خۇلقلىق كىشىلەر

خىزمەتكارلىرىغا شەپقەتلىك بولار. ئۆزلىرىنىڭ ئۇلار كەبى كىشىلەرنىڭ خىزمىتىگە مۇپتىلا بولمىغانلىقىغا شۈكۈر-قانائەت قىلىپ، خىزمەتكارلىرىنىڭ قۇسۇرلىرىنى كەچۈرۈپ، ھەر ۋاقىت ئۇلارنىڭ ھوزۇرىدا ئابرۇيىنى ساقلار.

خىزمەتكارلار بىلەن ئويناپ-كۈلمەك، ئۇلار بىلەن كېرەكسىز نەرسىلەرنى سۆزلىشىپ ئولتۇرماق، ئەرزىمىگەن نەرسىلەر ئۈچۈن تەنە، تەنبىھ بەرمەك ئۇلۇغۋارلىق ئەمەس.

ئۆيدىكى سىر-ئەسرارلار ياتلارغا خىزمەتكارلار ئارقىلىق تارقىلىدۇ. ئۇلار ئائىلىدە سىر ساندۇقلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلىدە بولغان يوشۇرۇن ھاللار ياتلاردىنمۇ بەكرەك خىزمەتكارلاردىن يوشۇرۇلۇشى لازىم.

بالا باققۇچىلار بالا تەربىيىسىگە ئەڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكۈچىلەردۇر. بالىلار ھەر قانداق بۇزۇق ئادەت ۋە بۇزۇق خۇلقلارنى ئۆزلىرىگە تەربىيە قىلغۇچىلاردىن ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭغا ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلماق كېرەك. زامانىمىزدىكى ئەدىبلەردىن بىرى: «بىزلەرگە قارىغۇچىلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزگە ئالغىنىمىزدا ئۆزىمىزنىڭ ۋەھشىي ھايۋانغا ئايلىنىپ ئورمانغا قاچماي ئىنسان بولۇپ يۈرگىنىمىزگە تەئەججۈپلەنمەكتىمىز» دېگەن ئىدى. بالا باققۇچىلارنىڭ ياش بالىلارنىڭ زېھنىگە سالغان تۈرلۈك يالغان خەۋەرلىرى ۋە تۈرلۈك ۋەھىملىرى بالىلارنى ئەمەس، ھەتتا چوڭ، ئەقىللىق ئادەملەرنىمۇ بۇزىدۇ.

شەرىئەتتە قوشنىلار ھەققى ئۇلۇغ بولغانلىقتىن قوشنىلارغا ھۆرمەت كۆرسەتمەك، كېسەل بولغاندا ياردەم بەرمەك، ئائىلىسىدىكى ئاياللاردىن ئۆزىنى قاچۇرماق، مېلىغا قول

ئۇزارتماقتىن ساقلانماق ئائىلە ئۈچۈن ئۇلۇغ بۇرچتۇر. قوشنىلارنىڭ ھەققى يالغۇز ئۇلارغا ئەرزىيەت يەتكۈزمەسلىك بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەرزىيەتلىرىگە چىداپ، ھەمىشە گۈزەل مۇئامىلىدە بولماقلىق بىلەن ئادا ئېتىلۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆي سېلىش، يۇرت ئېلىشتىن ئاۋۋال قوشنىلىرىنى بىلىش، ئۇلارنىڭ ھاللىرىنى چۈشىنىش لازىم. قوشنىلارنىڭ ھەققى ئۇلۇغ بولۇپ، ئۇلارغا ۋاپا قىلماقلىق توغرىسىدا پەيغەمبىرىمىز تەرىپىدىن كۆپ ئەمىر، نەسىھەتلەر كەلتۈرۈلگەن.

ئىنسان ھالىنى تەجرىبە قىلىدىغان كىشى دوستىدۇر. بىر كىشىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ دوستلىرىنى ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دوست تاللىغاندا تەقۋادار، نەسەبى ئېسىل، توغرا پىكىرلىك، ئەدەپلىك، گۈزەل خۇلقلىق زاتلارنى ئىزلىمەك، ئەگەر بۇنداق كىشى تېپىلسا ئۆلۈمدىن باشقا نەرسىنىڭ ئۇلارنى ئايرىماسلىقىغا سۆز بەرمەك لازىم.

دوست دېمەك — قايغۇ ھەم شادلىقلارنى ئورتاقلاشقۇچى، ئېغىر چاغلاردا كېڭەشكۈچى، ئەھدۇپەيمانىغا رىئايە قىلغۇچى دېمەكتۇر. بۇنداق بولمىغان كىشىلەرنىڭ دوستلۇق ئىزھار قىلىشىغا ئالدانماق، بەرگەن ۋەدىسىگە ئېتىقاد قىلماق جائىز بولماس. دوستلارنى سىنايدىغان ۋاقىت راھەتلىك كۈنلەر ئەمەس، بەلكى مۇشەققەت سائەتلىرىدۇر.

قېرىنداش، دوست، تونۇش-بىلىشلەرنى زىيارەت قىلىش ۋاقتى ھەر يەر، ھەر زاماننىڭ ئۆزىگە خاس مەخسۇس ئادەتلىرىگە ئاساسەن بولىدۇ. زىيارەت ۋاقتىدا ھەددىدىن ئاشماسلىق شەرتى بىلەن ئەھۋال سورىماق، سالامەتلىك ئەھۋالىنى بىلمەك

ئەدەپسىزلىكتۇر. لېكىن، كىر كىيىملەر ۋە مۇناسىپ بولمىغان قىياپەتتە زىيارەت قىلماق ئەيىب بولغىنىدەك، زىيارەت قىلغۇچىلارنى شۇنداق ھالدا كۈتۈۋالماقمۇ مۇناسىپ ئەمەس. مەجلىسلەردە ئەدەبىيات ياكى ئەخلاقىي ئومۇمىي ئېھتىياج ھەققىدە مۇنازىرە قىلىنسا خۇلق-مىجەز ئۈچۈن پايدىلىق بولار. بىر-بىرىنىڭ كىيىمىگە قاراپ ئولتۇرماق (بۇنداق مەجلىسلەر كۆپرەك ئاياللارغا خاس بولار) ياكى غەيۋەت قىلماقتىن ئىبارەت بولغان مەجلىسلەردىن ھېچكىم ئۈچۈن پايدا كۆرۈلمەس.

ئاللا ھەممىمىزگە ئۆزى رىزا بولغاندەك ئېتىقاد ۋە ئەزگۈ ئىشلار قىلىشقا، گۈزەل نەسىھەتلەرنى ئاڭلاپ ئۇنى بەجا كەلتۈرۈشكە مەدەت بەرسۇن. ئەقىل ساھىبى بولغان ھەر بىر كىشى غەيرىيلەردىن ئىبرەت ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئەيىبلىرىنى تۈزىتەر، سالامەتلىك مانا شۇندىدۇر.

## ئاياللار

ئىنسانلارنىڭ دۇنياسىنى تۈزەتمەك زۆرۈر بولسا، ئەڭ ئاۋۋال گۈزەل خۇلقتا ئىگە قىلىش بىلەن ئائىلىلەرنى تۈزىتىڭلار، ئائىلىلەر تۈزەلگەندىن كېيىن دۇنيا تۈزىلۇر.

## يولداش

ئەي بالىلار، دېڭىزلاردىكى كېمىلەردە، قۇرۇقلۇقتىكى تۆمۈر

يوللاردا، ماشىنا ھەم ھارۋىلاردا يۇرگۇچىلەر تولىمۇ ئالدىراشتۇر. لېكىن شۇنداق ئالدىراش بولسىمۇ تاماق يەر، چاي ئىچۇر، ياتۇر، ئۇخلار، تۇرۇر، ئوينار، كۈلۇر، قايغۇرۇر ۋە كۆز يېشى تۆكۇرلەر، بۇنداق ھاللارنى كۆپلىرىڭلار ئۆز كۆزىڭىزلەر بىلەن كۆرگەندۇرسىزلەر، كۆرمىگەنلىرىڭىز كۆرگەنلەردىن ئاڭلاپ بىلگەندۇرسىزلەر.

بۇ كۈنلەردە شەھەرلەردىلا ئەمەس، قىشلاقلاردىمۇ، تۆمۇر يوللاردا، كېمىلەردە يۇرمىگەن ئادەملەر ئازدۇر. كۆپلىگەن خوتۇن-قىزلار، شۇنداقلا ياش باللارمۇ ئازدۇر-كۆپتۇر بولسىمۇ شۇنداق سەپەرلەردە بولۇر.

يىراق سەپەرگە چىققان ئادەملەر ئۆزلىرىگە قولاي بولغان بىر يولداش بىلەن بىللە چىقار. ئەگەر ئۆيدىن چىققاندا لايىق يولداش تېپىلمىسا، پاراخوت ۋە تۆمۇر يول ۋاگونىغا كىرگەندىن كېيىن بىرەر يولداش تاپار ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇر.

## دۇنيا سەپىرى

يەر يۈزىدە ياشىغۇچى ئادەملەر ۋە باشقا ھايۋانلار ھەر بىرى بىر ياقىقا قاراپ سەپەرگە چىققاندۇر ۋە توختاۋسىز ھەرىكەتتىدۇر. ئۇلار گاھ يەپ-ئىچسۇن، گاھ ئۇيقۇدا، گاھ ئويغاق بولسۇن، كېمە ۋە تۆمۇر يول ۋاگونلىرىدا بولغانلار كەبى ھەمىشە سەپەردىدۇر. ئالدىلىرىدا يىراق كۆرۇنگەن نەرسىلەر سائەت سايىن يېقىنلاپ تۇرۇر، يېقىنلا ئارقىدا قالغان نەرسىلەر ناھايىتى يىراقتا قالغان

بولۇر.

ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا سەپىرىدە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ۋە ئالدىراپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزمىگەن كىشىلەر ئەتراپلىرىغا قارىسۇن. شۇل ۋاقىتتىلا ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرى-كېيىن سەپەردە ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بىلۇر. ياشلار، چوڭ بولۇۋاتقانلار، قېرىلار، دۇنيادىن ئۆتۈۋاتقانلار، دۇنيادىن ئۆتكەنلەر، دۇنياغا كېلىۋاتقانلار، دۇنياغا كەلگەنلەر، ئۆسۈپ مەكتەپلەرگە بېرىشقا باشلىغانلاردۇر.

باللار دۇنياغا كەلگەندە ھېچ نەرسىنى بىلمەس، بىرەر ئىشقىمۇ كۈچى يەتمەس. كېيىن بولسا ئولتۇرۇشقا باشلار، كۈلۈر، ئوينار ۋە مېڭىشقا باشلار. چىشلىرى چىقىپ مەكتەپكە بارار، ئوقۇش-يېزىشنى ئۆگىنەر، ئۆيلىنەر، ئاتا-ئانا، كېيىن موما-بوۋا بولۇر. چاچلىرى ئاقىرىپ، چىشلىرى چۈشەر. بەللىرى مۈكچىيەر، كۈچلىرى تۈگەر. دېمەك دۇنيا سەپىرىنىڭ مەلۇم چېكى، تۆمۈر يول، سۇ يوللىرىنىڭ ئاخىرقى بېكىتى بولۇر.

## دۇنيا سەپىرىدە يولداش

يىراقلاردا تۆمۈر يول ۋاگونلىرىدا، كېمىلەردە يۈرگۈچىلەرنىڭ بىرەر يولداشقا موھتاج ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. شۇنىڭدەك دۇنيا سەپىرىدە بولغان ئادەملەرمۇ ئۆزلىرى ئۈچۈن بىرەر يولداشقا موھتاج بولۇر. بۇنداق يولداش تىرىكلىك يولدىشى دېيىلۇر.

باللار ئۆسۈپ باشقىلارنىڭ تەربىيىسىدىن ئۆتۈپ ئادەم قاتارىغا

كىرگەندىن كېيىن، بىر تىرىكلىك يولدىشى تالللىماق ئادەتتۇر. تىرىكلىك يولدىشى ئەرلەر ئۈچۈن ئايال ۋە ئاياللار ئۈچۈن ئەردىن ئىبارەتتۇر. بۇ دۇنيانىڭ نىزامى قەدىمدىن ئۇشبۇ رەۋىشتە كەلمىش، بۇنىڭدىن كېيىن ھەم شۇنداق بولغۇسىدۇر. دېمەك، مۇشۇنداق جەريان يولداش تۇتماق، ئۆيلەنمەك، خوتۇن ئالماق، ئەرگە تەگمەك دەپ ئاتىلۇر. خوتۇن ئالماق ۋە ئەرگە تەگمەك دۇنيا سەپىرى ئۈچۈن تىرىكلىك يولدىشى تالللىماق دېمەكتۇر.

تۆمۈر يول ۋاگونلىرىدا ۋە كېمىلەردە بولغان يولداشلار بىلەن تىرىكلىك يولدىشىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ناھايىتى زوردۇر. ئاۋۋالقىسى ۋاقىتلىق يولداشتۇر، ئەمما كېيىنكىسى بىر جان، بىر تەن بولىدىغان يولداشتۇر. تىرىكلىك يولدىشى ئۆمۈرلۈك يولداش بولۇپ، ھەر تۈرلۈك قايغۇلار، ھەر تۈرلۈك شادلىقلار ئۇنىڭ بىلەن ئورتاقتۇر.

## نىزام ۋە ئىتائەت

دۇنيادا نىزامسىز ۋە تەرتىپسىز بىرمۇ ئىش يوقتۇر. قۇشلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۇۋا ياسايدۇ. بۇ چاغدا ئانا قۇشلارغا ئاتا قۇشلار ياردەم بېرىدۇ. ئانا قۇش ئۇۋىدا بالا چىقارغان ۋاقىتتا ئاتا قۇش سىرتتىن ئوزۇق توشۇپ ئۇنى باقىدۇ. بالىلىرى چىققاندىن كېيىن، ئاتا قۇش بىلەن ئانا قۇش بىرلىكتە باللىرىنى تەربىيىلەيدۇ، بىرلىكتە ئۇچۇشنى ئۆگىتىدۇ. بۇ بىر خىل نىزامدۇر.

چۈمۈلىنى كۆرمىگەن ۋە بىلمەيدىغان بالا يوقتۇر. ئۇشبۇ كىچىك مەخلۇق قىشلىق ئوزۇقنى ياز كۈنى ھازىرلايدۇ. ئۇنىڭ ئوزۇقى ھەر تۈرلۈك دانلاردۇر. ئۇ قىشقا يېتەرلىك دانلارنى ئۇۋىسىغا يىغىدۇ. دانلارغا سۇ تەگسە كۆكىرىپ بۇزۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن چۈمۈلىلەر قىشقا ھازىرلىغان دانلارنى قۇرۇق ساقلاشقا، نەم تەگكۈزمەسلىككە تىرىشىدۇ. ئەگەردە بىرەر ئاپەت بولۇپ، نەم تەگسە ئىسسىق ۋە قۇرغاق كۈنلەردە ئۇۋىسىدىن ئېلىپ چىقىپ، قۇياش نۇرى چۈشكەن يەرگە يېيىپ قۇرۇتىدۇ. قۇرۇغاندىن كېيىن ئۇۋىسىدىكى ئامبارغا توشۇپ ئەكىرىدۇ. دانلارنى بىر چۈمۈلە سۆرەشكە كۈچى يەتمىسە، باشقىلىرىنى ياردەمگە چاقىرىدۇ. چۈمۈلىلەر دەرھال ياردەمگە بارىدۇ. دان يىغىشتىمۇ ئۆزئارا ھەمكارلىشىدۇ، بىرسى باشاقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ دان چۈشۈرىدۇ، يەنە بىرى پەستە ئۇ دانلارنى ئۇۋىسىغا توشۇيدۇ.

چۈمۈلىلەر ياغاچلاردىكى ئۈششاق ھاشاراتلارنى تۇتۇپ ئۇۋىلىرىغا ئېلىپ كېتىدۇ، ئۇلاردىن ئۆزلىرى ئۈچۈن بال ياسايدۇ. بۇمۇ نىزامدۇر.

چۈمۈلىلەرنىڭ بۇنداق ئىتائەتكارلىقى ھەر خىل جازادىن قورققانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى نىزامنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈندۇر. ئەقىللىق ۋە ئىلىملىك مەخلۇقلار ھەر ۋاقىت نىزامغا ھۆرمەت قىلۇر ۋە ئىتائەت قىلۇر.

# نىزامنىڭ ھۆرمىتى

سىزنىڭ ئاتا-ئانىلىرىڭىز، بوۋا-موملىرىڭىز بىر-بىرىگە ياردەم قىلىشىپ قايغۇ-ھەسرەت ۋاقتىدا بىر-بىرىگە تەسەللى بېرىدۇ. بىر-بىرىنى سەۋر قىلىشقا ئۈندەيدۇ. شادلىق بولسا ئۆزئارا ئورتاقلىشىدۇ. باشقا بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى، بوۋا-موملىرى ھەم شۇنداقتۇر. قۇشلار، چۇمۇلىلەر ۋە باشقا مەخلۇقلار دۇنيادا نىزام بىلەن تۇرغىنىغا ئوخشاش ئاياللارمۇ نىزام بىلەن تۇرىدۇ.

نىزامنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئەھلى ئاياللار ئىچىدە ئۇنى يۇرگۈزىدىغان باشقۇرغۇچىلارنى قويۇش ھاجەتسىز، لېكىن ئۇلار ئۆز ئىنساپلىرى بىلەن بالا-چاقىلارغا خاس نىزامنى بەجا كەلتۈرۈشى لازىم. ئىلمىلىك، ئەقىللىق كىشىلەر نىزامنى باشقىلاردىن قورقۇپ ئەمەس، بەلكى نىزامنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بويسۇنار.

نىزامغا ئىتائەت قىلىشتا زۆرۈر بولغان خىزمەتلەرنى، ۋەزىپىلەرنى بىلىپ تۇرۇش لازىم. ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلمىگەن ئادەم ھەرقانچە تىرىشسىمۇ نىزاملارنى بېجىرەلمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەردە ياش قىز بالىلار، چوڭ قىزلار ۋە ئاياللارنىڭ ۋەزىپىلىرى بايان قىلىنىدۇ. بۇلارنى بىلگەن ۋە بەجا كەلتۈرگەن ئەھلى ئاياللار گۈزەل ھايات كەچۈرۈر.

# ئاتا-ئانىغا ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدا

ئاتا-ئانىغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇلارغا ھەر ۋاقىت ھۆرمەت كۆرسىتىش ئەڭ ئۇلۇغ بىر ۋەزىپىدۇر. ئاتا-ئانىلىرىغا ھۆرمەت قىلغۇچىلار دۇنيادا بەختلىك بولۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئانىغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇلارغا ھۆرمەتتە بولۇشنى بارلىق كىشىلەر ئۇلۇغلار.

ئاتا-ئانىسىغا ھۆرمەت قىلغان بالىلار كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۆزلىرى ئاتا-ئانا بولغاندا بالىلىرى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلار ۋە بالىلىرىدىن ھۆرمەت كۆرەر. ئاتا-ئانىسىغا ھۆرمەت قىلمىغان بالىلار كىمنىمۇ ھۆرمەت قىلار؟

قانچىلىك بەختكە ۋە بۈيۈك مەرتىۋىلەرگە ئېرىشكەن بولسىڭىزمۇ ئاتا-ئانىڭىزنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇماڭ، ئۇلارغا ئىتائەتمەن بولۇپ ھۆرمەت قىلىڭ، نەسىھىتىنى ئاڭلاڭ، رازىلىقىنى ئېلىڭ، موھتاجلىقلىرى ۋە قايغۇ-ھەسرەتلىرىنى تۈگىتىشكە تىرىشىڭ. يىراق يەردە بولسا ھەر ۋاقىت خەت يېزىپ، بىر نەرسە ئەۋەتىپ تۇرۇڭ، مۇمكىن بولغاندا بېرىپ يوقلاڭ.

ئاتا-ئانىنىڭ بالىلىرىنىڭ ياردىمىگە ئەڭ موھتاج بولغان كۈنلىرى قېرىلىق چاغلىرىدۇر. شۇنداق ئىكەن، بۇ چاغدا ئاتا-ئانىلارغا يەنىمۇ كۆپرەك ھۆرمەت كۆرسىتىش كېرەك.

ئاتا-ئانىلارنى ھۆرمەتلەش ۋەزىپە بولغانغا ئوخشاش ھەربىر ئۇرۇق-تۇغقان قېرىنداشلارنى، مۇئەللىم-ئۇستازلارنى، ياشتا

چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشمۇ ۋەزىپىدۇر. بۇ ۋەزىپىدىمۇ نۇقسان يۈز بەرمەسلىكى كېرەك.

ئۆزىدىن چوڭلارغا ھۆرمەت كۆرسەتكەن ئادەملەرگە ئۆزىدىن كىچىكلەر ھۆرمەت كۆرسىتىدۇ. ئادەم نېمە تېرىسا شۇنى ئالىدۇ.

ئاتا-ئانىغا ئىتائەت قىلماسلىق، ئۇرۇق-تۇغقان، ئەجداد ۋە جەمەتكە ھۆرمەت قىلماسلىق زور ئەيىبتۇر.

## ياخشىلىق

دۇنيادا راھەتلىك ياشاشنى ئويلىغان ئادەملەر ئەزگۇ نىيەتلىك ۋە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلغۇچىلاردۇر. ياخشى نىيەتلىك ۋە كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ قەلبى قايغۇدىن خالىيدۇر. ئۇلار دائىم راھەتتە ياشاپ دۇنيا كۆرىدۇ.

ياخشى نىيەتلىك ئادەملەر ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئازابلانمايدۇ.

ئادەم بالىلىرىنى سۆيمەك ۋە قولدىن كەلگەن قەدەر ئۇلارغا ياردەم قىلماقلىق پاك ئىنسانىي ۋىجدان تەرىپىدىن بۇيرۇلغاندۇر. شۇنداق قىلغانلارغا كىشىلەرنىڭ رەھمىتى ياغار.

تەندىكى ئەزالارنىڭ بىرى ئاغرىسا پۈتۈن بەدەن ئازابلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئادەم بالىلىرىدىن بىرىگە قايغۇ-ھەسرەت كەلگەنلىكىنى بىلگەن ھەربىر ئادەم بىردەك قايغۇرۇپ، ھەسرىتىنى ئورتاقلىششى لازىم. چۈنكى دۇنيادىكى ئادەملەر بىر تەندىكى ئەزالارغا ئوخشايدۇ.

كىشىلەرگە سۆيۈملۈك بولۇشنى ھەر كىم ئارزۇ قىلىدۇ، بۇنىڭدىن كېلىدىغان لەززەتنى ھەر كىم ھېس قىلىدۇ. لېكىن سۆيۈملۈك بولۇش ئۈچۈن بىرلا يول بار، ئۇ بولسىمۇ باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشتۇر. ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى ھەر كىم سۆيەر ۋە ئۇلارغا مۇھەببەت بىلەن قارار.

## بىلىم ئېلىش

بىلىملىك كىشىلەر مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئوخشار، مېۋىلىك دەرەخ مېۋىلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئوزۇقلاندۇرۇپ تۇرغانغا ئوخشاش، بىلىملىك ئادەملەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ بىلىملىرى بىلەن كىشىلەرنى ئوزۇقلاندۇرۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىلىم ئېگىلەشنى ياش ۋاقتىدىن باشلاش زۆرۈر.

ئۆتكەن ئۆمۈرنى قايتۇرۇپ بولماس، ئۇ ئەڭ قىممەتلىك بىر دۆلەتتۇر. شۇنداق ئىكەن، بۇ قىممەتلىك دۆلەتنىڭ قەدرىنى بىلىش كېرەك. ئادەم ئۈچۈن ئىشەنچلىك كامالەت پەقەت ئىلىمدۇر.

ئوقۇغان نەرسىلەرنى ياخشى چۈشىنىش، چۈشەنگەن نەرسىلەرنى ئەستە ساقلاش لازىم. ئوقۇشنىڭ پايدىسى پەقەت شۇ چاغدىلا بولىدۇ. ئەكسىچە چۈشىنە-چۈشەنمەس ئوقۇشتىن مەنا چىقمايدۇ. ئادەم ھەم ھايۋان، ھەم ئىنساندۇر. ھايۋانلىقى يېيىشتە، ئىنسانلىقى بولسا ئىلىمدە ئىپادىلىنىدۇ. ئوقۇمىغانلارنىڭ تۆت پۇتلۇق ھايۋانلاردىن پەرقى يوقتۇر. بۇنى

ھەركىم بىلىدۇ.

ئوقۇش ئورۇنلىرى— مەكتەپلەردە بىلىم ئۆگىنىلىپلا قالماي، يەنە كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشنى بىلىش، ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلارمۇ ئۆگىنىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەكتەپنى، مۇئەللىمنى سۆيۈش، كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇش كېرەك.

## پاكىزلىق-پاكلىق

قول، يۈز، كىيىم-كېچەك، كىتاب ۋە باشقا ھەر تۈرلۈك نەرسىلەرنى كىرسىز، چاڭسىز تۇتۇش پاكىزلىق، پاكلىق بولىدۇ. بۇ نەرسىلىرى كىر كىشىلەردىن ئادەملەر يىرگىنىدۇ، قاچىدۇ.

ئادەملەر پاك بولغان ۋە پاك يۈرگەنلەرنى سۆيىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن پاكىزلىق ۋە پاكلىققا ياش ۋاقتىدىن باشلاپ ئۆگىنىش ۋە ئادەتلىنىش لازىم.

پاكلىققا ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ئادەت قىلىش زۆرۈردۇر.

پاكىزلىق ۋە پاكلىق ئەڭ ماختاشقا لايىق سۈپەت ئىكەنلىكى ھەممىگە ئېنىق. ئەڭ يىرگىنىشلىك، ئىپلاس ئادەملەرمۇ پاكىزلىق ۋە پاكلىقنى سۆيىدۇ، ئىپلاس، نجىس كىشىلەردىن يىرگىنىدۇ.

مەينەت، ئىپلاس ئادەملەرنىڭ گۈزەللىكلىرىمۇ كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. ھەرقانچە گۈزەل بولسىمۇ مەينەت ئادەملەردىن كىشىلەر نەپرەتلىنىدۇ، ئۇلار بىلەن يېقىن يۈرۈشنىمۇ ياقتۇرمايدۇ.

ئەڭ زور زىننەت ۋە ئەڭ ئۇلۇغ بايلىق پاكىزلىق ۋە

پاكلىقتۇر. بۇنى ھەر ۋاقىت ئەستە تۇتۇش ۋە ھەر ۋاقىت شۇنىڭغا ئەمەل قىلىش لازىم.

پاكلىق ھەر سائەتتە سوپۇن بىلەن يۇيۇنۇپ تۇرماق ئەمەس، ھەر كۈنى كىر، قول ۋە باشقا نەرسىلەرنى توختىماي يۇيماقمۇ ئەمەس، بەلكى ھەر نەرسىنى ئۆزىنىڭ ھاجەت ۋاقتىدا يۇيماق، يۇيۇلغان نەرسىلەرنى ساپ پېتى تۇتماقتۇر. ئەكسىچە ئۆردەك كەبى بىر ياقتىن يۇيۇنۇپ، بىر ياقتىن پاتقاقتا ئېغىناش پاكلىق ئەمەس.

## گۈزەل ئەخلاق

ئادەم بالىسىنىڭ قەدىر-قىممىتى، ھۆرمىتى ئۇنىڭ ئەخلاقىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. گۈزەل ئەخلاقلىق ئادەملەر ئەڭ مۆتىۋەر بولۇپ، ئەخلاقسىزلار بولسا خەلق ئالدىدا قەدىرسىزدۇر.

ئادەم بالىسىنىڭ ياش چېغىدا ئۆگەنگەن ئادىتى مەڭگۈ شۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن گۈزەل ئەخلاقنى ياش ۋاقتىدا ئۆگىنىش كېرەك.

گۈزەل ئەخلاق ھەربىر ئادەم ئۈچۈن زۆرۈردۇر. ئەخلاقسىز قىزلار خەلق ئارىسىدا ياخشى نام چىقىرالمايدۇ، ئەتىۋارىمۇ بولمايدۇ.

گۈزەل خۇلقلارنىڭ ئانىسى ھايا بىلەن ئىپپەتتۇر. بىر قىزدا ئەگەر ھايا بىلەن ئىپپەت بولسا، گۈزەل خۇلقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدا بولغان بولىدۇ.

تەكەببۇر بولماق، يالغان سۆزلىمەك، سۆز توشىماق،

ئارسىز، نومۇسسىز بولماق، ئەدەپ-قائىدىلەرگە ئېتىبارسىز قارىماق هاياسىزلىق هەم ئىپپەتسىزلىكتۇر.

## سالامەتلىكنى ئاسراش

ئادەم بالىسىنىڭ ئەڭ زور بايلىقى ئۆز تېنىنىڭ سالامەت بولىشىدۇر. ئادەم بالىسى ئۇشبۇ زور بايلىقنىڭ قەدرىنى كۆپ ۋاقىت بىلمەي ئۆتكۈزىۋېتىدۇ. تېنى ساغلام بولمىغان ئادەم پۈتۈن دۇنياغا خوجا بولسىمۇ كۆزىگە كۆرۈنمەيدۇ، ئازراق بولسىمۇ راھەت كۆرمەيدۇ. كۆپ كېسەللىكلەرنىڭ نېمىدىن كېلىپ چىقىدىغانلىقى ئېنىقتۇر. شۇلارنى بىلىپ، ئۆزىنى ئاسرىغۇچىلار كۆپ ۋاقىت سالامەت كۈن ئۆتكۈزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كېسەللىككە سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەردىن ساقلىنىش لازىم. تەن قىزىپ تۇرغاندا سوغۇق سۇ ئىچمەك، تەرلىگەن هالدا سوغۇق هاۋاغا چىقماق، كۆمۈر ئىسى بار يەردە ئولتۇرماق، ياغلىق نەرسىلەرنى هەم گۆشنى كۆپ يېمەك، هاراق ئىچمەك، تاماكا چەكمەك قاتارلىقلار كېسەللىك كەلتۈرگۈچى سەۋەبلەر ئىكەنلىكى مەلۇمدۇر.

تەن ۋە كىيىملەرنى پاكىز تۇتماق، ئورۇن-كۆرپىلەرنى پاكىز تۇتماق، يۇيۇنماق، ئۆي خىزمەتلىرىنى قىلماق سالامەتلىككە پايدىلىق سەۋەبلەردۇر.

ئائىلىدە توساتتىن بىر ئادەم كېسەل بولۇپ قالسا، كېسەلنى كۈتۈشنى بىلمىگەن خوتۇن - قىزلار تەمتىرەپ قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كېسەللىكلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى بىر ئاز بولسىمۇ بىلىش

بىلەن بىرگە، كېسەل بولۇپ ياتقانلارنى كۈتۈش ئۇسۇللىرىنى قىزلار بىلىشكى لازىم.

## ئۆيلىنىش-نىكاھ

دۇنيادا ياشىغۇچى ئادەملەر ئەگەر تېنى سالامەت بولسىلا، ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك جورا تاللاش زۆرۈردۇر، بۇ ھەممە ئادەمگە مەلۇمدۇر.

كىشىلەر بازارغا بارغان چاغلىرىدىمۇ ئۆز يولداشلىرىنىڭ ياخشى، ئۆزىگە يارايدىغان بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. كۆڭلىگە ياقمىغان ئادەم بىلەن بىللە يۈرۈشتىن ساقلىنىدۇ. ھالبۇكى، تىرىكلىك يولدىشى بەش-ئون چاقىرىم يەردىكى بازارغا بېرىش ئۈچۈن ياكى بىرنەچچە كېچە-كۈندۈز بىللە يۈرۈش ئۈچۈن تاللانغان يولداش ئەمەس، بەلكى ئۇ بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتۈپ، بىللە كۈن ئۆتكۈزىدىغان يولداشتۇر.

يولداشنىڭ ياخشى بولۇشىنىلا تەكشۈرۈش يېتەرلىك ئەمەس. ئۇنىڭ خۇلقىنى، مىجەزىنى بىلىشكە تىرىشىش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا يولداش بولۇشقا يارايدىغان-يارىمايدىغانلىقىنىمۇ تەكشۈرۈش لازىم. شۇ سەۋەبتىن ئەرگە تەگكۈچى قىز ئېرىنىڭ ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىش-كەلمەسلىكىنى، ھەمدە ئۆزىنىڭ شۇ ئەرگە مۇۋاپىق كېلىش-كەلمەسلىكىنىمۇ ھېسابقا ئېلىشى كېرەك.

ئەرگە تەگكۈچى قىزلار ئۈچۈن كېرەك بولغان كۆزىتىشلەر خوتۇن ئالغۇچى ئەرلەرگىمۇ زۆرۈردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە

ئايال بىلەن ئەرنىڭ كىم ئىكەنلىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بىر-بىرى توغرىسىدىكى ۋەزىپىلىرى سۆزلىنىدۇ.

## ئايال كىم؟

ئايال يوسۇن بويىچە بىر ئەرنىڭ تىرىكلىك يولدىشىدۇر. ئېرىنىڭ ئۆيىگە ۋە ھويلىسىغا خوجا بولۇپ تۇرغۇچىدۇر. ئېرىنىڭ كۆڭۈلسىز ۋە ھەسرەتلىك چاغلىرىدا ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرگۈچى، قانداقلا بولسۇن خۇشال قىلىشقا تىرىشقۇچىدۇر.

ئايال ئېرىنىڭ مال-مۈلكىنى ساقلىغۇچى، پۇلىنى ئاز خىراجەت قىلىشقا تىرىشقۇچىدۇر. ئېرىنىڭ، بالىلىرىنىڭ تەن ۋە كۆڭۈللىرىنى ئاسراپ ئۆستۈرگۈچى، ئېرىدە بولغان بۇزۇق ئادەت، بۇزۇق مىجەزلەرنى تۈگىتىشكە سەۋەب بولغۇچىدۇر.

ئايال ئەرنىڭ قاتتىق كۆڭلىنى يۇمشاتقۇچى، پۈتۈن ئائىلىنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرغۇچى، بۇزۇپ-چېچىشتىن ساقلىنىپ كەلگۈسى ئۈچۈن مال يىغقۇچىدۇر. ئايال پات-پات ئويناپ تۇرىدىغان قورچاق ئەمەس، ئايال بۇگۈنى كىيىپ، ئەتىسى سالىدىغان كىيىم ئەمەس، ئايال ھايۋان ئەمەسكى ياقسا بېقىپ، ياقمىسا بازارغا ئېلىپ بېرىپ سېتىۋېتىلىدىغان، ئايال خىزمەتكار ئەمەسكى، ياخشى ئىشلىسە ساقلاپ قېلىپ، ياخشى ئىشلىمىسە قوغلىۋېتىلىدىغان، بەلكى ئۇ ئۆمۈرلۈك بىر يولداشتۇر.

# ئەر كىم؟

ئەر يۇسۇن بويىچە ئايالنى ئۆزىگە يولداش بولۇشقا قوبۇل قىلغۇچىدۇر. ئاتا-ئانىسىدىن، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىدىن ئايرىلىپ ئۆزىگە يار بولغان ئايالنى ھۆرمەت قىلغۇچى ۋە تەربىيە قىلغۇچىدۇر.

ئەر ئايالنى مۇشەققەتلەردىن، زىيان-زەخمەتلەردىن ئاسرىغۇچىدۇر. ئايالنىڭ بىلىپ-بىلمەي قىلغان ئىشلىرىنى كەچۈرۈپ، ياخشى نەسىھەت قىلغۇچى ۋە ھەر ۋاقىت ئايالنى شەپقەت قاناتلىرى ئاستىدا تەربىيە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

ئەر ئايالىغا نىسبەتەن ھەر ۋاقىت ياخشىلىق قىلغۇچىدۇر. ئۇ ئايالنى كۈچى يەتمىگەن خىزمەتلەرنى بېجىرىشكە زورلىماسلىقى كېرەك. ئايالىغا نىسبەتەن قاتتىق كۆڭۈل بولۇشتىن ۋە ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندە قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلدۇرمەي يۈرۈشتىن ساقلىنىشى لازىم.

ئەر ئۆزىنى خوجايىن بىلىپ، ھەر ۋاقىت ئۆز مۇرادىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشماستىن، بەلكى يۇسۇن ۋە ئەقىلگە خىلاپ بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئاياللارنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنىمۇ بەجا كەلتۈرۈشى كېرەك، بار-يوق نەرسىلەر ھەققىدە ئايالنى تەڭلىكتە قويماسلىقى كېرەك.

ئەر بىلەن ئايالنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، نىكاھ ئەدەپلىرىنىمۇ بىلىش كېرەك. ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئۆزلىرى ۋە بالىلىرى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان نىكاھتا ھەر ئىككى تەرەپتە

قىزغىنلىق، خۇلق ۋە مىجەز جەھەتتە مۇۋاپىقلىق، ياش جەھەتتىكى مۇناسىپلىق، نەسەب جەھەتتە بىر-بىرىدىن يىراق بولۇش كېرەكتۇر.

## قىزغىنلىق

ئەر بىلەن ئايال ئۆيلىنىشنى ئارزۇ قىلسا ۋە ئۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن زۆرۈر دەپ بىلسە نىكاھ قىلىش لازىم. ئەگەر ھەر ئىككىسى ياكى ئىككىسىدىن بىرى نىكاھنى ئۆزى ئۈچۈن زۆرۈر تاپمىسا ۋە ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا نىكاھتىن پايدا يوق. بۇنىڭدىن باشقا ئۆيلەنگۈچى يىگىت بىلەن قىز بىر-بىرىنى قىزغىنلىق بىلەن ياقتۇرۇشى لازىم. ھەر ئىككىسى ياكى بىرى ئىككىنچىسىنى كۆڭۈل بېرىپ سۆيمىسە، ئۇ نىكاھتىن پايدا يوق. بىر-بىرىگە ئۆزئارا قىزغىنلىق ۋە بىر-بىرىگە مۇھەببەت بولمىغان قىز-يىگىتنى نىكاھ بىلەن باغلاپ جەم قىلىپ قويۇش بىر-بىرىگە دۈشمەن بولغان ئىككى ئادەمنى بىر ئۆيگە قاماپ قويغانغا ئوخشاشلا بىر ئىشتۇر.

كەپتەر بىلەن قارچىغا، تۇمۇچۇق بىلەن مۈشۈكياپىلاق بىر قەپەستە ياشىيالمايدۇ، ئىت بىلەن تۈلكە، مۈشۈك بىلەن كىرپە بىر يەردە كۈن كۆرەلمەيدۇ. ئارىسىدا بىر-بىرىگە قىزغىنلىق ۋە مۇھەببەت بولمىغان ئەر بىلەن ئايالمۇ بىرگە تىرىكچىلىك قىلالمايدۇ، تىرىكچىلىك قىلسىمۇ راھەت كۆرەلمەيدۇ، شۇنداقلا بىر ئۆمۈر قايغۇ-ھەسرەت بىلەن ئۆتىدۇ.

ئۆزلىرى ئاڭلىمىغان، بىلمىگەن، ئۆزلىرى ئارزۇ قىلمىغان ۋە مۇھەببىتى چۈشمىگەن يىگىتلەرگە قىزلارنى زورلاپ بېرىشكە ھېچكىمنىڭ ھەققى يوقتۇر.

قىزلارنى زورلاپ نىكاھلىغۇچىلار، بىر-بىرىگە مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئىككى ئارىدا دۈشمەنلىك قىلىپ، ئىككى تەرەپنى ئالداپ كېلىشتۇرگۈچىلەر ئەڭ چوڭ زالىم ۋە خائىنلاردۇر.

بىر قىزنى ئۆزى ئارزۇ قىلمىغان ئادەمگە زورلاپ بەرمەك، شۇ قىزنى ئۆلتۈرۈش بىلەن تەڭ قاتتىق كۆڭۈللۈكتۇر. قىزلارنىڭ ئارىسىدا ئەنە شۇنداق زورلاپ بېرىش بىلەن ئۆمۈر بويى ئۆلۈم قايغۇسىنى چېكىپ ئۆتىدىغانلار كۆپتۇر.

## مۇۋاپىق بولۇش

نىكاھ قىلىنىغۇچى قىز-يىگىت مىجەز-خۇلقى جەھەتتە بىر-بىرىگە مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. بىر-بىرىنىڭ مىجەز-خۇلقىنى ياقتۇرمىغان ئادەملەر بىر چاقىرىم يەرگىمۇ بىللە بارالمايدۇ. ئۇنداقتا، مىجەز خۇلقى بىر-بىرىگە مۇۋاپىق بولمىغان قىز بىلەن يىگىت قانداق قىلىپ دۇنيا سەپىرىدە بىللە بولالىسۇن ۋە قانداق قىلىپ بىر جان، بىر تەن بولالىسۇن؟

بىر قېتىم يۈزلىرىنى، بويىنى كۆرۈش بىلەن قىز-يىگىت بىر-بىرىنىڭ مىجەز-خۇلقىنى پۈتۈنلەي بىلىپ ۋە سىناپ بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ ئەتراپلىق چۈشىنىشكە،

كۆپرەك بىلىشكە تىرىشىش زۆرۈر.

سۈتىنى سېغىپ ئىچىش ئۈچۈن سېيىر ئالغان ئادەممۇ ئۇزاق ۋاقىت ئالماقچى بولغان سېيىر ھەققىدە بىلگەنلەردىن سورايدۇ. شۇنداق ئىكەن ئۆمۈر بويى بىللە تۇرىدىغان ۋە بىللە ياشايدىغان ئادەم ھەققىدە سوراش ۋە ئۇنىڭ ھالىنى ئوچۇق بىلىش ئۈچۈن كۆپرەك ئىجتىھات قىلىش لازىم.

مىجەز-خۇلقىنىڭ ئوخشاشلىقىنى بىلىشنىڭ ئورنىغا بولغۇسى ئەرنىڭ مېلىنى، كىيىم-كېچەك، ئۆي جاھازلىرىنى، ئاتا-ئانىسىنى تەكشۈرۈش بىلەنلا قانائەت قىلسا، ئاخىر بىر ئۆمۈر پۇشايمان قىلار ۋە ئۆز-ئۆزىنى قارغاپ ئۆتەر. مىجەز-خۇلقى مۇۋاپىق بولمىغان ھالدا يالغۇز مال-بايلىققىلا قىزىقىپ، شۆھرەت-دەرىجە ئىزدەپ قىزلىرىنى نىكاھ قىلغۇچىلار ئادەم بالىسى بىلەن سودا قىلغۇچىلاردۇر. چۈنكى بۇنداق نىكاھ ھەقىقىي مەنىدىكى نىكاھ ئەمەستۇر.

## ياش جەھەتتىكى مۇناسىۋەت

نىكاھ قىلىدىغان ئادەملەر بەك قېرى ياكى بەك ياش بولماسلىقى، شۇنداقلا نىكاھ قىلىنغۇچى قىز بىلەن يىگىتنىڭ يېشى بىر-بىرىگە مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. نىكاھ قىلىنغۇچى قىز بىلەن يىگىت ئوتتۇرىسىدىكى ياش مۇناسىۋىتىنىڭ نورمال بولۇشىنى تەبىئەت بەلگىلەيدۇ. تەبىئەتكە خىلاپ بولغان نىكاھ ئىشەنچلىك نىكاھ ئەمەستۇر.

پەن ئەھلى ۋە تېۋىپلەر نىكاھ ۋاقتىنى قىزلار ئۈچۈن ئون سەككىز بىلەن ئوتتۇز ياش ئارىسىدا، يىگىتلەر ئۈچۈن يىگىرمە بەش بىلەن ئوتتۇز يەتتە ياش ئارىسىدا بولۇشنى مۇۋاپىق دەپ قارايدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن قىزلار ئون توققۇز، يىگىتلەر يىگىرمە بەش ياشقا يەتمەستىن بۇرۇن، ھەم قىزلار ئوتتۇز بىر، يىگىتلەر ئوتتۇز يەتتە ياشتىن كېيىن بولغان نىكاھلار ۋاقىتسىز نىكاھلاردۇر.

ئۆيلەنگۈچى يىگىت بىلەن قىز ئوتتۇرىسىدىكى ياشنىڭ مۇناسىۋىتىنى پەن ئەھلى ۋە تېۋىپلەر خوتۇن بولغۇچى قىز ئۆزىگە ئەر بولغۇسى يىگىتتىن ئالتە ياش مىقداردا كىچىك بولۇشى لازىم، ئەمما ئون ياشتىن ئارتۇق پەرق مۇۋاپىق ئەمەستۇر، دەيدۇ.

## جورلۇق

ئۆمۈرلۈك يولداشلار، يەنى ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدا قاچانكى باراۋەرلىك بولسا، شۇ چاغدا بىرلىك ۋە دوستلۇق بولىدۇ. بولمىسا، ئارىدا كەمسىتىش يۈز بېرىپ شۇ سەۋەبتىن ئائىلە بۇزۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بايلىق، بىلىم-تەربىيە توغرىسىدا يىگىت بىلەن قىز باراۋەر بولۇشى كېرەك. تەربىيە كۆرگەن، ئىلىملىك، گۈزەل خۇلقلۇق قىز بىلەن يىگىتنى تەڭ سانىماسقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق.

دۇنيانىڭ راھىتى بايلىقتا ئەمەس، بەلكى كۆڭۈل تىنچلىقىدىدۇر.

لېكىن، ياشلىق سەۋەبىدىن بەزى قىزلار ئۆزلىرىگە جورا بولىدىغانلارنى جورا كۆرمەسلىكى، جورا بولمايدىغانلارنى جورا ھېسابلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇچۇن قىز-يىگىتلەر نىكاھ توغرىسىدا چوڭلار ۋە تەجرىبىلىك كىشىلەرنىڭ ھەربىر سۆزلىرىنى ناھايىتى ياخشى ئاڭلىشى، ماھارەت بىلەن كۆزىتىشى كېرەك.

## نەسەب جەھەتتە يىراقلىق

يېقىن قېرىنداشلار ئارىسىدا بولغان نىكاھ قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈنمۇ، ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئۈچۈنمۇ زىيانلىقتۇر. بۇنداق نىكاھتا كۆپ ھاللاردا بالىلارنىڭ زەئىپ، ئەزالىرى كەمتۈك ياكى كېسەلچان بولىدىغانلىقى سىناقتا ئىسپاتلانغاندۇر. شۇڭا ئۈچۈن نىكاھ قىلىنغۇسى ئەر بىلەن ئايال قېرىنداشلىق، مەملىكەت، ئىقلىم جەھەتلەردىن مۇمكىنقەدەر بىر-بىرىدىن يىراق بولۇشى لازىم.

## ئەقىللىق بىر خوتۇننىڭ نەسىھىتى

ئەقىللىق بىر خوتۇن قىزىنى ئەرگە بەرگەندىن كېيىن مۇنداق نەسىھەت قىلغانىكەن:

ئەي قىزىم! بۈگۈندىن باشلاپ بىزنىڭ قولىمىزدىن كەتتىڭ،

باشقا بىر ئادەمگە يار ۋە يولداش بولدۇڭ، سەن ئۇچۇن بەخت-ئامەت تىلىگۈچى ئاناڭ تەرىپىدىن سۆزلەنگەن ئۇشبۇ نەسىھەتلەرنى مەھكەم ئېسىڭدە تۇتقايسەن ۋە مۇمكىن بولغاندا پايدىلىنارسەن.

قىزىم، ئېرىڭ دۇنيا سەپىرىدە ئۆزىگە يولداش، قايغۇدا بىللە قايغۇرغۇچى، شادلىقتا بىللە شادلانغۇچى يولداش بولۇش ئۈمىدى بىلەن سېنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ ئۈمىدىنى ئەسلا يەردە قويمىغايسەن. ئۇ ھەر ۋاقىت سەندىن رازى بولۇپ ياشىسۇن.

قىزىم، تېز كۈنلەردە ئائىلە قۇرۇشقا كىرىشىسەن، ئائىلە قۇرۇشتا ئېتىبارغا ئېلىشقا كېرەك بولغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار. ئېرىڭنىڭ يېقىنلىرىنى، بولۇپمۇ قېيناناڭ، قېيناتاڭنى ھۆرمەت قىل. ئۇلارنى ئۆز ئاناڭ، ئۆز ئاتاڭدەك كۆر. ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى تۇغقانلىرىڭ ھېسابلا، قېينانا، قېيناتاڭنىڭ نەسىھەتلىرىگە ئەمەل قىل. مۇشۇ يىگى تۇغقانلىرىڭنىڭ مىجەز-خۇلقىنى بىلىۋال ۋە شۇنىڭغا قاراپ مۇئامىلە قىل، ئۇلار بىلەن يامانلىشىپ قېلىشتىن ساقلان، چۈنكى بۇنىڭ ئېغىرلىقى ئېرىڭنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ. سەندىن ئۆتسە يېقىنلىرىڭنىڭ كۆڭلىدە قالار، ئۇلاردىن ئۆتسە سەندىن قىزغىنار. بۇنىڭ قايغۇسى بىلەن ئېرىڭ تاماقتىن قالار ۋە ئاخىر كېسەل بولۇپ قالار. ئەرلەر ئۆز كەسپىنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن كۆڭلىنىڭ شاد، تىنچ بولۇشىغا موھتاجدۇر. ئائىلىسىدە ئازراق قايغۇ بولسا ئۇلارنىڭ كەسپىگە تەسىر يېتەر.

قىزىم! ئېرىڭدىن ھېچقانداق سىرىڭنى يوشۇرما، ئېرىڭدىن باشقا بىرىگە سىر ئېيتما. باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئېرىڭگە قارشى گەپ قىلما. چىرايىڭنى تۈرمە. ئەرلەر خوتۇنلىرى تەرەپتىن بولغان ئەڭ زور كەمچىلىكلەرنى كەچۈرەلەيدۇ، ئەمما باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئازراقلا نەرسىنىمۇ ئىچىگە سىغدۇرالمايدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە

خىلاپ ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقتە ئۇلار ئەيىبلىك ئەمەس. ئەگەر يارىماس ئادىتى بولسا، ئۇنى تۈزىتىش ئۈچۈن كۆڭلىنى ئاغرىتماستىن ئىش تۇت.

قىزىم، ئېرىڭ ياقتۇرمىغان ئىشلاردىن، كۆڭلىگە كېلىدىغان ئادەتلەردىن يىراق بول. ئۇنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان ئىشلارنى قىلما. ئېرىڭنىڭ مېلىنى ئاسراپ تۇت، ئىسراپ قىلما.

قىزىم، ئۆيۈڭ تەرتىپلىك، ھەر نەرسە ئۆز جايىدا بولسۇن. بالىلىرىڭنى ئېرىڭگە ئامراق، ئېرىڭنى بالىلىرىڭغا كۆيۈمچان قىلىشقا تىرىش، ئاتىلارنىڭ بالىلار بىلەن ئۆزىنى خوش قىلىشى ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك. بالىلىرىنى سۆيىدىغان ئەرلەر كۆپ ھاللاردا ئىنساپلىق بولىدۇ ۋە بالىلىرى بىلەن ئۆزىنى خۇشال قىلىپ باشقا مۇناسىۋەتسىز نەرسىلەرگە كۆز سالمايدۇ.

قىزىم، بۇ ئېيتقان سۆزلىرىمنى بەجا كەلتۈرۈش ئەقىللىق، تەدبىرلىك خوتۇنلار ئۈچۈن ئېغىر ئىشلاردىن ئەمەس. ئەقىللىق خوتۇنلار كۈچلۈكلەر كۈچى بىلەن قىلالمىغان ئىشلارنى ئەقلىگە تايىنىپ قىلالايدۇ.

قىزىم، بەزى ۋاقىتلاردا ئەرلەر خوتۇنلىرىغا نىسبەتەن تۆۋەن كۆرۈش خاھىشىدا بولىدۇ. دەل شۇ چاغدا مۇشۇ ۋاقىتنى پۇرسەت بىلىپ ئۇنىڭ توغرا بولمىغان ئەيىبلىرى ھەققىدە ئازراق سۆزلە.

قىزىم، ئائىلە ھەر ۋاقىت نېمەت ئەمەستۇر، بەزى چاغلىرىدا زەھىرى، تىكىنى، نەيزىلىرى ھەم بولىدۇ. ئېرىڭ بىلەن ئاراڭغا سوغۇقچىلىق چۈشسە ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن سۆزلە، قىزىرىشما، چىرايىڭنى ۋە ئاۋازىڭنى ئۆزگەرتمە، ھۆرمەت قىل، ئۇ ھەرقانچە ئاچچىقلانسىمۇ قارشى سۆز قىلما. ئەڭ ياخشى خوتۇن ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ، ئاچچىقىغا ھاي بەرگەن خوتۇندۇر.

قىزىم، بالاڭ بولسا ئۇلارنىڭ تېنىنى ئاسرا، مەكتەپكە بارغۇچە ئەقلىي جەھەتتىن تەربىيە قىل، ياخشى قىلىقلارغا ئادەتلەندۈر.

# ئاياللار تەربىيىسى

## مۇقەددىمە

ئاللاتائالا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلدۈرمەك ئۈچۈن ئۇشبۇ ئالەمنى يارىتىپ، ھېسابسىز مەۋجۇدات ئارىسىدا ئىنسانلارنى ئەقىل بىلەن باشقىلاردىن پەرقلەندۈرمىشتۇر. بۇ ئالىي مەۋجۇداتنى كۆپەيتىش ۋە ئۆزىگە مەلۇم بولغان ۋاقىتقا قەدەر ياشىشى ئۈچۈن ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىر-بىرىگە سۆيگۈ-مۇھەببەت ئاتا قىلمىشتۇر. ئاللا ئادەم بالىسىغا ئەقىل، ئىلىم بەرگىنى سەۋەبلىك بۇ ئالەمنىڭ تۈزۈكلۈكىگە ۋە ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيا ھەم ئاخىرەتتە سائادەتلىك بولۇشلىرىغا سەۋەب بولغۇسى نەرسىلەرنى بۇيرۇش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئەكسىنى (يەنى بۇيرۇلمىغان ئىشلارنى قىلىشنى) مەنئى قىلغاندۇر. ئادەم بالىسى شۇ قەدەر بەختلىكدۇركى، ئۇ ئەزمەت ساھىبى ئاللانىڭ بۇيرۇقلىرى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشىغا لايىقتۇر. دۇنيانىڭ تۈزۈكلۈكى ۋە ئادەملەرنىڭ خۇشال بولماقلىرى شەرىئەتكە ئۇيغۇن ھالدا، يەنى نىكاھ قەسىمى بىلەن بىرلىشىشىدە ئىپادىلىنىدۇ.

شەرىئەتكە خاس ھالدا قوشۇلغان ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدا

بولغان مۇھەببەت (سۆيۈشمەك) يالغۇز نەپسىنىڭ تەلپى بولۇپ قالماستىن بەلكى ئاللادىن ئېھسان قىلىنغان بۈيۈك بىر ھەدىيەدۇر. چۈنكى، نەپسىنىڭ پادىشاھلىقى قالمىغان قېرىلىق ۋاقىتلىرىدا ياكى كېسەللىك پەيتلىرىدىمۇ ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ھامان مەۋجۇتتۇر. جىنسداشلارغا ئەزگۈلۈك قىلماق، كىمدەكىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر گۈزەل تىرىكلىك قىلماقتىن ئارتۇق راھەت نەرسە يوقتۇر. مال سەرپ قىلىپ تېپىلمىغان خاتىرىلەر، ئەسكەر چىقىرىپ ھاسىل بولمىغان مۇرادلار گۈزەل خۇلق بىلەن تېپىلۇر. بۇنداق مۇئامىلىدە بولۇش ھەر ۋاقىت، ھەر قانداق ئادەمگە لازىم بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدا بۇنداق مۇئامىلىنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى سۆزلەشكە ھاجەت يوقتۇر. ئاللا تائالادىن ھەدىيە قىلىنغان نىكاھ نېمىتىنى كۆپ ئېتىبار بىلەن ساقلاپ، ئازغىنا بولسىمۇ بىرەر ئورۇندا خاتاغا يول قويماسلىققا ئىنتىلىپ ياشاش ئەر بىلەن ئايالنىڭ ھەر ئىككىسىگە لازىم ئىشتۇر. گۈزەل مۇناسىۋەت ھەر ئىشتا ئادالەت بىلەن بولۇش دېمەكتۇر. ئادالەت بولغاچقا ئاسمان، يەر ئۆز ئورنىدا تۇرىدۇ. ئادالەت، يەنى گۈزەل مۇناسىۋەت بولسىلا نىكاھمۇ ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدا كامىل قۇۋەت بىلەن ياشار. ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئۈچۈن شەرىئەت ۋە ئەقىل تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن مەلۇم ۋەزىپىلەر باردۇركى، ھەربىر ئەر بىلەن ھەر بىر ئايالنىڭ بۇ ۋەزىپىلەرنى بېجىرىشلىرى ھەم قەرز ھەم پەرزدۇر. چۈنكى گۈزەل مۇناسىۋەت بولمىسا، ئۇلار بىر-بىرىگە رىئايە قىلىشماس، مۇھەببەتلىرى بۇزۇلۇر. ئادەم بالىسى مۇھەببىتى بولمىغان كىشىنىڭ ھەر ۋاقىت ئەيىبىنى ئىزلەر ۋە ئازغىنا بىر ئىشى بولسا يۈزىگە سالار. بۇ سەۋەبتىن ئارىدا زاھىر بولغان داۋايۇ غوۋغانىڭ ئاخىرى چىقماس

ۋە بۇ رەۋىشتە بولغان تىرىكلىكتە لەززەت بولماس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەقىللىق، تەربىيىلىك ئەرلەر ۋە ئايالالار گۈزەل مۇناسىۋەتنى ئۇلۇغ بىر نېمەت دەپ بىلۇر، بۇنى بۇزغۇسى نەرسىلەردىن ھەر ۋاقىت يىراق تۇرار ۋە بۇ جەھەتتىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان گۈزەل مۇناسىۋەت كۈندىن-كۈنگە مەھكەم، لەززەتلىك بولۇر.

بىز بۇ يەردە تەربىيىلىك ئايالالارنى تەرىپلەپ يازماقچىمىز. يازغانلىرىمىزدىن ئايالالارنىڭ ۋەزىپىلىرىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم بولۇر. ئەگەردە ئايالالار ئۇشبۇ ئۆزگە تېگىشلىك ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلغاندا كەمچىلىك سادىر قىلمىسا، شۈبھىسىز ئەرلىرىنىڭ مۇھەببەت ۋە ھۆرمىتىگە مۇۋەپپەق بولۇر، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىمۇ گۈزەل مۇكاپاتقا سازاۋەر بولۇر. تەربىيىلىك ئايالالار تەربىيىسىز ئايالالارغا نىسبەتەن راھەتتە ياشاپ، ئاخىرەتتىمۇ ئۇلۇغ ۋە مەڭگۈلۈك مەرتىۋىگە ئېرىشۇر. تەنلىرى تۇپراققا كۆمۈلگەن تەقدىردىمۇ ئىسملىرى ھەر قاچان ھۆرمەت بىلەت مەجلىسلەردە سۆزلىنۇر ۋە خەيرلىك دۇئا بىلەن زىكرى قىلىنۇر. ھەتتا كىتابلارغا يېزىلىپ كەلگۈسىدىكىلەرگە ئۈرنەك ۋە مىسال قىلىنىپ كۆرسىتىلۇر. ئەمما تەربىيىسىز ئايالالار تەربىيىسىزلىكلىرى سەۋەبىدىن دۇنيادا تۈرلۈك جاپالار تارتىپ ۋە يامان نام قالدۇرۇپ كېتۇر. ئۇلار ھايات ۋاقتىدىمۇ راھەت كۆرەلمەس، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ راھەت ئالالماس.

گۈزەل مۇناسىۋەت توغرىسىدا ئايالالارنىڭ ۋەزىپىلىرى كۆپ بولسىمۇ بىز تۆۋەندە ئەڭ لازىملىرى خۇسۇسىدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

## ئېتىقاد

تەربىيىلىك ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادلىرىنى يۇزۇق تۇتماقتىن كامىل ئېتىبار بىلەن ساقلىنۇر. ئۇلار شەرىئەت بۇيرۇغان نەرسىلەرنى ئېنىق ئاڭلاپ ۋە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىپ، شەرىئەت مەنئى قىلغان نەرسىلەرگە ھەرگىز ئېتىقاد قىلماس. سېھىرگەر، پالچى، كىشىلەر ئارىسىنى مەنىۋى سەۋەبلەر بىلەن بۇزىدىغان ياكى تۇزىتىدىغان جىن، پەرىلەرنى خىزمىتىگە سېلىشنى دەۋا قىلغۇچى كىشىلەرگە ئەسلا ئىشەنمەس. بۇنداق كىشىلەر پەقەت ئالدامچى، كۆز بويامچى بولغانلىقى ئۈچۈن تەربىيىلىك ئاياللار ئۇلارغا يورۇق يۈز كۆرسەتمەس، ئەرلىرىنىمۇ قوبۇل قىلماس. سېھىرگەرگە، پالچىغا بىر ئايال ئىشەنسە، ئۇنىڭ كەينىدىن ئېرىمۇ ئاستا-ئاستا ئىشىنىشكە باشلايدۇ. بۇنداق ئاياللارنىڭ يامان ئېتىقادى بالىلىرىغىمۇ مىراس بولۇپ قالىدۇ. ئاخىرىدا يۇرت ئىچىدىمۇ ئىمان، ئېتىقاد قالمايدۇ، كىشىلەر ھەممە نەرسىدىن شەك-شۈبھىگە چۈشۈپ، پۈتۈنلەي قورقۇنچلۇق خىيال ئىچىدە قالىدۇ. بۇنداق يۇرتنىڭ ھالى ئاققۇرت چۈشكەن ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئۇۋىسىغا ئوخشايدۇ.

## ئىتائەت

تەربىيىلىك ئاياللار شەرىئەت ۋە ئەقىلگە خىلاپ بولمىغان

ئەھۋالدا ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ. چۈنكى ئايالنىڭ زىمىسىدە ئەرلەرنىڭ كۆپ ۋە ئۇلۇغ ھەقلىرى باردۇر. ئاللا تائالانىڭ رازىلىقىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاخىرەتتە شادلىق كۈتكەن ئايال ئۈچۈن ئېرى بىلەن گۈزەل مەئىشەت قىلماق ۋە سۆزلىرىنى جان دىلى بىلەن ئاڭلاپ ئىتائەت بولماق لازىمدۇر. بۇنىڭ ئەكسىنى قىلغان ئايال دۇنيادا پۇشايمان قىلىدۇ، ئاخىرەتتە قورقۇنچلۇق جازا كۆرەر. پەيغەمبىرىمىزنىڭ «ئېرىنى رازى قىلغان ھالدا ۋاپات بولغان ئايال جەننەتكە كىرىدۇ». «بەش ۋاق نامىزىنى ئوقۇغان، پەرز روزىسىنى تۇتقان، ئۆزىنى نامەھرەملەردىن ساقلىغان، ئېرىگە ئىتائەت قىلغان ئايال ئاللاتائالانىڭ جەننىتىگە كىرەر». «ئەگەر بەندىلەرگە سەجدە قىلماق شەرىئىتىمىزگە ئۇيغۇن بولسا، ئاياللارنى ئەرلىرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرار ئىدىم» دېگەن سۆزلىرىدىن ئەرلەرگە ئىتائەت قىلىشنىڭ ئاياللار ئۈچۈن ئۇلۇغ بۇرچ ئىكەنلىكى ھەمدە ئىتائەتلىك ئاياللارنىڭ كەلگۈسىدە كۆپ راھەتتە ئۆتىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، شەرىئەتكە خىلاپ بولمىغان ئورۇنلاردا ھەر ۋاقىت ئەرلىرىگە ھۆرمەت ۋە ئىتائەتتە بولۇپ ئۆمۈر ئۆتكۈزمەك لازىمدۇر. ئاياللارنىڭ شۆھرەتلىرى ۋە شەرەپلىرى ئەرلىرىگە ئىتائەت قىلماق، سائادەتلىرى ئۆي ئەھلىنى گۈزەل بىلمەكتىن ئىبارەتتۇر.

تەربىيىلىك ئاياللار خۇلقسىزلىق قىلىپ، ئەرلىرىنىڭ چاچ-ساقاللىرىنى بالدۇر ئاقارتىشتىن، ئەركىلەپ قارشى سۆزلەرنى قىلىشتىن ۋە مۇرادىغا خىلاپلىق قىلىشتىن بارلىق تاقەتلىرى بىلەن ساقلىنىدۇ. ئەر نەقەدەر ئەخلاقسىز ۋە مىجەزى ئوسال بولسىمۇ ئايالى تەربىيىلىك بولسا، ئۆز ۋەزىپىسىگە رىئايە قىلىپ، ئېرىنىڭ

قىلىقلىرىنى ئۇچۇشار، تىرىشچانلىقى ۋە ئېتىقادى سەۋەبلىك ئېرى بىلەن گۈزەل كۈن ئۆتكۈزمەككە مۇۋەپپەق بولار. گۈزەل تۇرمۇش دەپ شۇنى ئەيتۇر. ئادەملەرنىڭ كۈچى يەتمىگەن بىر خىزمەتنى گۈزەل خۇلق كامىل قىلۇر. ماللار بىلەن تۈزىتىلمىگەن مىجەز گۈزەل خۇلق بىلەن تۈزىتىلۇر.

تەربىيىلىك ئاياللار گەرچە ئەرلىرى مەملىكەتكە ھۆكۈمران بولغان پادىشاھلار ۋە ئىلىملىرى دەريا بولغان ئۇستازلار بولسىمۇ، ئۆز ۋەزىپىلىرىنى بىلىپ ھەرىكەت قىلىشلىرى، ئۇلپەت ئەدەپلىرىگە رىئايە قىلىشلىرى، ئىخلاس بىلەن تائەت-ھۆرمەت كۆرسىتىشلىرى سەۋەبلىك ئەرلىرىنىڭ كۆڭلىنى تېپىشنى بىلەر. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي ئەرلىرىنى ئۆزلىرىگە رام قىلىشنى بىلۇر.

## ئەرنىڭ يېقىنلىرىغا رىئايە قىلىش

تەربىيىلىك ئاياللار ئەرلىرىنىڭ ئاتا-ئانىلىرىغا، بالىلىرىغا، قېرىنداشلىرىغا ۋە قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر دوستلىرىغا رىئايە قىلىشتا نۇقسان سادىر قىلماس. كىشىنىڭ كۆڭلىنى تاپماق دوستنى دوست، دۈشمەننى دۈشمەن بىلىشتىن باشلىنۇر. بۇنىڭ ئەكسىچە دوستنى دۈشمەن، دۈشمەننى دوست قىلىشتا كۆڭۈل تاپماق ئورۇنسىز ئىش ھېسابلىنۇر. ھەتتاكى دوستىنىڭ ئېتىنىمۇ باشقا ئىتلاردىن ئارتۇق كۆرمەك لازىم، دېگەن گەپ بار. ئاددىي ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا بولغان دوستلۇقنىڭ شەرتلىرى بۇ دەرىجىدە بولغان ئىكەن، ھەر ۋاقىت ئېرىنىڭ كۆڭلىنى تاپماق

بۇرچ ھېسابلانغان بىر ئايال ئۈچۈن ئېرىنىڭ يېقىنلىرىغا نەقەدەر رىئايە قىلىش، ھۆرمەت كۆرسىتىش لازىملىقىنى ھەممە ئادەم بىلەر. ھەقتىن قورقۇش ئۈمىدى بولغان بىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىغا، خۇسۇسەن ئاتا-ئانىسىغا قىلىنىدىغان ھۆرمەتلەرنى ئايالىنىڭ يۈز-خاتىرىسى ئۈچۈن ھېچ ۋاقىت پىدا قىلماس. پەرەز قىلايلى، بىر ئەر ئۆزىنىڭ تەربىيىسىزلىكىدىن ۋە ئادىمگەرچىلىكىنىڭ يوقلۇقىدىن يېقىنلىرىنى ھۆرمەت قىلىشنى كۆڭلىگە كەلتۈرمىسە، ئەمما ئايالى تەربىيىلىك بولسا، ئۆزى ئىززەت-ھۆرمەتكە رىئايە قىلىشتىن تاشقىرى ئېرىنىمۇ شۇنداق يولغا باشلاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلۇر. ھويلىلارنىڭ بىر-بىرىگە تۇتاشلىقى ۋە ئۆيلەرنىڭ بىر-بىرىگە يېقىنلىقى سەۋەبلىك شەرىئىتىمىزدە قوشنىلارنىڭ ھەققى ئۇلۇغ بولغان ئەھۋال ئاستىدا، بىر جان، بىر قان بولغان يېقىنلارنىڭ ھۆرمىتىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ بولىدىغانلىقىنى ھەر كىم ئويلىسۇن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېرىنىڭ يېتىم بالىلىرىنى ئۆز بالىسى قاتارىدا ياخشى تەربىيە قىلىش ۋە ئۆستۈرۈش ئاياللار ئۈچۈن لازىم بىر ئىشتۇر.

كىشى نەقەدەر قاتتىق كۆڭۈل ۋە ئاچچىق سۆزلۈك بولسىمۇ ئۆز بالىسىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن خورلىنىشىغا رازى بولماس. بەزىبىر ئۆگەي ئانىلار تەرىپىدىن بالىلىرىغا زۇلۇم قىلىنغاندا ئاتىلارنىڭ ئېغىز ئاچماي تۇرۇشلىرى ئۇلارنىڭ بۇ ئىشقا رازىلىقلىرى ياكى بالىسىنى سۆيمىگەنلىكلىرىگە، ئايالىنى بالىسىدىن ئارتۇق كۆرگەنلىكىگە نىشان بولماس. بۇنىڭ ئىككىنچى بىر ھېكمىتى باردۇر. پەرەز قىلايلى، بىر ئاتا ئۆزىنىڭ يېتىم بالىسىغا قارىغاندا ئايالىنى ئارتۇق سۆيسە، ئايالىنىڭ ئاچچىق سۆزلىرى، غەزەپلىك بېقىشلىرى ۋە ئاياۋسىز مۇشتلىرى ئاستىدا

بالىسىنىڭ ئېزىلىشىگە قايغۇرمىسا، شۇ يېتىم بالىنىڭ ئاھلىرىغا قۇلاق سالغۇچى چىقماسمۇ؟ ئۇلارنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشلىرىغا دىققەت قىلغۇچى تېپىلماسمۇ؟ ئەلۋەتتە چىقىدۇ ۋە تېپىلىدۇ. بىر كۈنى كېلىپ بۇنداق ئائىلە ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسىگە بىرمۇبىر جاۋاب بېرىدۇ، ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن ئانىلىق بۇرچ بەلكى ئىككى ھەسسىلەپ قايتۇرۇپ ئېلىنىدۇ. ھالبۇكى ئۆگەي بالىلىرىنى چىرايلىق تەربىيىلىگەن ئاياللار ئەرلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ مۇھەببەت بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەر.

ئۆگەي بالىلارغا شەپقەتسىز بولغان ئاياللار ئايال ئەمەس، يىرتقۇچتۇر. ئۆز بالىلىرىنىڭ ئىككىنچى بىر باغرى قاتتىق ئايال تەرىپىدىن خورلىنىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ قارىغان ھەربىر ئايال بۇ سۆزنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىدۇ. يېتىملارغا زۇلۇم سېلىش ۋە شەپقەتسىز مۇئامىلىدە بولۇش قاتتىق بىر گۇناھ بولۇپ، بۇ يالغۇز ئۆگەي ئانىلارغىلا ئەمەس، بەلكى ئۆگەي ئاتىلار ۋە بارلىق يېقىنلارغا، بالىلارغا قارىغۇچىلارغىمۇ تېگىشلىكتۇر. ئەرنىڭ مۇھەببىتىگە چوڭقۇر ئېرىشىش ئۈچۈن بالىسىغا ماسلىشىش، ئەرنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ۋە باشقا يېقىن قېرىنداشلىرىغا ھۆرمەت قىلىشتەك كۈچلۈك سەۋەب بولماس. شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىلىك ۋە ئەقىللىق ئاياللار بۇنى ياخشى بىلىپ، ئۆز يولى بىلەن ئىش تۇتار، بۇ ئىشلىرى ئۈچۈن بۇ دۇنيادا راھەت، ئاخىرەتتە ياخشى قىسمەتلەرنى كۆرەر. بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھاۋادىكى بۇلۇت مىسالى تارقىلىپ كەتمەستىن بەلكى ھايات داۋامىدا ئىگىسىگە قايتار. ئاتا-ئانىسىغا خىزمەت قىلغان كىشىگە بالىسىمۇ خىزمەت كۆرسىتۇر. قېيناتىسى بىلەن قېينانىسىغا خىزمەت قىلىشتىن ئاغرىنىپ، ئېرىنى ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىغان كېلىنمۇ

كەلگۈسىدە ئۆز كېلىنىدىن ئۇشبۇ ئىشنى كۆرىدۇ. چۈنكى نېمە تېرساڭ شۇنى ئورىسەن!

## سۆھبەت

تەربىيىلىك ئاياللار ياخشى ۋە كۆركەم خۇلقلىق ئاياللار بىلەن سۆھبەت قىلىپ، يامان خۇلقلىق ئاياللارنىڭ سۆھبىتىدىن نەپرەتلىنىدۇ ۋە ئۇندىن يىراق بولىدۇ. چۈنكى ياخشىلار بىلەن سۆھبەت قىلىپ ئۇلار بىلەن دوست بولماق ياخشىلىققا سەۋەب بولغىنىدەك يامانلار بىلەن سۆھبەت قىلماق ۋە ئۇلارغا يولداش بولماق، بۇزۇقلۇقلارغا سەۋەب بولىدۇ. يامان ئايال ئايال ئەمەس، بەلكى شەيتاندۇر. شۇ سەۋەبتىن يامان خۇلقلىق ئاياللارغا يورۇق يۈز ئاچماق ۋە ئۇلارنى ئۆيگە كىرگۈزمەك دۇرۇس ئىش ئەمەس. شەيتان بىلەن بولغان دوستلۇقتىن پايدا چىقماس. ئۆزۈم ياخشى بولغاندىكىن ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ماڭا نېمە زىيان، دېيىلمىسۇن. ئۇنىڭ زىيىنى بارلىقى قۇياش كەبى ئاشكارىدۇر، بۇنىڭغا ھېچبىر ئايال شۇبھە قىلمىسۇن.

ئادەم بالىسىنىڭ ھالىنى بىلمەك زۆرۈر بولغىنىدا ئەڭ بۇرۇن «دوستلىرى كىملەر» دەپ سورىشۇرلەر. دوستلىرى ۋە ئارىلاشقان كىشىلىرىنىڭ ياخشىلىقى ۋە يامانلىقىغا قاراپ، مەزكۇر كىشى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. تۇگمەنگە كىرگەن كىشىگە ئۇنى، قازان بېشىغا بارغانغا قارىسى يۇقار، يامان ئاياللاردا بولغان ھىيلە-مىكىرگە شەيتان ھەيران قالار. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق

ئايالىلار ئىشىكتىن كىرىپ كەلسە، ئىش يامىنىغا تارتار. بىچارە ئادەم بالىسى نەقەدەر ئەقىللىق بولسىمۇ باشقىلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەككە، خۇسۇسەن «سەن توغرىسىدا پالانى مۇنداق دېدى» دېگەنلەرگە قۇلاق سالماققا مۇپتىلادۇر. بۇنداق سۆزلەرگە نەقەدەر ئىشەنگۈسى كەلمىسىمۇ ئاڭلاشتىن ئۆزىنى تۇتالماس ۋە بۇنىڭ بىلەن قانچىلىك ۋاقتى ئۆتكەنلىكىنى سەزمەس. يامان ئايالىلار ئىشىكتىن كىرىپ كەلسە، ئىشنى ئەلۋەتتە ئۇشبۇ تەرتىپتە باشلار. دوستلۇقى كامىل دەرىجىدە بولغان ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئارىسىنى بۇزماق، سالامەت كىشىلەرگە تۈرلۈك سۆزلەرنى قىلىپ قورقۇتۇپ، ئۇلارنى ئاغرىتىپ قويماق، ھەر خىل ئاماللار بىلەن ساپ كۆڭۈل كىشىلەرنى ئۆزىگە ئىشەندۈرمەك يامان ئايالىلارنىڭ ئورۇنسىز ئىشلىرىدۇر.

## سىر ساقلىماق

تەربىيىلىك ئايالىلار چوڭ بولسىمۇ، كىچىك بولسىمۇ ئۆز ئەرلىرىنىڭ سىرلىرىنى باشقىلارغا پاش قىلماقتىن، سۆزلىمەكتىن بەكمۇ ساقلىنۇر. سىرى پاش بولغان كىشى مۇرادىغا كۆپ مۇشەققەت بىلەن ئېرىشۇر، بەلكىم كۆپ ھاللاردا ئېرىشەلمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن سىرنى باشقىلارغا بىلدۈرمەك پەقەتلا زىيانلىقتۇر. سىرنىڭ ساندۇقى كۆڭۈل، ئاچقۇچى تىلدۇر. ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنى ياخشى ساقلىمىغان ۋە كۆڭۈلنىڭ ئاچقۇچى بولغان تىلنى ياخشى تىزگىنلىمىگەن كىشى شۈبھىسىز ئەخمەقتۇر. سىر

ساقلىيالمىغانلىق شەرىئەتتىمۇ زور ئەيىبتۇر. دېمەك، ئېرىنىڭ سىرىنى بىلىپ، ياخشى ساقلىماي ياتلارغا پاش قىلغان ئايال ھەم ئېرىگە، ھەم شەرىئەتكە خىيانەت قىلغان بولىدۇ. ئۆزىنىڭ سىرىنى ساقلىماي ئىككىنچى بىرسىگە «ساڭىلا ئېيتتىم، زىنھار ھېچكىمگە سۆزلىمە» دېگەن كىشى دۇنيادىكى ئىككى ئەخمەقنىڭ بىرى بولىدۇ. چۈنكى سىر ئىگىسى ئۆز سىرىنى ساقلاشقا قۇدرىتى يەتمەي باشقىلارغا سۆزلىگەن ئەھۋال ئاستىدا باشقا بىراۋنىڭ ئۇنى ساقلاشقا قانداق كۈچى يەتسۇن؟ بۇ ئويلانماي قىلىنغان ئىشتۇر. چوڭلار باشقىلارنىڭ يۈزلەپ ئالتۇنىنى ساقلىماق، كىچىككىنە سىرىنى ساقلىماقتىن يەڭگىل، دېگەن. سىر ساقلىيالمىغانلىقى سېزىلگەن كىشى ئىناۋەتكە ئېرىشەلمەس، خەلق ئارىسىدا ئېتىبارى قالماس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېرىنىڭ سىرىنى باشقىلارغا يايغۇچى ئايالنىڭ خوتۇن بولۇپ تۇرمىقى لايىق ئەمەس.

مەسىلەن، ئەر ئايالىنىڭ يامان خۇلقىنى سېزىپ «بۇنىڭغا سىر بىلدۈرۈش ياخشى ئەمەسكەن» دەپ دۈشمىنىدىن سىر ساقلىغان دەرىجىدە ئايالىدىن سىر ساقلاپ يۈرسە، ئۇلارنىڭ ئەر-خوتۇن بولۇپ دۇنيادا ياشاشلىرىدا نېمە لەززەت بولسۇن. سىر ساقلىغۇچى ئاياللارغا ئەرلىرى ئىختىيارسىز مۇھەببەت قويار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرلىرىنىڭ سىرلىرىنى ياخشى ساقلىماق تەربىيىلىك ئاياللارنىڭ ئەڭ زۆرۈر بۇرچلىرىنىڭ بىرىدۇر.

# قانائەت ۋە رىزا

تەربىيىلىك ئاياللار ھەر ۋاقىت قانائەتلىك بولۇر. قانائەت يېتەرلىك بولغانغا ياكى ئۆزىدە تېپىلغىنىغا رازى بولماق دېمەكتۇر. بۇ ئەرلەر ئۈچۈنمۇ، ئاياللار ئۈچۈنمۇ ئەڭ گۈزەل بىر سۈپەتتۇر. قانائەت بىر خەزىنىدۇركى، ھېچ ۋاقىت كېمەيمەس. يېتەرلىك بولغانغا رازى بولمىغان كىشى ئالەمچە بايلىقى بولسىمۇ ھەرگىز قانائەت قىلماس. دېمەك، قانائەتسىزلىك ئادەم بالىسىدىكى بىر خەستىلىكتۇر. ئۇشبۇ سەۋەبتىن قانائەتسىزلىككە مۇپتىلا بولغان كىشى ئاخىرەتنىڭ توغرا يولىدىن چەتنەپ، كۆپ ۋاقىت ئادىشىپ قالۇر ۋە تۇرمۇشىنىڭ كۆپ مۇشەققەتلىرىگە دۇچار بولۇر. قانائەتسىز كىشىنىڭ ھاجىتى كۆپ ۋە كۆزىنىڭ ئاچلىقى چەكسىز بولغانلىقتىن مۇرادىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت يالغان سۆزلەر بىلەن مەدداھلىق قىلۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللارغا ئەرلىرىنىڭ تاپقان-تەرگىنىگە قانائەت ئەيلىمەكلىك لازىمدۇر.

ئەگەر ئادەم بالىسى ھەر ۋاقىتتا ئۆزىدىن بىچارە كىشىلەرنى كۆرۈپ تۇرسا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ بىچارە ھالغا چۈشۈشى مۇمكىنلىكىنى كۆڭلىگە كەلتۈرسە، ئەلۋەتتە بارىغا قانائەت قىلغۇسىدۇر.

قولىغا كىرگەن مېلىنى ئېتىبار بىلەن سەرپ قىلغان كىشى ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىكىگە رازى بولۇر، ھەم شۈكۈر قىلۇر. «ساقلىقنىڭ بايلىقنىڭ» دېگەن سۆزنى ئۇنۇتماقلىق ياخشى ئەمەس.

# چېچەنلىك

ئۆيگە قارىماق، يېمەك-ئىچمەكنىڭ غېمىنى قىلماقلىق خىزمىتى ئاياللارنىڭ زىممىسىدە بولۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىلىك ئاياللار ھەر ئىشقا چېچەن بولۇر. ئىسراپچىلىق قىلماقتىن، لازىملىق نەرسىلەرنى زايە قىلماقتىن ساقلىنۇرلار. چۈنكى دۇنيادا ياشاش ۋە بالىلارنى ياتلارغا ئېھتىياجسىز ھالدا تەربىيىلەشتە بايلىققا، مالغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۆلگەن كىشىنىڭ كېپەنگە موھتاج بولغىنىدەك تىرىكلەرنىڭ دۇنيا سەۋەبلىرىگە موھتاج بولۇشى شۈبھىسىزدۇر.

«باي ھالدا ۋاپات بولۇپ، ئاللانىڭ ئۆزىگە ھېساب بەرمەك، دۇنيادا كىشىلەرگە موھتاج بولماقتىن ياخشىراق» ، ياكى «دۈشمەنلەر ئۈچۈن مال قالدۇرۇپ ئۆلمەك، دوستلارغا موھتاج بولۇپ ياشاشتىن ياخشىراق» دېيىلگەن سۆزلەر ناھايىتى ئەقىللىق ۋە ئىلىملىك زاتلاردىن بايان بولمىشتۇر. خۇسۇسەن بىزلەر شۇنداق بىر زاماندىمىزكى، ئېتىبار بايلىقتا، خارلىق نامراتلىقتىندۇر. ھالبۇكى، بايلىق تاپماق ئىجتىھات قىلىشقا، بار نەرسىلەرنى تۇتۇشنى بىلىشكە مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئۆي ئىچىدە بولغان خىراجەتلەر ۋە خىزمەتلەر ئاياللارنىڭ قولىدىن ئۆتىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەرلەردىن ئېتىبارلىق ئورۇندا تۇرماقلىرى لازىمدۇر. ئەلگەككە بۇلاق سۈيى ھەرقانچە ئېقىپ تۇرسىمۇ ھامان توشمىغىنىغا ئوخشاش، باشقۇرۇشنى بىلمىگەن ئايالنىڭ ئېرى ھەرقانچە پۇل

تاپسىمۇ يېتىشمەس.

مەردلىك ئەرلەرگە نىسبەتەن گۈزەل خۇلق بولسىمۇ ئاياللارغا نىسبەتەن قىسمەن ئەيىبتۇر، دېيىلگەن. مال-مۈلۈكنىڭ قەدرىنى بىلگەن ئايال ھەتتا نان ئۇۋاقلىرىغا قەدەر دىققەت قىلىپ، زايا قىلماس، ناننى ھاجەتتىن ئارتۇق سۇندۇرماس، ئاشقانلىرىنى ئۇيەر - بۇيەرگە تاشلىماس، خېمىر پارچىلىرىنى ۋە ئۇنلارنى بالىلىرىنىڭ تۆكۈشى ۋە چېچىشىغا يول قويماس. نەزىرىمىز چۈشمەيدىغان نان ئۇۋاقلىرى ئۈچۈن زور مېھنەت سەرپ قىلىنىدىغان. كىچىك بىر نان بۇردىلىرى ئۈچۈن دۇنيادا بەزىلەر جان بەرمەكتە. دۇنيادا بىر پىيالە سۇ بىلەن بىر پارچە نان ئۈچۈن پۈتۈن مۈلكىنى بېرىشكە رازى بولغۇچىلار بولغان ئەھۋال ئاستىدا بۇلاردىن كۆز يۇمۇش ئەقىلسىزلىق بولۇر.

يىغىپ پايدىلىنىش مۇمكىن بولغان تاختا پارچىلىرىنى تاشلىماق، ھاجەت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئوت ياقماق، ئىشىك-دېرىزىلەرنى ئېچىپ بار بولغان ھارارەتنى چىقارماق، ئۆزى قىلالايدىغان خىزمەتلەر ئۈچۈن باشقىلارنى چاقىرماق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بولۇمسىزلىقتۇر. ئاز ھەم كىچىككىنە نەرسىلەردىن تېگىشلىك رەۋىشتە پايدىلىنىلمىسا، كېيىن كۆپ ھەم مۇھىم نەرسىلەر سەرپ قىلىنىدۇر. ھالبۇكى، يوقىرىدا ئېيتقان نەرسىلەر ھەققىدە چېچەنلىك بىلەن ئىش تۇتۇلسا پايدا ئېلىنىدۇر. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، چېچەنلىك ئۇلۇغ بىر كەسىپ-ھۈنەردۇر. تەربىيىلىك ئاياللار ھەر ۋاقىت بۇنى ئەسلىرىدە تۇتار. «يوتقانغا قاراپ پۇت سۇن» دېگەن سۆزنى تەربىيىلىك ئاياللار كىيىم-كېچەك ۋە زىبۇزىننەت توغرىسىدا ئۆزلىرىگە بىر قائىدە قىلىپ ئەمەل قىلۇرلەر، دۇنيانىڭ كۆنى ئۆزۈن، مال-دۇنيا تاپماقنىڭ مۈشكۈل

ئىسكەنلىكى ئۆلارنىڭ كۆڭلىدىن ھەرگىز چىقماس. چۈنكى ھەر كۆرۈنگەن نەرسىنى ئالماق، كىيىم-كېچەك توغرىسىدا بايلارغا ئەگىشىش، بەئەينى ئىسراپنىڭ ئىشكىنى ئاچماق ھېسابلىنۇر. ئىسراپ قىلىش بىلەن بايلىق ھېچكىمدە يىغىلماس. بىر مەرتەم نېسىپ بولۇپ ئايرىلىپ كەتكەن دۆلەت ئىككىنچى مەرتەم قايتىپ كەلمەس.

دۆلەتنى تۇتۇشنى بىلمىگەن ئائىلىنىڭ ئېرى كۈن-تۈن پۇل تېپىشقا موھتاج بولۇپ، قەيەردىن كەلسىمۇ، قانداق كەلسىمۇ كەلسۇن، دېيىشكە مەجبۇر بولىدىغانلىقى شۈبھىسىزدۇر. شۇ سەۋەبتىن بىچارە ئەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خورلۇققا چۈشۈپ ھالاك بولۇر. بىر ياخشى نامىمۇ قالماي، سۇغا چۆككەن تاش كەبى يوقىلۇر.

ئۇشبۇ ھۆكۈمگە بىنائەن، ئاۋۋالقى زاماننىڭ ئەزگۇ ۋە تەربىيىلىك ئائىلىلىرى ئەرلىرىنى بۇنداق رەسۋالىقتىن ساقلىماق ئۈچۈن غايەت قانائەتلىك بولغان ئىكەن. ئەرلىرى سەھەر تۇرۇپ، كەسپكە ماڭغان ۋاقتىدا «ھارام كەسىپ بىلەن شۇغۇللانما، ئاچ قالساقمۇ سەۋر قىلالايمىز، لېكىن دوزاخ ئوتىغا تاقىتىمىز يەتمەيدۇ» دەپ ئۆزىتار ئىكەن. بۇ دۇنيادا شۇ كەبى ئائىلىلار ھازىر ھەم باردۇر. كۆڭۈل كۆزى كۆرگەن كىشى ئۈچۈن بۇنداق ئائىلىنىڭ ئېرى بولماق بىر مەملىكەتنىڭ پادىشاھى بولۇشتىن خەيرلىكتۇر. ئۆزىنىڭ ئاچ-يالىڭاچ قالمىغىنىغا شۈكۈر قىلىپ، قانائەتلىك بولغان بىر ئەقىللىق كىشىنىڭ ئائىلى ئېرىنىڭ تەرلەپ-پىشىپ تېپىپ كەلگەن پۇلىنى تۇتۇشنى بىلمەي بۇزۇپ-چېچىپ تۈگەتسە ياكى ئېلىپ كەلگەن رۇمال، كۆڭلەك ۋە باشقا كىيىملىك نەرسىلەرنى ئىشلەتمەي تاشلاپ قويسا ياكى ئېغىر كۈنلەر ئۈچۈن

ساقلاپ قويغان پۇللىرىنى زۆرۈرىيەتسىز زىننەتلەرگە ۋە زامانە ئۆرپ-ئادەتلىرىگە سەرپ قىلىپ زايە قىلسا، ئۇنداقتا بىچارە ئەرنىڭ ھالىغا ۋاي. ئەگەر بۇنداق تەربىيىسىز ئايال ئۆز ھالىنى ياخشى بىلمەي ئېرى تەرىپىدىن قىلىنغان نەسىھەتلەرگە قارشى تۇرسا، بۇنداق ئايال بىلەن بىرگە ياشاش بىلەن جەھەننەمگە كىرمەكنىڭ ئارىسىدا پەرق قالماس. شۇ سەۋەبتىن ھەربىر ئايالغا ئەدەپ-ئەردەم ۋە باشقا ئىلىملەرنى ئۆگەنمەك لازىم بولغىنىدەك، تىرىكچىلىك قىلىشنى بىلىش، مال-دۇنيا تۇتۇشنى بىلىش ئىلمىنى ھەم ئۆگەنمەك لازىم بولۇر. «ئەقىللىق ۋە تەربىيىلىك ئايال بولغان ئۆي ھېچ ۋاقىت خاراب بولماس، تەربىيىلىك ئانىسى بولغان باللار يوقالماس» دېگەن پازىللار.

## پاكلىق — زىننەت

تەربىيىلىك ئاياللار ئۆز ئۇستۋاشلىرىنى ھەر قاچان پاكىز ۋە گۈزەل تۇتۇپ يۈرگەندەك ئۆيلىرىنىمۇ كامىل دىققەت بىلەن پاكىز تۇتار. چۈنكى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ھۆكمىچە پاك يۈرمەك، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ بۇرچىدۇر.

ئاياللارغا ئۆزلىرىنى ھەر ۋاقىت ئەرلىرىگە گۈزەل ۋە مۇھەببەتلىك كۆرسەتمەكلىك لازىم بولغىنىدەك پاسكىنا يۈرمەك ۋە ئۆينى بىسەرەمجان تۇتماق دۇرۇس بولماس. «ئۆينىڭ پاسكىنا تۇرمىقى خاراب بولمىقىنىڭ ئالامىتىدۇر» دېيىلگەندۇر. ئۆيدە تەربىيىلىك ئايالنىڭ بارلىقىغا ئۆينىڭ پاكىزلىقى، يوقلۇقىغا

ئۆيىنىڭ مەينەتلىكى دەلىل بولىدۇ. ئەرلەرگە مۇھەببەتلىك كۆرۈنۈش ئۈچۈن پاكىز بولۇش، خەزىنىسىدە بارىنى خەجلەپ كىيىنىش، ھەتتا پۇراقلىق نەرسىلەرنى سۈرتۈش ئەزگۈلۈك ۋە توغرىلىقتا خىلاپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىلىك ئائىلىلەر ئەرلىرى ئىستىگەن رەۋىشتە ھەر ۋاقىت پاكىلىقنى ئادەت قىلىدۇلەر، مۇمكىنقەدەر ساپ كۆڭۈل بىلەن ئەرلىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ. ئەرلىرىنىڭ خۇشال ۋاقىتلىرىدا مۇلايىم سۆيەتتە ئەرلىرىنىڭ يانلىرىدا بولىدۇرلەر ۋە ھەر ۋاقىت ناچار، روھسىز قىياپەتلەردە كۆرۈنمەكتىن ساقلىنىدۇر.

ئائىلىلەرنىڭ تەربىيىلىك بولماقلىرى پۈتۈن كىشىلەر ئۈچۈن زۆرۈر بىر ئىش بولسىمۇ، كىيىم-كېچەك ۋە باشقا زىننەتلەردە ئەرلىرى ئۈچۈن بولۇشى لازىمدۇر. ئەكسىچە، تويلارغا، باغچىلارغا، سەيلى-سايائەتكە بارغاندا زىننەتلەرگە بېرىنىپ، ئۆيلىرىگە، ئەرلىرىنىڭ يېنىغا قايتقانلىرىدا ئەسكى ئىش كىيىملىرىنى كىيگۈچى ئائىلىلار تەربىيىسىز ئائىلىلاردۇر.

ئەرلىرىنىڭ مۇھەببىتىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر ئىش پاكىلىق دېدۇق، ئۇنداقتا پاكىلىق دېگەن نېمە؟ پاكىلىق بولسا ھەر ۋاقىت سوپۇن بىلەن يۇيۇنماق ۋە ھەر كۈنى كىر يۇماق ئەمەستۇر. بەلكى ھاجەت ۋاقىتلىرىدىن كېچىكتۈرمەي يۇماق ۋە يۇيۇلغاندىن كېيىن نەرسىلەرنى ۋە ئەزالارنى ساپ تۇتماق دېمەكتۇر. بولمىسا ئۆردەك كەبى بىر تەرەپتىن سۇغا چۆمۈلۈپ، بىر تەرەپتىن بالچىققا ئۆزنى ئاتماق پاكىلىق ئەمەستۇر. بەلكى بۇنداق قىلىش ھەقىقىي نىجىس ھالدىن تۆۋەن بىر سۈپەتتۇر. چۈنكى بىر تەرەپتىن يۇيۇنماق ۋە ئىككىنچى تەرەپتىن ئىپلاس بولماققا نۇرغۇن بويۇم ۋە ۋاقىت زايە بولىدۇ. ئەرلەرگە گۈزەل كۆرۈنمەك ئۈچۈن كىيمەك ۋە

ياسانماق ياخشى ئىش بولسىمۇ، لېكىن بۇمۇ ھەر ھالدا لايىقىدا بولمىقى كېرەك. بەزى نەرسىلەر باركى، ئۇلار بىلەن ياسانماق مۇناسىپ بولماس. تۆۋەندىكىلەر شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر:

1. يۈز ۋە قوللىرىنى ئۇپا كەبى نەرسىلەر بىلەن بويىماق. بۇ بوياقلارغا زىيانلىق نەرسىلەر قوشۇلغانلىقتىن ياش ئاياللارنىڭ يۈزلىرىنى زەھەرلەپ، كەمپىرنىڭ يۈزىدەك پۈرۈشتۈرۈپ قويار ئىكەن. بۇ زىننەتلىنىشنىڭ مەقسىتى بولغان ئىشقا تامام خىلاپتۇر. بۇ بوياقلارنىڭ بەزى تۈرلىرى كۆز ھەتتا ئەقىلگە زىيان يەتكۈزەر ئىكەن. مەسىلەن، تېرىمىزدىكى ھۈجەيرىلەر ئارقىلىق ئىچكى ئەزالارغا ھاۋا كىرىپ تۇرغىسىدۇر. كىشى تەرلىگەندە چىققان تەر ئۇشبۇ تۆشۈكلەردىن كېلىپ چىقىدۇ. ئادەم بالىسىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن بۇ تۆشۈكچىلەرنى تازا تۇتماق لازىم. ھالبۇكى، ئۇپا ۋە باشقا بوياقلار بىلەن يۈز ۋە قوللارنى بويىغاندا مەزكۇر تۆشۈكچىلەر ئېتىلىپ قالىدۇ. بۇ بولسا زىياندىن باشقا نەرسە ئەمەس.

2. چىشلارنى بويىماق. چىشلارنىڭ ئاقلىقى ئاياللارنىڭ ئايرىم بىر زىننەتلىرىدىندۇر. ئىلگىرىكى زاماندا ئاياللار چىشلىرىنىڭ ئاق بولمىقى بىلەن ئالقىشلىنار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن چىشلارنى ئاق تۇتماق، خۇسۇسەن زىيانلىق بوياقلاردىن پاك تۇتماق كېرەكتۇر. كۆز بىلەن قارىماققا چىشلار سۆڭەكتەك كۆرۈنسىمۇ خىزمىتى كۆپ بولغانلىقى سەۋەبىدىن تەبىئىتى ناھايىتى نازۇك بولۇپ، ھەر قانداق نەرسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. چىشلار بۇزۇلۇپ، خىزمەتلىرىگە زىيان يەتسە، ئاشقازانغىمۇ زەرەر يېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، چىشنى زىننەتلەش نىيىتى بىلەن بىر نەرسە سۈرتمەك مۇۋاپىق بولماس. ئەسلىدە چىشنىڭ زىننىتى يۇقىرىدا سۆزلىگىنىمىزدەك ئاقلىقى ۋە

پاكلىقىدىدۇر.

3. چاچنى ئۆرۈمەي يۇرمەك ۋە ئۇچىغا بىر نەرسە تاقىماق، شۇنداقلا بوينىغا كۈمۈش ياكى ئالتۇن تەڭگىلەر ئاسماق. بۇ نەرسىلەر ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن باش ۋە بويۇنغا كېسەللىك كەلتۈرمەككە سەۋەب بولىدۇ. بۇندىن باشقا ئۇلار ساپ پۇل بولغانلىقى ئۈچۈن يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ كۆزى چۈشۈش سەۋەبلىك خەۋپ تۇغۇلىدۇ.

## هايا-ئىپپەت

هايا ۋە ئىپپەت تەبىئىيكى ئايالالارغا ئادەت بولمىقى لازىم. هايا بىلەن ئىپپەت ئايالالارنى ئەرلىرىگە سۆيۈملۈك كۆرسەتكۈچى سەۋەبلەرنىڭ ئەڭ قۇتلۇقلاشقا ئەرزىيدىغىنىدۇر. ئايالنىڭ ئەدەپسىز بولمىقىغا ۋە هاياسىز يۇرمىكىگە ئەرلەرنىڭ هېچبىرى رازى بولماس. ئايالى بىرىنچى دەرىجىلىك گۈزەل بولسىمۇ نومۇسسىزلىقىنى بىلگەن ئەرنىڭ شۇ سائەتتە ئىخلاسى قايتىدۇر، مۇهەببىتى سۇنار ۋە نەپرەتلىنىشكە باشلار. نومۇسسىزلىق، هاياسىزلىق خەلقىنىڭ ئالدىدا هېچ ۋاقىت ئەيىپ قىلىنماس. شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىلىك ئايالالار بىر تەرەپتىن ئەرلىرىنىڭ كۆڭلىنى تېپىش ئۈچۈن، ئىككىنچى تەرەپتىن ھەقنىڭ غەزىپىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن نومۇسسىزلىق ۋە هاياسىزلىقتىن يىراق بولىدۇر. هايالىق كىشىلەر نەقەدەر يوقسۇل بولسىمۇ ئادەملەرنىڭ ئالدىدا هۆرمەتى بولىدۇر. هاياسىز كىشى نەقەدەر باي بولسىمۇ ئېتىبارى بولماس.

ھايا ئىسلام دەرىخىدىكى بىر شاخ بولۇپ، تومۇرلىرى جەننەتتىدۇر. بۇ شاخقا يېپىشقان زات ئەلۋەتتە تومۇرلىرىغا يېتىشۇر. ئاياللارنىڭ يۈزىدە بولغان ھايا قىزىللىقى ئەرلەرنىڭ كۆڭۈللىرىگە يېشىندىن تېز ۋە قۇتلۇق تەسىر قىلىپ، مۇھەببەت ئۇرۇقلىرىنى چاچۇر. سۆز توشىماق، غەيۋەت قىلماق، يالغان سۆزلىمەك كەبى بۇزۇق خۇلقلار ھاياسىزلىقتۇر. تەربىيىلىك ئاياللار سۆز توشىماس، غەيۋەت قىلماس، يالغان سۆزلىمەس. يالغان سۆز ئەگەردە ئاياللار تەرىپىدىن ئەرلىرىگە سۆزلەنسە يامانلىقى ئىككى ھەسسە ئارتۇق بولۇر. ئېرىگە يالغان سۆزلىگەن ئايال دۇنيادىكى بىرىنچى دەرىجىلىك بۇزۇق ۋە تەربىيىسىز ئايالدۇر. ھەرقانداق كىشى يالغانچىنى خوتۇن قىلىپ تۇتۇش ئۈياقتا تۇرسۇن، خىزمەتچى قىلىپمۇ ساقلىماس. قوپال سۆزلۈك كىشىلەر بىلەن ئۇرۇنسىز تالاش-تارتىش قىلماق، كىشىگە ياۋۇز دۇئا قىلماق ۋە لەنەت ئوقۇماق، كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىپ سۆزلىمەك، ئىككى يۈزلىمچىلىك قىلماق، تەكەببۇرلۇق قىلماق ۋە باشقا ئىللەت ۋە خۇلقلارنى يوقتۇرماق، ھايالىق ۋە تەربىيىلىك ئاياللارنىڭ ئىشى ئەمەس.

ھايا بىلەن ئىپپەت ئاياللارنىڭ مەنىۋى گۈزەللىكىدۇر. بۇ شۇنداق بىر گۈزەللىكتۇركى، تاشقى كۆرۈنۈشى بىرىنچى دەرىجىدە گۈزەل بولغانلار بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ بولماس. ھەتتا گۈزەل بولسىمۇ ھاياسىز ۋە ئىپپەتسىز بولسا، ئۇنداق ئايالدىن ئېرى ۋە باشقا يېقىن دوستلىرى تېز ئارىدا نەپرەتلىنىپ، ئۆزىنى چەتكە ئالۇر.

# ئۆي تۈتۈش

تەربىيىلىك ئائىلىلار ئۆيىنىڭ ۋە ئۆيىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئىنتىزامىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. ئىنتىزام ھەر نەرسە ئۆز ئورنىدا بولماق دېمەكتۇر. بۇ مەئىشەت ئىلمىنىڭ ئەڭ زۆرۈر بىر بابىدۇر. ئۆيدىكى نەرسىلەر بەلگىلىك ھەم ئۆزلىرىگە مۇناسىپ بولغان ئورۇندا تۇرسا گۈزەل ساقلىنىدۇ ۋە كېرەك بولغاندا ئاسان تېپىلىدۇ. ئەگەر نەرسىلەرنىڭ بەلگىلىك ئورنى بولماي قەيەر ئۇدۇل كەلسە شۇ يەردە قويۇلسا قالايمىقان ھالەت شەكىللىنىدۇ. بىرەر نەرسە كېرەك بولغاندا ئىزلەپ ۋاقىتنى بىكارغا ئۆتكۈزۈپ ئۆمۈر زايە بولىدۇ. خۇسۇسەن بەزى نەرسىلەر، مەسىلەن، پىچاق، ئاچقۇچ، قايچا، شام، پالتا، قەلەم، قەغەز ۋە ھەر تۈرلۈك ئاشخانا ئەسۋابلىرى ئالدىراش كېرەك بولىدۇ، ھەربىر دەقىقە جان بەرمەك كەبى ئېغىر سانىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق نەرسىلەرنىڭ ئورۇنلىرى بەلگىلىك مۇقىم ئورۇن بولۇپ، كېرەك بولغان ۋاقىتتا ھەر كىم شۇ يەردىن ئېلىپ، شۇ يەرگە قويمىقى لازىم بولىدۇ. بۇنى قائىدە قىلماق، خۇسۇسەن ئاشخانا ئەسۋابلىرىنىڭ ئورۇنلىرىغا ۋە پاكىزلىقىغا ئېتىبار بەرمەك ئائىلىلارنىڭ زىممىسىدە بولىدۇ. ئائىلىلارنىڭ تەربىيىلىك ۋە ئىش بىلەرمەن بولۇشىدىكى ئۇچۇق ئالامەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ بۇنى بىلىش تولىمۇ ئاساندۇر. ئاشخانىسى پاكىز، يېمەك-ئىچمەك ئەسۋابلىرى ساپ ۋە تازا، ھەر بىر نەرسە دۇكاندىكىدەك تېگىشلىك ئورۇنغا قويۇلغان بولسا، شۇ ئۆيدىكى ئايال تەربىيىلىك ۋە ئىش بىلەرمەندۇر.

بۇنىڭغا ھەرگىز شۇبھىلەنمەڭ.

بىر ئۆينىڭ تەرتىپلىك ياكى تەرتىپسىز بولۇشى شۇ ئۆيدىكى ئائىلىگە باغلىقتۇر. يەنى ئۆيدىكى ئائىلە تەربىيىلىك بولسا ئۆيمۇ تەرتىپلىك، ئائىلە تەربىيىسىز بولسا، ئۆيمۇ تەرتىپسىز بولۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن نەقەدەر باي، نەقەدەر مەرتىۋىلىك ۋە ھۆرمەتلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆيلەرنى ياخشى تۈزەتمەك ۋە ھەر نەرسىنى ئۆز ئورنىدا ئىشلەتمەك، تەربىيىلىك ئائىلىنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. ئەگەر ئۆيدە ھاجەت نەرسىلەرگە خاس بەلگىلىك ئورۇن بولمىسا ئىشنىڭ نىزامى بولماس. ئۇ چاغدا ئاز نەرسە ئۈچۈنمۇ سائەتلەپ ۋاقىت سەرپ بولۇر. بۇنىڭ مىساللىرى ھەربىر ئۆيدە، ھەر سائەتتە كۆرۈنۈپ تۇرۇر. ئاشخانا ۋە ئۆي ئىچىدىكى ئەشيالار خۇسۇسىدا نىزام بولۇپ، بەش مىنۇتتا داستىخان يېيىلىپ چاي ھازىر بولۇر. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا بەش مىنۇت ئەمەس، بەش سائەت ئۆتسىمۇ ساماۋاردىن سادا چىقماس. مېھمانلارنىڭمۇ تاقىتى تۈگىشىپ كېتىپ قالار، ئاقىۋەتتە ئۆيدە ئەر بىلەن ئائىلە ئوتتۇرىسىدا بەزى بىر جەڭگى-جېدەل، غوۋغا زاھىر بولۇر. بۇنداق تەرتىپسىز رەۋىشتە مېھمان كۈتمەكچى بولغان ئائىلە ئۆزى پايدىسىز مۇشەققەت تارتىش بىلەن بىرگە ئېرىدىنىمۇ رەھمەت ئالالماس. ئائىلە دېمەك بىر ئائىلىنى تەرتىپ، قائىدە بىلەن تەربىيە قىلغۇچى دېمەكتۇر. ئۇنداق بولمىسا ئۇنىڭ ئىشلىگۈچى كىشىلىرىم بار، دەپ كۆرپە ئۈستىدە كېرىلىپ ئولتۇرغۇچى، ياكى قوشنا ئائىللارنى يىغىپ گەپ ساتقۇچى، ئۆتكەن-كەچكەنلەر توغرىسىدا تۈرلۈك سۆزلەرنى تېپىپ سۆزلىگۈچى، ئەتراپتا بولغان خەۋەرلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇرغۇچى بەرىكەتسىز، مەنىسىز ئائىلىدىن پەرقى قالماس.

ئايالـلارنـىڭ ئۆيىنى تەرتىپ بىلەن تۇتۇشتىكى ئىشلىرىنى يـۇقـىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. خىزمەتچى ئايالنىڭ بولۇشى بىلەن خوجايىن ئايالنى ۋەزىپىلەردىن خالاس بولدى دېگىلى بولمايدۇ. خـىـزمـەتـچـى ئايالالار نەقەدەر كۆپ بولسىمۇ خوجايىن ئايالنىڭ ئىشلىرى يەنە شۇ نىسبەتتە كۆپ بولىدۇ. چۈنكى بۇ هالدا ئۇلارنىڭ هەممىسىگە خىزمەت تەقسىم قىلىپ بېرىش ۋە هەممىسىنى جايىدا ئىشلىتىشنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، خىزمەتچى ئايال بـىـر ئـىشنى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمىسە، سۆزلەپ بەرگىنىنى چۈشەنمىسە، يەڭنى شىمىلاپ ئۆزى ئۇلارغا ئىشلەپ كۆرسەتمەك ۋە ياخشى بىلدۈرمەك لازىم بولىدۇ. تۇرمۇشىمىزدا ئايالالارنىڭ هەر ئىشلارنى باشقۇرۇشتىن كۆرە يىڭنە ئىشىغا ۋە يەر ئـۆلـچەش ئىلمىنى بىلگىنىدىن كۆرە تاماق پىشۇرۇشقا موهتاج ئىكەنلىكى مەلۇمدۇر. ئىشنىڭ تەرتىپىنى بىلىپ ئىشلىمەكمۇ بىر هۈنەردۇر.

ئادەم ئىشلىتىشنى بىلىش، بىرىنچىدىن، قانداق هالدا قىلىش كـېـرەكـلـىـكىنى، ئىككىنچىدىن، ئىشلىگۈچىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، مۇلايىملىق بىلەن خىزمەت قىلدۇرماقتىن ئىبارەتتۇر. خـۇسۇسەن، غەپلەت بېسىپ بىرەر نەرسىگە زىيان يەتكۈزگۈچى ئىشچىغا جازا بەرمەك ياكى قىينىماق تەربىيىگە خىلاپ، بەلكى بۇ ئادەتلەر تۈۋەن كىشىلەرگە خاس خۇلقلاردۇر.

ئادەم بالىسى نەقەدەر غاپىل، پاراسەتسىز بولسىمۇ ئۇرماق ۋە قىينىماقتىن ئەمەس، ياخشى سۆزدىن ۋە ئىنكار نەزىرىدە قارىغان كۆزدىن ئۈيۈلىدۇ، تارتىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن باشقىلارنى ئىشلەتكۈچى كىشى ئۆزىنىڭ ئورنىنى بىلىپ، ئۆزىگە خاس ئورۇندا تۇرمىقى لازىم بولىدۇ. چۈنكى كۆپ جازالانغان، تەنبىھ ئاڭلىغان، داۋاملىق

قىينچىلىق كۆرگەن كىشى شۇنىڭغا ئادەتلىنىپ، كېيىن ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، بېزىر بىشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىلىك ئائىلىلار ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن ئاچچىقلانماي، ئىشلىرىنى سەۋر بىلەن قىلدۇرۇر ۋە خىزمەت ئىزلەپ يۈرگۈچىلەرنى ئۆزلىرىدىن بەزدۈرمەسلەر. چۈنكى خىزمەت قىلغۇچىلارمۇ خىزمەت قىلدۇرغۇچى بايلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر.

## سالامەتلىكنى ساقلىماق

سالامەتلىك بىر نېمەتتۇركى، ھېچقاچان ھەققى ئادا قىلىنماس. سالامەتلىك بولمىسا، پۈتۈن دۇنيا پەرىشتە بولسىمۇ كۆزگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەس. خەستىلىكنىڭ تۈرلىرى كۆپ ۋە سەۋەبلىرى ھەر خىل بولسىمۇ تەجرىبىگە ئاساسەن بەزىلىرىنىڭ سەۋەبلىرى مەلۇم بولمىشتۇر. خەستىلىك سەۋەبلىرىدىن مۇمكىن بولغان ھالدا ساقلانماسلىق ئاللا ئۇلۇغ ئىگىمىز ئېھسان قىلغان سالامەتلىك نېمىتىگە كۇپرانلىق قىلماقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىلىك ئائىلىلار سالامەتلىككە زەرەر قىلىدىغان نەرسىلەردىن ساقلىنۇر، بىر مىقدار بولسىمۇ خەستىلەرنى تەربىيە قىلىش قائىدىلىرىنى ئۆگىنۇرلەر.

يۇمشاق كۆڭۈللۈك ۋە مەرھەمەتلىك بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئائىلىلار خەستىلەرنى گۈزەل ۋە مۇلايىم كۈتۈشنى بىلۇر.

سالامەتلىككە زەرەر يەتكۈزگۈچى نەرسىلەرنىڭ ھەممىگە مەلۇم بولغانلىرى: تەن قىزىغان ۋاقىتتا سوغۇق سۇ ئىچمەك، كىشىلەر

بار يەردە كۆمۈر ئىسى ۋە باشقا زىيانلىق ئىسلارنى چىقارماق، تىرىكلىك قىلىنىۋاتقان ئورۇننى ھۆل تۇتماق، مايلىق نەرسىلەرنى كۆپ يېمەك، ئاچ كۆزلۈك قىلماق، مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىچمەك، زىنا قىلماق، نەشە چەكمەك ۋە ۋەھاكازالار.

سالامەتلىكنىڭ مەشھۇر سەۋەبلىرى: تەن ۋە كىيىملەرنى، تىرىكچىلىك قىلىپ تۇرغان ئورۇننى پاكىز تۇتماق، تەرەت ئالماق، ئۆي خىزمەتلىرىنى قىلماق ۋە باشقىلار.

ئەگەر بىرەر تۈرلۈك ئاغرىق پەيدا بولسا، ئادەتتىن تاشقىرى قايغۇرماق ۋە ھەسرەتلەنمەك، ئۈمىدسىزلەنمەك لايىق ئەمەس. چۈنكى بارچە خەستىلىكنىڭ داۋاسى باردۇر.

ئەھلى ئاۋام خەستىلىكنىڭ ھەممىسى بولمىسىمۇ كۆپىنى جىن ياكى كىشىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن دەپ قارايدۇلەر. ئۇلارنىڭ پىكرىگە كۆرە بۇنداق كېسەللىكلەرگە تېۋىپلار شىپا قىلالماس، موللىلارغا ئوقۇتۇش لازىم ئىمىش. ئۇشبۇ سەۋەبلەر ئۈچۈن كۆپلىگەن كېسەللەر ۋاقتىدا تېۋىپلارغا كۆرۈنمەس. بۇ شۇ دەرىجىدە بۇزۇق ۋە ئەقىلسىز سۆزدۇركى، بۇزۇقلۇقى ھەققىدە قەغەزگە يازماق پايدىسىزدۇر. مەجۇسىلىك زامانىسىدىن ھازىرقى زامانىمىزغىچە قالغان نەرسىلەرنىڭ بىرى ئۇشبۇ ئېتىقاددۇر.

ھېچقانداق مەرىپەتلىرى بولمىغان ھالدا كېسەلنىڭ يېنىغا كىرىپ، سېنى جىن ئۇرۇپتۇ ياكى ئىچىڭگە كىرىۋاپتۇ، دەپ قاپ يۈرەكلىك بىلەن قورقۇنچلۇق سۆزلەرنى قىلغۇچىلار بىچارە كېسەلنىڭ ئاغرىقىنى ئاشۇرار، ئەجىلىنى تېزلەشتۈرەر. شۇنىڭ ئۈچۈن تەربىيىلىك ئائىلىلار بۇنداق سۆزلەرنى تىللىرىغا ئەمەس، كۆڭۈللىرىگىمۇ كەلتۈرمەسلەر، شۇنداق دەپ سۆزلىگۈچىلەرگىمۇ

ئىشەنمەسلەر.

گۈزەل ئەخلاق يولىدا بىر خىزمەت بولۇپ قالسۇن، دەپ يازغانلىرىمىز مۇشۇ يەردە تامام بولدى. باشقىلىرىنى يازماق ئۈچۈن ئاللاتائالادىن ياردەم ئۈمىد قىلىمىز.

# تەلىم-تەربىيە قائىدىلىرى

## ئىلىم، مۇئەللىم، تەربىيە

ئىلىم — بىلمەك دېمەكتۇر، ئىلىمنىڭ پەزىلەتلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى ئەقىل ئىلە بىلىش مۇمكىن بولغىنى كەبى «قۇرئانى كەرىم» ۋە ھەدىسلەردىمۇ بايان ئېتىلگەن، تەھسىلۇ تەلىم ھەققىدە تەشۋىقۇ تەرغىب قىلىنغاندۇر.

ئىلىم سايىسىدە ھەقىقەتنى تونۇماق، ئەبەدىي بولغان ھاياتقا ئېرىشمەك، دائىمىي بەختسىزلىكتىن خالاس بولماق مۇمكىندۇر ۋە ئىلىم سەۋەبلىك ھەر كىم ئۆز ۋەزىپىسىنى بىلىدۇ، غەيرىيلەرگە (باشقىلارغا) تاجاۋۇز قىلمايدۇ.

ئىلىم روھ لەززىتى بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىككىنچى بىر لەززەت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئىلىمنىڭ ئۆزى لەززەتلىك نەرسە بولغىنى ئۈچۈن لەززەتلىك نەرسىلەرگە ھەم سەۋەبچىدۇر.

ئىنسانىنى ئەڭ بۈيۈك مەرتىۋىلەرگە ئېرىشتۈرگەن ۋە ئىسىملىرىنى كېيىنكىلەرگە قالدۇرغان نەرسە ئىلىمدۇر. ئىلىم مەرتىۋىسى مۇستەھكەم مەرتىۋە بولۇپ، ئەزىل ئېتىلمەك (يوقىتىلماق، بىكار قىلىنماق) خەۋپى بولماس. ئىلىم ئىزتىراب ۋاقتىدا سىرداش، غۇربەتتە يولداش، خىلۋەتتە قولداش،

دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرغۇچى ئىشەنچلىك بىر قورالدۇر. ئىلىمدىن ئارتۇق بايلىق، نادانلىقتىن ئارتۇق پېقىرلىق يوقتۇر.

خاتىرەمدە تۇرۇپتۇكى، كاتتا بايلاردىن بىرى ئەرزان باھادا سېتىۋالغان بىر ئۆي ئۈچۈن ئۆي مەجلىسىگە تەكلىپ ئەتكەنىدى. مەجلىستە ھازىر بولغان مۆتىۋەر زاتلار ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى كۆرۈپ چىقىپ ۋە قىلنى قىرىققا يارغۇدەك دەرىجىدە دىققەت قىلغاندىن كېيىن، ئۆينىڭ زىننەتۇ بېزەكلىرىگە، كۆزگۈيۈ دېۋانلىرىغا، ھەتتا دېرىزە پەردىلىرىيۇ ئىشىك تۇتقۇچلىرىغا قەدەر باھا قويۇشار ۋە پەۋقۇلئاددە ئەرزان ئېلىنغانلىقىنى سۆزلىشەر ئىدى. يەنە بەزىلەر سېتىۋالغۇچىنىڭ زىيادە بەختلىك ئىكەنلىكىدىن ۋە بۇنداق بەختكە قانداق زاتلارنىڭ خەيرلىك دۇئالىرى سايىسىدە ئېرىشكەنلىكى ھەققىدە تالاش-تارتىش قىلىشار ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا يالغۇز بىر تەرەپتە خىيال دەرياسىغا پېتىپ ۋە غەرق بولۇپ ئولتۇرغان بىر دەرۋىشنى كۆردۈم ۋە يېنىغا بېرىپ: «ئەي ھۆرمەتلىك ئەپەندى! ھەممە ئادەم شەۋقۇنەشات (سۆيۈنۈش) ھەققىدە سۆزلەۋاتسا، سىز نېچۈن ئۇلارغا قوشۇلمايسىز، ئويلىشىمچە، سىزنىڭمۇ قوشۇمچە قىلىدىغان گەپ-سۆزلىرىڭىز بولسا كېرەك!» دېدىم.

ئۇ ئەپەندى خۇددى ئۇيقۇدىن ئويغانغان كەبى بېشىنى كۆتۈردى ۋە ماڭا ئۇدۇل قاراپ: «جانابىي ئاللا سالامەت كۆز ۋە قولۇمغىمۇ ئىتائەتلىك بىر قەلەم، دوستلۇق ئۈچۈن 30—20 جىلدقا قەدەر كىتابلار ۋە بۇلاردىن پايدىلانغۇدەك پۇرسەت بەرگەندۇركى، ئادەم ئوغۇللىرى ئارىسىدا ئەڭ بەختلىك كىشى ئىكەنلىكىمنى ئويلاپ، شۈكرانىسىگە ئاجىزلىق قىلىپ ئولتۇرماقتىمەن. ئەگەردە كىتابلىرىم ۋە قەلىمىم ئورنىغا ھېچكىم باھاسىنى قويالمىغان بۇ

ئۆينى ماڭا بېرىش ھەققىدە بىر تەكلىپتە بولۇشسا، ئەسلا قوبۇل قىلمايمەن. بۇلا ئەمەس، ئۈستىگە ئاتىسى خەلىپىلىرىنىڭ كېنىزەكلىرىنى، روچىلدىنىڭ ھېسابسىز ئالتۇنلىرىنى بېرىشسىمۇ، ۋەللاھۇل ئەزىم، خالىمايمەن!» دەپ جاۋاب بەردى.

ئىلىم قەدرىنى بىلگەن زاتلار ئالىملار قەھەتچىلىكى بولغان بىزنىڭ زامانىمىزدا ھەم باردۇر. بۇلار پەقەت مەرىپەت ئەيلىمەك ئۈچۈن بىزگە ئوخشاش كامىل ھېرىس ئۈستىگە ئىلىم شارابىنى ئالدىغا قويۇپ، بىر سۇمۇرۇپ لەززىتىنى بىلگەندىن سۇڭ، قاچىسى ئالدىدىن ئىختىيارسىز ئېلىپ كېتىلگەن بىچارىلەرگە مۇيەسسەر بولسا كېرەك.

مۇئەللىم ئىلىم ئۆگەتكۈچى، ساۋاق بەرگۈچى ۋە بالىلارنىڭ جانلىرىنى تەربىيە ئەتكۈچى دېمەكتۇر. شاگىرتلارنى ئىلىم بىلەن تەربىيىلىمەك، گۈزەل ئەخلاق ئىلە ئادەتلەندۈرمەك مۇئەللىمنىڭ بىرىنچى ئىشى ھېسابلىنىدۇ.

مۇئەللىملەرنىڭ خىزمەتلىرى ساۋابلىق بولغىنىدەك ۋەزىپىلىرىمۇ ئېغىر ۋە شەرەپلىكتۇر. شۇنداقلا شاگىرتلىرى توغرىسىدا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بېرىدىغان جاۋابلىرىمۇ يەڭگىل بولمايدۇ.

مۇئەللىم باركى، ئالتۇن بولىدىغان بىر شاگىرتنى تۇپراق ئېتىپ يەردە قالدۇرۇر. مۇئەللىم باركى، تۇپراق بولىدىغان بىر بالىنى ئالتۇن قىلىپ چىقالايدۇ. يىللاردىن بېرى كېلىۋاتقان تەجربە ۋە سىناقلار بۇنى ئىسپاتلىماقتا.

ۋەزىپىلىرىنى ئادا ئەتمەك ئۈچۈن ئىجتىھات قىلغان مۇئەللىملەرنىڭ شاگىرتلىرى ئىلىمدىن ھەسسىدار (ئۈلۈش ئالغۇچى) بولغىنى كەبى ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا ئېتىشتە بوشاڭلىق

قىلغان مۇئەللىملەرنىڭ شاگىرتلىرى كۆپ ۋاقىت مەرىپەتتىن نېسىۋىسىز قالۇر. بۇ ناھايىتىمۇ روشەن ئىش بولۇپ، بىرئاز تەجرىبە قىلىپ كۆرگەنلەرگىمۇ يوشۇرۇن ئەمەس.

سەلەپلەر زامانىدا مۇئەللىملىك خىزمىتى ئەڭ مۇقتەدىر (ئىقتىدارلىق، قادىر) ۋە ئەڭ بۈيۈك زاتلار ئالدىدا بولۇر ئىدى. ئۇلۇغ ئەدىبلەر ۋە بۈيۈك ئۆلىمالاردىن ئىمام كىسانىي، قۇترۇب، ئەبدۇلھەمىد ئەل-كاتىب، قەيس بىن رۇبباھ، زەمھاك بىن مەزاھىم، ئەبۇ مەبەد ئەل-جەھنىي، ئەبۇ ئامىر ئەش-شەئىي، ئەبۇ بەكرى ئەبدۇللاھ ئىبىن كەيسان، زەججاج، ئەبۇ ئۇبەيدە، فەرا، ئەبۇ يەھيا ئەل-يەزىدىي، شاغۇرىي، ئەبۇ يۇسۇپ ئىبن ئەس-سىككىت ۋە باشقا بۇ كەبى ئۇلۇغ زاتلار مۇئەللىملىك قىلغان ۋە كۆپىنچە ئاۋام بالىلىرىنى ئوقۇتقانىدى.

مۇئەللىملىك ئەڭ بۈيۈك ۋە ئەڭ شەرەپلىك بىر مەنسەپدۇركى، بۇ يولدا نەقەدەر مۇشەققەت تارتىلسا، ھەممىسى راھەتلىككە ھېساب ئېتىلسە ئورۇنلۇقتۇر. شاگىرتلىق كۈنلىرىمدە ھەر ھالدا لايىق بولمىسامۇ، ياش بالىلار قارشىدا بولغان مۇئەللىملەر كۆرسىلىرىغا مەنمۇ بىر مۇددەت ئولتۇرغانىدىم. كېيىنچە، تەقدىرنىڭ قىسمىتى بىلەن كۆپ كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇلۇغ بەختكە يېتىشىشكە لايىق بولغان كۆرسىدا ئۈچ-بەش كۈن ۋاقىتنى ئۆتكۈزگەن بولسامۇ ھەيھات، بۇرۇنقى لەززەتنى تاپالمىدىم.

تەربىيە ئاستا-ئاستا، تەرتىپ بىلەن كامالەت تاپقۇزماق دېمەكتۇر. تەربىيە بەرگۈچىنىڭ ھىممىتى سايىسىدا بالىلاردىكى قۇۋۋەتلەر كۈچلىنىدۇ، تەبىئىي ئىستېداتلىرى ئىش قىلىشقا ھازىرلىنىدۇ.

دېھقان ۋە باغۋەنلەر دان چېچىش ۋە كۆچەت تىكىشتىن بۇرۇن يەرلەرنى نەقەدەر ئېتىبار بىلەن يۇمشىتىدىغانلىقى، ئوت-چۆپلەرنى، ھەتتا يىلتىزلىرىغىچە سۇغۇرۇپ تاشلايدىغانلىقى بىزگە مەلۇم. بۇ بولسا يەر تەربىيىسى بولۇپ، زىرائەت ئۆسۈلىغا كۆرە مۇھىم بىر شەرتتۇر. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، بۈيۈك ۋە گۈزەل ئىنسان قىلىپ چىقىدىغان كىشىلەرنى ياش ۋاقىتلىرىدا تەربىيە ئەتمەك لازىم بولىدۇ. تەربىيىسى بولمىغان (ياخشى ئىشلىمىگەن) يەردە ياخشى يېمەكلىك يېتىشمىگىنى كەبى زۆرۈر تەربىيە بېرىلمىسە، گۈزەل ئىنسانمۇ يېتىشمەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، تەربىيە ئەڭ كېرەكلىك بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ.

بالىنى ئەڭ كىچىك ۋاقتىدا ئەمگۈزمەك، ئۇخلاتماق، يېدۈرمەك، كىيىندۈرمەك، يۇيۇندۇرماق، ئانا ياكى ئانا خىزمىتىدە بولغان كىشى قولىدا بولغان تەربىيىسى تەربىيە ئالىملىرى نەزىرىدە بىرىنچى تەربىيە، مەكتەپتە بولغان تەربىيىسى ئىككىنچى تەربىيە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەربىيىسى ئۈچىنچى تەربىيە نامى بىلەن مەلۇمدۇر. بۇ تەربىيىلەردىن بىرىنچىسى ئانىلاردىن ۋە ئائىلىق خىزمىتىدە بولغانلاردىن، ئىككىنچىسى مۇئەللىملەردىن، ئۈچىنچىسىمۇ مۇئەللىملەر ھەم مۇتائىلە قىلىنىدىغان كىتابلارۇ ژۇرناللار، دوست ۋە مۇئامىلىدە بولىدىغان زاتلاردىن تەھسىل ئېتىلىدۇ.

بالىلارنى مەكتەپكە ئەۋەتىشتىن مەقسەت نېمە، بىلۇرمىسىز؟ ئەلۋەتتە، دۇرۇس ۋە گۈزەل تەربىيەگە ئىگە قىلدۇرماقتۇر. ئۇنداق ئەمەسمۇ يا؟ لېكىن شۈبھىسىزكى، دۇرۇس تەربىيە ئېلىنىدىغان مەكتەپلەر بىزلەردە ئېھتىياجىمىزغا نىسبەت ئېتىلگەندە ناھايىتىمۇ ئازدۇر. بەلكى، بىر كۈن كېلۇر، بىزلەرگە

ھەم بالىلىرىمىزنى گۈزەل تەربىيىلەيدىغان ئىلىم خانىلىرى ئارتار ۋە كۆپىيەر.

بۇنىڭدىن چىقىپ تۇرۇپتۇكى، مەكتەپنىڭ ۋەزىپىسى ھەم يالغۇز ئىلىم ئوقۇتماقتىنلا ئىبارەت بولماي، بەلكى بالىلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە سۆيگۈ-مۇھەببەت، ياخشى ئادەت، تىرىشچانلىق، ھىممەت، قېرىنداشلىق، غەيرەت، ئىنساپ، گۈزەل خۇلق، ئادالەت، شىجائەت، شادلىق كەبى پەزىلەت ئۇرۇقلىرىنى، تولۇق ئېتىبار بىلەن چاچماق ۋە تەربىيىلەپ ئۆستۈرمەك بولىدۇ.

چۈنكى، بىر كىشىدە، ئەقلۇ شەرىئەت دائىرىسى ئىچىدە شادلىق بىلەن تىرىشچانلىق بولمىسا، ئۇ كىشى ھەرقانچە تۇپراق ئۈستىدە ئىنسانلار قاتارىدا كۆرۈنسىمۇ، ئۆلۈكلەرۇ ھايۋانلار ھۆكمىدۇر.

بۇ بىر ھۆكۈمدۇركى، توغرىلىقىغا ھېچبىر ئادەمنىڭ شۈبھىسى بولماس. ئەمدى، خەلق ئادەملەردىن ئىبارەت بولغىنى ئۈچۈن ئادەملىرىدە ھايا يوق بولسا، تەبىئىي رەۋىشتە شۇ ئادەملەر توپىدا ھەم ھايا بولماس. بىر كىشىنىڭ مىڭ كىشىگە باراۋەر بولغىنى ۋە مىڭ كىشىنىڭ بىر كىشىگە قەدىر-ھۆرمىتى بولماسلىقىنىڭ سەۋەبى بۇدۇر...

بىزلەر كىيىم تىكتۈرمەكچى بولغىنىمىزدا ماھىر تىككۈچىلەرنى ئىزدەيمىز. بىر خادىم ياللىغىنىمىزدا ئۇنىڭ مىجەز-خۇلقىنى ئۆگىنىمىز، باشقىلاردىن سوراپ، سۈرۈشتۈرىمىز، خىزمەتلىرىنى قۇسۇر-نۇقسانسىز قىلىش-قىلالماسلىقى توغرىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىمىز. مىڭ تەئەججۈپدۇركى، ئاددىي نەرسىلەر ئۈچۈن بۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلۈمىزۇ كۆزىمىزنىڭ نۇرى ۋە كېلەچەك بىر زاماننىڭ ئاتىلىرى بولمىش زاتلارنى تەلىم ئەتتۈرمەك بابىدا بولسا ئاجايىپ زور

مەسئۇلىيەتسىزلىك كۆرسەتمەكتىمىز.

قولىدا ئۆلچىگۈچى بىلەن قايچىسى بولغانلارنىڭ ھەممىسىلا بىزلەرگە لايىق رەۋىشتە كىيىم پىچىپ، تىكىشنى بىلىۋەرمىگەندەك، ئۆزىگە مۇئەللىم ئىسمىنى بەرگەن ھەربىر كىشى بالىلىرىمىزنى تەربىيىلەلەرمۇ؟ ياكى بىزنىڭ بالىلىرىمىزنىڭ قىممىتى بەش-ئون تەڭگە قىممىتىدە بولغان كىيىملىرىمىزنىڭ دەرىجىسىدە بولسۇنمۇ؟ ياكى تەلىم-تەربىيە ئىلمى كىيىم پىچىماق ۋە تىككۈچىلىك قىلماقتىنمۇ يەڭگىل بىر نەرسىمۇ؟ ئويلىشىمچە، بۇ سوئاللارغا تەستىق بىلەن جاۋاب بېرىدىغان (يەنى، شۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدىغان) ئادەم بولمىسا كېرەك.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىزلەر بۇ كىتابتا مۇئەللىملەرنىڭ قانداق كىشىلەر بولۇشى ۋە قانداق جەم بولماقلىرى لازىم كېلىدىغانلىقىنى ۋە ۋەزىپىلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى مۇكەممەل شەكىلدە بولمىسىمۇ، بىر قۇر بايان ئەيلىمەكچىمىز. تەربىيە ئۆلىماسىنىڭ ئېيتقانلىرىغا كۆرە، مۇئەللىملەرگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىلەر بۇلاردۇر.

## 1. خۇلق ۋە ئەمەل

ھۇزۇرىغا سەپ-سەپ بولۇپ تىزىلغان شاگىرتلارغا گۈزەل خۇلقلاردىن دەرس بېرىشتىن ئاۋۋال، مۇئەللىم بولغان كىشى ئۆز خۇلقىنى گۈزەل قىلىشى ۋە ئۆز خۇلق پېئىلى بىلەن شاگىرتلارغا نەمۇنە بولمىقى لازىمدۇر. بۇنداق بولمىغاندا شاگىرتلارغا بېرىلگەن

نەسىھەتلەر پايدىسىز، ئوقۇتۇلغان ساۋاقلارمۇ نەتىجىسىز بولىدۇ.

مۇئەللىمنىڭ گۈزەل خۇلق توغرىسىدا بەرگەن نەسىھەتلىرى بىلەن ئەمەلىيىتى تولۇق ماس كەلمىسە ۋە پاكى سۆزىنى ھەرىكىتى يوققا چىقارسا، ئۇ مۇئەللىمنىڭ سۆزى ھېچبىر بالىنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيدۇ، كىرسىمۇ تۇرمايدۇ. چۈنكى، كۆپ ۋاقىتلاردا بالىلار مۇئەللىمنىڭ سۆزىگە ئەمەس، بەلكى ئارقا پۇت ئالدى پۇتقا ئەگەشكىنىگە ئوخشاش، ھەرىكىتىگە ئەگىشىدۇ. ئاشۇ ئەگەشكەن نەرسىلىرى ئۇلاردا بىر ئادەت بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن گۈزەل خۇلق ئۆگىتىش توغرىسىدا بالىلار مۇئەللىمنىڭ «مۇنداق بولۇڭلار، ئۇنداق بولماڭلار!» دەپ بەرگەن پەرمانلىرىغا ئەمەس، بەلكى خۇلقىنىڭ گۈزەل بولۇشىغا موھتاجدۇر.

بىر مۇئەللىم ھەرقانچە ئالىم ۋە زەكىي بولغىنى بىلەن گۈزەل خۇلق ساھىبى بولمىسا ھەمدە گۈزەل خۇلقنى سۆزلىگەنلىرىگە تەتبىق ئەتمىسە ۋە ئۆز ھەرىكىتى بىلەن كۆرسەتمىسە، ئۇنىڭ تەلىمىدىن پايدا كۆرۈلمەيدۇ. پايدا ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى قات-قات زەرەر كۆرۈلىدۇ. گۈزەل خۇلقتىن مەھرۇم بولۇپ، ئىلىم تەھسىل ئەتكەن كىشىلەرنىڭ ئۆزى بۇزۇق ئىلىملىرى بىلەن نەمۇنە بولغانلىقى ۋە يارىماس نەرسىلەرنى گۈزەل كۆرسىتىشنى بىلگەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۈچۈن يەتكۈزىدىغان زەرەرلىرى يۇزلىگەن ھەتتا مىڭلىغان نادان كىشىلەرنىڭ زەرەرلىرىدىن كۆپرەكتۇر.

بىر مۇئەللىم شاگىرتلىرىغا: «دوستلىرىڭلار بىلەن ھەر ۋاقىت ياخشى مۇئامىلىدە بولۇڭلار ۋە بىر-بىرىڭلارنى يولسىزلىقتا ئۈچرىغاندا ئۇنى ئەپۇ قىلىڭلار» دەيدۇ. لېكىن ئۆزى دوستلىرى بىلەن يىرتقۇچلاردەك غوۋغا قىلىدۇ، ھەقمۇ، ھەقسىزمۇ، نېمىنى كۆرسە

ئەسلا ئەپۇ قىلمايدۇ، «يالغان سۆزلىمەڭلار!» دەيدۇ، ئەمما ئۆزى ئالدىماي سۆزلىمەكنى بىلمەيدۇ. بۇنداق مۇئەللىمنىڭ ساۋىقىدىن قانداق پايدا كۆرۈلەر؟ بۇنداق كىشىنى شاگىرتلار مۇئەللىم ئەمەس، بەلكى ئىككى يۈزلىمە يالغانچى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ.

مەست قىلغۇچى ئىچىملىك ۋە باشقا زىناخورلۇق ئىشلىرىدىن يىراق بولماق، غەيۋەت، بوھتان، بۇزۇق قىلىقلاردىن كامىل ئېتىبار بىلەن ساقلانماق؛ ئىپپەت، ئىتائەت، قانائەت، ساداقەت، پاكىزلىق، تەۋازۇ، ئاتا-ئانا ۋە بارلىق ئۇرۇق-تۇغقان، قوۋم-قېرىنداشلارنى ھۆرمەت قىلماق، ھەر كىم بىلەن گۈزەل مۇئامىلە ۋە ئۇلپەت بولماق كەبى گۈزەل ئەخلاق بىلەن بېزەلمەك لازىمدۇر.

مەجلىسلەردە پايدىسىز سۆزلەرنى قىلماق، ئاۋاز چىقىرىپ كۈلمەك، ئىستىھزا-مەسخىرە ئەتمەك، بىر نەرسە توغرىسىدا دەرىجىسىدىن تاشقىرى زىيادە گەپ تالاشماق، سۆز قىستۇرماق، بۇرۇن، چىش، ساقال، بۇرۇت، چاچ، باش كىيىمى، سائەت قاتارلىقلارنى ئويناپ ئولتۇرماق، بارماق بوغۇملىرىنى قاسىلداتماق، زۆرۈرىيەت بولمىغاندا تاماق قىرماق، ئىلىم ئەھلىنىڭ سالاپىتىگە مۇناسىپ بولمىغان نەرسىلەرگە ئادەتلەنمەك مۇئەللىملەر ئۈچۈن ئەيىبتۇر. ئالدىدا تۇرغان باللارنىڭ ئەڭ يامانلىرىغا قەدەر ئىسىملىرى بىلەن چاقىرماق ياكى ئوغلۇم، بالام، قېرىندىشىم، بۇرادىرىم دېگەنگە ئوخشاش يېقىملىق سۆزلەرنى ئىشلەتمەك، لەقەم، ئىسىم قويۇپ قويۇشتىن ساقلانماق، تۇغۇلغان شەھەرۇ قىشلاق خەلقلىرىگە ئۆزىنى گۈزەل خۇلقلىق، ئىنساپلىق بەندە قىلىپ تونۇتماق گۈزەل خۇلق تەقەززاسىدىندۇر. بەزى ئۇلۇغ زاتلار: «ھۆرمەتلىك بولۇشنى ئىستىسىڭىز، ھۆرمەتسىز

كىشىلەردىن ساقلىنىنىڭ» دەپ ئېيتقان.

ھەزرىتى ئۆمەر رازىيەللاھۇ ئەنھۇ جانابلىرى: «شەرىئەتتىن ئەدەپ ئۆگەنمىگەن كىشى ھېچكىمدىن ئەدەپ ئۆگىنەلمەيدۇ» دېگەن مەزمۇندا سۆز ئېيتقان بولۇپ، بىر ھەدىستىمۇ «ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغىنىڭلار خۇلقى گۈزەل بولغانلىرىڭلاردۇر» دېيىلگەن. بەزى مۆھتەرەم زاتلار، روسۇلۇللا سۇلتانۇل ئەنبىيا ئەپەندىمىز ھەزرەتلىرىنىڭ: «〈 سىلەر مېلىڭلار بىلەن كىشىلەرگە گۈزەل كۆرۈنەلمىسەڭلار، بارلىق خۇلقىڭلار بىلەن گۈزەل كۆرۈنۈشكە تىرىشىڭلار! 〉 دېگەن مۇبارەك سۆزلىرى پۈتۈن دۇنيا ئادەملىرىنىڭ گۈزەل ۋە ئىبرەتلىك سۆزلىرى بىلەن ئۆلچەنسە، ئەلۋەتتە غالىب كېلۇر ئىدى» دېيىشكەنىدى. بۇ سۆزدە شۇبھە بارمۇ؟

يامان خۇلق ئىنسانلارنى نابۇت ئەتكەن ئوغا بولغىنىدەك كۆركەم خۇلقمۇ سائادەتكە يېتىشتۇرىدىغان تەرەققىياتتۇر. لېكىن، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بەندە ئۆزىدىكى بۇزۇق خۇلقلاردىن خەۋەردار بولماي، غاپىل يۈرىدۇ، ئۆز خۇلقىنى بىلمەك، ئۆز نەپسىنى بىلمەك دەرىجىدە مۇشكۇلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئۆز خۇلقىنى تولۇق چۈشىنىش توغرىسىدا ئەقىللىق بولماق شەرتى بىلەن ئەڭ يېقىن دوست ۋە ياكى ئەڭ قاتتىق دۈشمەنىنىڭ ياردىمىگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. يارىماس خۇلقلىرىمىزنى كۆرگەندە، يېقىن دوست تەنبىھ بېرىدۇ. دۈشمەنمۇ ھەرقانداق قىلىپ بولمىسۇن، بەرىبىر غەيرەت قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بىلەنمۇ بىرقەدەر ئىسلاھ ئەيلىمەك (تۈزەتمەك) مۇمكىندۇر. ئەقىللىق كىشى ئۇلۇغ شەخسلەردىن ئالىدىغان تەربىيىسىدىن كۆرە، بەلكى كۆپرەك تەربىيىسىنى دۈشمەنلىرىدىن ئالىدۇ. دۈشمەن تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا

قويۇلغان بۇزۇق ئادەتلىرىنى تۈزىمەك ۋە يارىماس خۇلقلىرىنى تازىلىماق ۋە تەھسىن (گۈزەل) ئېيتىشنى بىلىدۇ.

مۇئەللىم بولغان كىشىنىڭ ئەمەلىيىتى ئۆگىتىدىغان نەرسىلىرىگە مۇۋاپىق كەلسە، ئۇنىڭ سۆزىگە شاگىرتلار ئەمەس، بەلكى ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلارمۇ ئىتائەت قىلىدۇ. ئىمام جاھىد ھەزرەتلىرى بىر تەربىيە بەرگۈچىنى: «شاگىرتلىرىنىڭ ئەقىللىرىنى شۇ دەرىجىدە ئۆزىگە جەلپ ئەيلىمىش ئىدىكى، ھۇزۇرىدىن چىقىۋاتقان ياش بالىلار ئۇلۇغ ئالىم رەۋىشىدە چىقار ئىدىلەر» دەپ سۈپەتلىگەنىدى. ھېچ شۈبھە يوقتۇركى، بۇ نەرسە تەربىيە بەرگۈچىنىڭ تەربىيىسى تەسىرلىك بولغىنىدىن ۋە تەربىيىسىنىڭ بۇنداق تەسىرلىك بولۇشىدا ھەرىكىتى سۆزىنى تەستىق ئەتكىنىدىن بولغان. مۇئەللىم شەپە بولسا، شاگىرت ئۇنىڭ كۆلەڭگىسىدۇر ياكى مۇئەللىم بىر مۇئەللىم بولسا، شاگىرت ئۇنىڭ ياراتقان ئەسىرىدۇر. يارىتىلغان ئەسەرنى كۆرۈپ، مۇئەللىمنىڭ ئىلمۇ ئەقلىدە قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىش مۇمكىن بولغىنىدەك شاگىرتنى كۆرۈپ مۇئەللىمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىشمۇ تەس ئەمەس.

ئۇتبەبن ئەبي سۇفيان بالىلىرىنىڭ تەربىيىچىسى بولغان ئابدۇسسەمەد ئىسىملىك كىشىگە مۇنداق تەۋسىيە ئەتكەنىدى: «بالىلارغا ئەدەپ بەرگەندە، ئەڭ ئاۋۋال ئۆز خۇلقىڭنى گۈزەللەشتۈرمەككە كىرىشكىن، چۈنكى، سەن گۈزەل كۆرسەتمەكچى بولغان نەرسىنى ئۇلار ئالدىدا گاھىدا گۈزەل، گاھىدا بۇزۇق كۆرسەتكىنىڭدە، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇزۇق بولۇپ چىقىدۇ. ئارتۇق زورلۇق ۋە ئارتۇق يۇمشاقلىق قىلماسلىق شەرتى بىلەن ئۇلارغا بىلىم ئۆگەتكىن! چۈنكى، ئارتۇق زورلىساڭ، ئۇلار

ھۇرۇن، خۇشياقماس بولۇپ قالىدۇ. ئارتۇق يۇمشاقلىق قىلساڭ، بەلكى ئوقۇشنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇيدۇ. لېكىن بىر ئىلىمنى تولۇق ئىگىلىمەستىن تۇرۇپ، ئىككىنچى ئىلىم بىلەن مەشغۇل قىلما! چۈنكى تۈرلۈك-تۈرلۈك سۆزلەرنىڭ بالىلارنىڭ قۇلاقلىرىغا بىر ۋاقىتتا كىرىشى، چۈشىنىشنى قىيىنلاشتۇرىدۇ. مېنىڭ بىلەن قورقۇت! لېكىن ئەدەپنى مېنىڭ ھۇزۇرۇمدىن (ئالدىمدىن) باشقا يەردە بەرگىن! ئۇلارنى تەربىيىلەشتە خۇددى كېسەلنى بىلمەي تۇرۇپ، داۋا بەرمىگەن تېۋىپقا ئوخشاش مۇئامىلە قىل! ئۇلارنىڭ ئالدىدا خوتۇن-قىزلار توغرىسىدا سۆزلىمەكتىن غايەت ھوشيار بول! مەن ئۇلارنى ساڭا تاپشۇردۇم. نۇقسانلىق تەربىيە ئەتسەڭ، ھېچ ئۆزرىڭ قوبۇل بولماس. ئۇلارنىڭ تەربىيىلىرى گۈزەل بولغانچە، مېنىڭمۇ ساڭا بولغان پايدىلىرىم گۈزەل بولىدۇ».

بۇ بىر تەۋسىيىدۇركى، ھەربىر مۇئەللىم تەرىپىدىن ئۆز خىزمىتىنى ئادا ئەتمەك توغرىسىدا دەستۇر ئېتىلسە ۋە زۆرۈرىيىتى بىلەن ئەمەل قىلىنسا ئەرزىيدۇ.

## 2. مەلۇمات ۋە ئىقتىدار

مۇئەللىمنىڭ گۈزەل خۇلق ساھىبى بولۇشى نەقەدەر لازىم بولسا، مۇئەللىمگە لازىم بولىدىغان مەلۇماتنى بىلىشى، مۇئەللىملىك قىلىشقا ئىقتىدارى بولۇشى تېخىمۇ بەكرەك مۇھىمدۇر.

كۆز قارىلىرى، كۆڭۈل يېمىشلىرى كەلگۈسى كۈن،

خۇسۇسەن، قارا كۈنلەردە پۈتۈن ئۈمىدلەر ئۇلاردا بولغان بوگۈننىڭ ياش بالىلىرىنى، بۇ شۇڭقارلارنى تەربىيىلەيدىغان كىشى مەلۇماتسىز ۋە ياكى ئىقتىدارسىز بولسا، ھېچبىر ۋاقىتتا ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان زەرەر كەلتۈرىدۇ.

مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا يىغىلىپ، تىزىلىپ ئولتۇرغان بالىلار ھەرقانچە كىچىك بولسىمۇ، ئۇلارنى تەربىيىلەيدىغان ئىلىم قار كۆرىمەك كەبى يەڭگىل ئەمەستۇر، بەلكى ئىلمىي تەربىيە كەبى بۈيۈك ۋە شەرەپلىك بىر پەننىڭ قائىدىلىرىدىن خەۋەردار بولغان ھالدا، زېرەكلىك بىلەن ھەرىكەت ئەيلىمەكى زۆرۈر بولىدۇ.

ئىلمىي تەربىيە ساقلىقنى ساقلاش ۋە ئىلمىي ئەخلاق، ئىلمىي روھ كەبى تۈرلۈك پەنلەردىن تەركىب ئېتىلىپ، قائىدىگە سېلىنغان بىر ئىلىم بولغانلىقتىن، بىز ئېيتقان ئىلىملەرنىڭ ھەرقانداق تەپسىلاتى بىلەن باشلىنىشى لازىم. بولمىسا، نېگىز ۋە رۇكنىلارنى ئېتىبار ئېتىلگەن ئۇسۇللىرىدىن بىخەۋەر بولماق ھەم جائىز ئەمەستۇر. مۇئەللىملىك قىلماقچى بولغان كىشىنىڭ ئەللامە بولۇشى ۋە ياكى خەلق ئارىسىدا قانداق ئىلىملەر بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىشى شەرت بولمىسىمۇ، مۇئەللىملىك ئۈچۈن ھاجەت بولغان بىلىملەردىن غاپىل بولۇشى ھەم راۋا بولمايدۇ.

بىز ئەڭ نادان كىشىلەر ھېسابلايدىغان مال باقارلار (چارۋىچىلار) مال بېقىش توغرىسىدىكى بەزى نەرسىلەرگە بىلىپ-بىلمەي ئەمەل قىلىشقا مەجبۇر بولۇشلىرى، مال باقارلىق ئىلمىدىن خەۋەرسىز بولغان بىر مال باقارنىڭ ھايۋانلارنى ھالاكەتكە ئۇچرىتىدىغانلىقى، ئىلمىي تەربىيەتتىن مەھرۇم ۋە تەلىم ئۈچۈن ئىستىبداتسىز كىشى مۇئەللىملىك قىلسا (مەيلى ئۇ دۇنيانىڭ بىرىنچى دەرىجىسىدىكى ئەزگۈ بەندىسى بولسۇن)، پايدا ئورنىغا

دۇنياغا توشقۇدەك زىيانلار كەلتۈرىدۇ.
ھەربىر سەنئەتتۇ كەسىپ ئۇچۇن ئۆزىگە مۇناسىپ بىر ئىستېدات كېرەك بولسا، تەلىم- تەربىيە ئۇچۇن جۇملىدىن زىيادە بىر ئىستېدات ۋە خىزمەتنى ئىجرا ئېتىشتە ئىقتىدار بولۇشى مۇئەللىم ئۇچۇن زۆرۈردۇر. ئىستېداتى بولغان كىشى ئىلمىي تەربىيە كىتابلىرىنى مۇتالىئە ئەيلىمەك ۋە ياكى ئىلمىي تەربىيەدىن ئۇلۇشى بولغان كىشىلەرنىڭ مۇئەممالىرىنى تەجربە ئەتمەك سايىسىدىمۇ مەزكۇر كامالەتنى تەھسىل ئېتەلەيدۇ.
ئەگەر ئېتىبارى ئورنىدا بولسا (دىققىتى جايىدا بولسا)، شاگىرتلىرىغا تەلىم بېرىۋاتقان ۋاقتىدا شاگىرتلىرى ئۆزلىرىگە لازىم بولغان ساۋاقلارنى ئۆگەنگەنلىكلىرىدىن تەربىيىچى بولغان كىشىمۇ ئىلمىي تەربىيىدىكى ئەڭ كېرەكلىك قائىدىلەرنى ئۆگىنىشكە مۇۋەپپەق بولالايدۇ.
كۆڭۈلدىكى ئىلىمنى ئوچۇق چۈشەندۈرۈشنى بىلىش ئىقتىداردۇر. ئۆگىتىشنى بىلمەك قۇۋۋىتىدىن مەھرۇم بولغان كىشىنىڭ يول ئۆگىتىشىدىنمۇ پايدا كۆرۈلمىگىنىدەك، ئىلىم ئۆگىتىشىدىن ھەم بىر سەمەرە (نەتىجە) تېپىلمايدۇ. ئۆگىتىش ئىقتىدارى بولمىغان زات ئەرەستۇ كەبى بۈيۈك بىر پەيلاسوپ بولغان تەقدىردىمۇ، مۇئەللىم بولمىقى جائىز ئەمەستۇر. ئالىمۇ پەيلاسوپ بولماق بىر ئىش، مۇئەللىم بولماق ئىككىنچى بىر ئىشتۇر.

## 3. ھىلىم، مۇلايىمەت، ئۇلۇغلۇق

مۇئەللىملەرنىڭ ھىلىم، يەنى چىدامىلىق ۋە مەرھەمەتلىك بولماقلىرى لازىمدۇر. بۇنداق بولمىغان كىشى مۇئەللىملىك خىزمىتىنى قىلالماس. قىلسىمۇ، ئۇنىڭ تەربىيىسىدىن ئۈمىد قىلىنغان پايدا كۆرۈلمەس. مۇئەللىم تەربىيىسىدىن كۆرۈلىدىغان پايدا يالغۇز ئىلىم بىلەن ئىقتىدارلىق بولماستىن، بەلكى بۇلار بىلەن بىرگە شەپقەت بىلەن مەرھەمەتلىك بولۇشىدىن زاھىر بولۇر. ئەھۋال شۇنداق بولغانىكەن، ئۇشبۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىش قۇدرىتى بولمىغان كىشىنىڭ تەلىمۇ تەربىيە بىلەن شۇغۇللانماسلىقى ئۆزى ئۈچۈنمۇ، بالىلار ئۈچۈنمۇ خەيرلىك بولغۇسىدۇر.

تەربىيە ئۇسۇلى بىلەن تونۇش بولغان مۇئەللىم ھېچ ۋاقىت ئۆز تەبىئىتىنى شاگىرتلاردىن ئاچچىقلىنىدىغان دەرىجىگە كەلتۈرمەس. ئاچچىقى كەلگەندە بولسا، ئاچچىقىنى يىڭەر. ئاچچىقلانغىنىنى شاگىرتلىرىدىن يوشۇرۇپ، ئۆزىنىڭ دەرىجىسىنى ساقلاشنى بىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل تەربىيىدە ئۇلۇغۋارلىق دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىنسان نەقەدەر يەڭگىلتەك ۋە تېرىككەك بولسىمۇ، رىزا ۋە شادلىق ھاللىرىدىن پۇتۇنلەي مەھرۇم بولۇپ كەتمەيدۇ. ھەركىمدىن رىزايۇ ھەركىمدىن تەھەممۇل ئېتىدىغان (چىدايدىغان، تاقەت قىلىدىغان) دەقىقىلىرى بولىدۇ. لېكىن بۇ ھال ھىلىم ئەمەستۇر. ھىلىم دەل ئاچچىقلانغان ۋاقىتتا ئاچچىقنى يول

بەرمەستىن، نەپسىنى يەڭمەك ۋە ئەقىل ئۆلچىمىدىن بىر غېرىچ بولسىمۇ چەتكە ئۆتمەسلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇئەللىملەرنىڭ مۇلايىم بولغان-بولمىغانلىقى ئاچچىقى كەلگەندە بىر ھال يۈز بەرگەندە بىلىنىدۇ.

ئالىيجاناب مۇئەللىم ئۆرپ-ئادەتتە تۈۋەن كۆرۈلىدىغان نەرسىلەردىن بار كۈچى بىلەن ئۆزاقلىشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىيجانابلىق بۈيۈك بىر پەزىلەت بولۇپ، ئىگىسىنى سائادەتكە يېقىنلاشتۇرىدۇ. شاگىرتلارنى ساۋاقلىرىغا (دەرسلەرگە) ئىجتىھات ۋە ئوقۇش ئۇسۇلىغا رىئايە قىلىشقا مەجبۇرلايدىغان نەرسە مۇئەللىمنىڭ ئىلمى ۋە مۇلايىملىقىغا سىڭگەن ئالىيجانابلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئالىيجانابلىق نوپۇزلۇق بىر سۇلتان بولغىنى ئۈچۈن شاگىرتلار مۇئەللىمنىڭ ئاچچىقلىنىشىدىن، سۆكۈپ تىللىشىدىن، ئۇرۇشىدىن ئەمەس، بەلكى، قان-تۆكلىرىگە قەدەر تەسىر قىلىۋاتقان ئالىيجانابلىقىدىن قورقۇشىدۇر. ئەمما بۇنداق قورقۇش دۈشمەندىن قورقۇش شەكلىدىكى قورقۇش بولماستىن، بەلكى ھۆرمەت، تەزىم، مۇھەببەت قوشۇلۇپ كەتكەن بىر قورقۇشتۇر.

مۇئەللىملىكتىن قەتئىينەزەر، ئالىيجانابلىق، ھىلىملىق، مۇلايىمەت ئۆز ھۆرمىتىنى ۋە ئىلىم مەرتىۋىسىنى زايە ئەتمەس شەرتى بىلەن ئەڭ گۈزەل خۇلقلاردىندۇر. بۇلار بىلەن سۈپەتلەنگەن كىشى ھېچ شۈبھىسىز، بەختىياردۇر. ئەھنەف ھەزرەتلىرى: «كۆپلەردىن زىيادە ياردەم بەرگەن نەرسە ھىلىمدۇر» دەر ئىكەنمىش. ئۆمەر ئىبنى ئەبدۇلئەزىز ھەزرەتلىرى ھەم: «بىر-بىرىگە يېقىن بولغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋۋەللىرى ئىلىم بىلەن ھىلىم، قۇدرەت بىلەن ئەپۇ» دېگەنىكەن.

ئالىمۇ ھىلىم بولغان مۇئەللىملەر ئاتلاردىن باشلاپ ئىتلارغا قەدەر، تۇتىلاردىن چاشقانلارغا قەدەر، ھەر تۈرلۈك ھايۋانلارۇ قۇشلارنى تۈرلۈك-تۈمەن نەرسىلەرگە ئۆگىتىپ، سىركىلەردە تاماشا كۆرسەتكەنلىرى كۆز ئوڭىمىزدىدۇر. شۇنداق ئىكەن، گۈزەل سۈرەتتە يارىتىلىپ، ئەقىل بىلەن نۇتۇق ئېھسان ئېتىلگەن ئادەم بالىسى نېمە ئۈچۈن ئىلىم ئېگىلىمەكتىن مەھرۇم قالسۇن؟ مەھرۇم قالسا، بۇنىڭغا ئېتىبارسىز ھەمدە ۋەزىپىلىرىنى بىلمىگەن ۋە ياكى بىلسىمۇ، ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا ئېتەلمىگەن مۇئەللىمنىڭ توغرا كېلىپ قالغىنى بىلەن ھۆكۈم ئەتمەك لازىمدۇر.

ئورۇنسىز يەردە ئاچچىقلانماق ۋە شاگىرتلىرىنى قورقۇتماق ھىلىم بولمىغىنىدەك، كېرەك بولغاندا تەنبىھۇ جازا بەرمەي، بىلمىگەنگە سېلىپ تۇرماقمۇ ھىلىم (مۇلايىملىق) ئەمەستۇر. ئەقىل دائىرىسىدە ھەمدە ئىلمىي تەربىيە قائىدىلىرىگە تەتبىقلىغان ھالدا ھەر تۈرلۈك تەزىر (جازا) بەرمەك مۇئەللىمنىڭ ھىلىم بولۇشىغا زىت بولمايدۇ. بۇ ھەممىگە مەلۇم بىر سۆزدۇر.

بالا ئۇستىگە ھەر تۈرلۈك نەقىش چۈشۈرمەك مۇمكىن بولغان قىممەت باھالىق جەۋھەر ۋە ياكى ھەر نەرسە يېزىشقا قولاي بولغان ئاق قەغەزدۇر. ئاللا ساقلىسۇنكى، بۇنىڭ ئۇستىگە ھېچ نەرسە يېزىلمىسا ۋە لازىم نەقىش چۈشۈرۈلمىسە ۋە ياكى پايدىسىز نەقىش بىلەن مەناسىز يېزىق يېزىلسا، ئەلۋەتتە نەققاش بىلەن يازغۇچى ئەيىبلىكتۇر.

ھارۇن ئەر-رەشىد ئۆز بالىسىنىڭ تەربىيىچىسىگە مۇنداق تەۋسىيە ئەيلىگەنىدى: «ئەي تەربىيىچى! ساڭا ئەمىرۇل مۆمىنىننىڭ جېنى بىلەن كۆڭلىنىڭ بىر پارچىسى بولغان بالىسىنى تاپشۇرۇپ، ساڭا ئىتائەتلىك بولۇشنى مەزكۇر بالىسىغا لازىم ئەيلىدى. ئەمدى

سەن ئەمىرۇل مۆمىنىنى قويۇپ تۇرۇپ، بۇ بالىغا پايدىلىق خەۋەرلەرنى بىلدۈر. شېئىر بىلەن ئاشنا قىل، مەجلىسۇ سۆزلەشمەك ئەدەپلىرىنى ياخشى بىلدۈر! ھەر سائەتتە بىر يېڭى پايدا ئالسۇن، لېكىن كۆڭلىنى كۆيدۈرمەكتىن، ئەلۋەتتە، ئېھتىيات ئەيلە! چۈنكى، قايغۇرماق ۋە ھەسرەتكە چۆكمەك زېھنىنى بۇزىدۇ. بالىغا ئەسلا بىپەرۋا قارىما! بىپەرۋا قارالغان بالا تەبىئىي يالقاۋ (ھورۇن) بولىدۇ. لېكىن، مۇمكىنقەدەر يۇمشاقلىق ۋە مۇلايىمەت بىلەن تەربىيە ئەيلە! ئەگەر بۇلارنىڭ پايدىسى كۆرۈلمىسە، تەرتىپى بويىچە تەلىم بېرۇرسەن!»

لېكىن، ھارۇننىڭ «تەزىر» (جازا، دەشنەم) دېمەكتىن مەقسىتى توپتوغرا ئۇرماق ۋە سوكمەك ئەمەستۇر.

ھەركىمنىڭ ئۆز بالىسى قەلبىنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ، گەرچە ئۇ خەلپە بولمىسىمۇ، ھەركىم ئۆز ئالىمىدە ھارۇندۇر. ھەركىم بالىسىنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىشىنى، پايدا بىلەن زىياننى ئايرىيالىشىنى ۋە راست سۆزلۈك بولۇپ چىقىشىنى ئىستەيدۇ. ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى قەلەم يازمىغان بىر ۋاقىتتا ئىلىم بېغىغا كىرمەك نىيىتى بىلەن ھۇزۇرىغا كەلگەن بالىلارنىڭ قىممەتلىرىنى، جۈملىدىن، ئەڭ ئاۋۋال مۇئەللىملەر بەلگىلەپ، كامىل-مۇلايىمەت كۆرسەتسە كېرەك.

ئەي ھۆرمەتلىك مۇئەللىم! كۆزلىرىڭگە قاراپ، پەرمانلىرىڭغا ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇرۇۋاتقان بۇ بالىلارغا بىر مەرتەم بولسىمۇ ئىبرەت بىلەن نەزەر تاشلا! بۇلار بالىلار ئەمەس، بەلكى شانۇ شەۋكىتى ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ مەخلۇقلىرى ۋە بۈگۈن سېنىڭ ئالدىڭدىكى ئەڭ قىممەتلىك ئامانەتدۇر. ئېھتىيات قىل! تەربىيىلىرىڭدە بىپەرۋالىق قىلما! چۈنكى، ئۇلار ئىلىم

مۇھەببىتىگە ئەسىر بولۇپ ھۇزۇرۇڭغا كەلگەندۇر. بالا تەربىيىلىمەك ۋە شاگىرت ئوقۇتماق (ئادەت بولسۇن، مۇرادى بىلەن ئوقۇتماق) ئەڭ بىرىنچى مۇشكۇل ۋە ئېغىر خىزمەتدۇر. ئەگەر بۇنىڭ بەدىلىگە مۇناسىپ بولغان ھەقنى بەرمەك لازىم كەلسە ئىدى، پادىشاھلار، دۆلەتلەرنىڭ بايلىقى يېتىشمەس ئىدى. لېكىن، بۇنىڭ مۇكاپاتىنى دەرىجىسىدىن زىيادە قىلىپ بەرگۈچى زات جانابىي ھەقتۇر. بۇ ئېغىر خىزمەتلىرىڭگە بېرىلىدىغان مۇكاپات ناھايىتىمۇ بۈيۈك بولۇپ، سەن ئەڭ موھتاج بولىدىغان ۋە ھەركىمدىن ئۈمىد ئۈزگەن كۈنۈڭ— ئاخىرەت كۈنىدە ئالىدىغانلىقىڭغا شۈبھەڭ بولمىسۇن! ھەر كېلەچەك قانچە يېقىن بولسا، ئاخىرەت كۈنى ئۇنىڭدىنمۇ يېقىندۇر.

## 4. ئىخلاس، دىققەت ۋە تىرىشماق

بالىلارغا تەلىم بەرمەك بىلەن ئەلنىڭ رىزاسىنى ئۈمىد قىلماق ۋە قېرىنداشلىرىنى نادانلىق كېسىلىدىن خالاس ئېتىپ، مىللەت ئۈچۈن ئىلىملىك كىشىلەرنى يېتىشتۈرمەك پىكرى بىلەن خىزمەت قىلماق مۇئەللىم بولغان كىشى زىممىسىدىكى پەرزدۇر. بۇ دېگەنلىك، ئىخلاس ۋە نىيەتنى دۇرۇسلىماق دېمەكتۇر. ئىخلاس بىلەن قىلىنغان خىزمەت ھېچ ۋاقىت نەتىجىسىز قالمايدۇ.

نىيەت ۋە ئىخلاس بەندە بىلەن تەڭرىنىڭ ئارىسىدىكى يوشۇرۇن بىر سىر بولغانلىقتىن، ئۇچىنچى بىر كىشى بۇنىڭدىن خەۋەردار بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نىيەتنى دۇرۇسلىماق ھەركىمنىڭ

ئۆزى ئۈچۈن زۆرۈر بولغانلىقتىن، كېلەچەك بىر كۈندە پايدىسىنى كۆرمەك نىيىتى بىلەن ئۆزى ئۈچۈن لازىمدۇر. شۇڭا بىر كىمنىڭ نىيىتى ھەققىدە سۆزلىمەك ۋەزىپىسى ئىككىنچىلەردە بولمايدۇ.

خىزمىتى بەدىلىگە ھەق ئالماي ئوقۇتماقتىن ۋە ياكى «مەن ھەق ئالماي، بەلكى ئاللاتائالا رىزاسى ئۈچۈن ئوقۇتىمەن»، دېمەكتىن نىيەت دۇرۇسلۇقى لازىم كەلمىگىنى كەبى مۇشەققىتى ئۈچۈن بىر مىقدار بولسىمۇ مائاش ئېلىپ تەربىيە ئەيلىمەكتىن نىيەت بۇزۇقلۇقى لازىم كەلمەس.

دەرھەقىقەت، ئىلىم ئۆگەنمەك بەدىلىگە ھەق بەرمەك زامانى سائادەتتە ھەم يوق ئەمەس ئىدى. بەدىر جېڭىدە ئەسىر ئېلىنغان قۇرەيشلەردىن جان ئۈچۈن مال بېرىش ئىقتىدارى بولمىغانلارغا ھەر بىرى ئون بالىغا يېزىق ئۆگىتىشكە مەجبۇر قىلىنغان ۋە تولۇق ئۆگەتكەنلىرى ئاخىرىدا ئازادلىققا چىقىرىلغان.

ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم ئەز-زەججاج ئۆز قولىنىڭ كۈچى بىلەن ئېرىشكەن بىر يېرىم دىرھەم كىرىمىنىڭ بىر دىرھەمىنى ئىلىم ئۆگەتكىنى بەدىلىگە ئۇستازى ئەبۇل ئەبباس مۇھەممەد ئەل-مۇبەررىدگە بېرەر ئىدى. كېيىن ئۆزىمۇ مەزكۇر ئۇستازىنىڭ دالالىتى بىلەن بەزى ۋەزىرلەرنىڭ بالىلىرىغا مۇئەللىم بولۇپ زور بايلىق يىغقانىدى. بۇ شۇ زەججادۇركى، بۈيۈك ئۆلىمالار: «مەزھەبى دۇرۇستىن، ئېتىقادى كۆركەم ھەم تەقۋادار ئىدى» دەپ گۇۋاھلىق بەرمەكتە.

مۇئەللىملەرنىڭ بارلىق ۋەزىپىلىرى مەلۇم ۋاقىتلاردا ئىجرا ئېتىلىشى ۋە تەلىم ئۈچۈن ھەم مەخسۇس ۋاقىتلار تەيىن ئېتىلمىكى لازىمدۇر. قوناق (مېھمان) كەلمەك، زىياپەتكە تەكلىپ قىلىنماق ئەمەس، ھەتتا ئەڭ يېقىن بىر دوستى قەبرىدىن تىرىلىپ چىققان

ھالـەتـتـىمۇ ساۋاقلارنى (دەرسلەرنى) مەلۇم سائەتتۇ دەقىقىدىن كېچىكتۈرمەك دۇرۇس بولمايدۇ. بۇ بولسا ئۇسۇلى تەربىيىدە دىققەت دېگەن نام بىلەن مەلۇم بولغان بىر قائىدىدۇر. بېرىلىشى لازىم بولغان مۇكاپات ياكى تەنبىھلەرنى ئۆز ۋاقتىدىن كېيىنگە قالدۇرماق ياكى پۈتۈنلەي تەرك ئەتمەك دىققەتسىزلىك ۋە ئۇسۇلى تەلىمگە كۆرە ئەيىب ۋە زەرەرلىك بىر ئىشتۇر.

مۇئەللىم ئۆز ۋەزىپىلىرىدە دىققەتلىك بولسا مۇئەللىم، بولمىسا مۇئەللىم ئەمەستۇر. دىققەت بىلەن تەربىيىلەنگەن شاگىرت جاھىل قالمىغىنىدەك، چاچقان دانلىرىدىن ئۆسۈۋاتقان بۇغدايلارنى كۆرۈپ، مۇئەللىممۇ سۆيۈنىدۇ.

كۆركەم ئىشلار ھەققىدە مەيلى ئاخىرەتلىك بولسۇن، مەيلى دۇنـيـالىق ئىش بولسۇن، تىرىشماق، ئەڭ يېقىملىق بىر ئىش ئىكەنلىكى دەلىلگە موھتاج ئەمەستۇر. چۈنكى، ئۆز مەسلىكىدە ئېھتىياج بىلەن تىرىشمىغان كىشىنىڭ مەقسىتى ھاسىل بولماس. شۇڭا، مۇئەللىم بولغان كىشى تەلىم ئىشىدا شادلىق ۋە ئادالەت بىلەن تىرىششى ۋە شاگىرتلىرىنىڭ تەربىيىسى خۇسۇسىدا ھەر ۋاقىت پىكىر يۈرگۈزۈشى زۆرۈر.

دۇنيا بايلىقىمۇ زور بىر تىرىشچانلىققا ھاجەتلىك بولغىنىغا ئوخشاش، ئىلىمنى تەھسىل ئەتمەك ۋە ياكى تەھسىل ئەتتۈرمەك يەنىمۇ زىيادە تىرىشىشقا موھتاج ئىكەنلىكى ھەر كىمگە مەلۇم بىر مەسىلە. بۇ كۈندە ئىلىم يولىدا تىرىشقان قوۋمنى ۋە ئالىملارنى كۆرسەتمەك لازىم كەلسە، ھېچ شۈبھىسىز، ئۇلار پەرەڭ قوۋمى بىـلـەن پـەرەڭ ئۆلىماسىدۇر، بۇلارنىڭ نەشرى ئىلىم (ئىلىم تـارقـىـتـىش) يولىدىكى غەيرەتتۇ تىرىشچانلىقلىرى، سۆيۈنۈش، مۇھەببەتلىرى تەرىپ ئېتىلسە، ئىنسان ئوغلىنىڭ ئەقلى ھەيران

قالىدۇ.

ئىلىم يولىدىكى تىرىشچانلىق ئارتۇقچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىراۋنىڭ ئون ئالتۇن ئېلىپ ئاندىن قىلىدىغان ئىشىنى ئىلىم ئەھلى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى تەڭگىسىنى بېرىپ ئىجرا ئېتىدۇ. دۇنيادا ئىلىمدىن ئارتۇق بىر پەزىلەت بولماس ۋە بىر بالىنى ئىلىم يولىدا تەربىيىلەشتەك پەزىلەت ھېچ تېپىلماس.

ئىلمىي تارىخ (تارىخ ئىلمى) كۆپ كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇكى، قەتىل ئىلە ھۆكۈم ئېتىلگەندىن (ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەندىن) كېيىن، شۇ كۈن كەلگەنگە قەدەر ھەپسخانىدا تۇرغانلار تەلىم ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان ۋە ئىلىم تارقىتىش يولىدا بۇ سائەتلىرىنى كامىل راھەتلىكتە ئۆتكۈزگەن. كۆتۈپخانىمىزنى مۇبارەك ئەسەرلىرى بىلەن بېزىگەن بىر زاتنى بىلۇرمىزكى، ئەدەبىيلىك ھېس ئېتىلگەندىن كېيىن ھەپسخانىدا بولغانلارنى تەلىم ئېتىپ، ئارىلىرىدا ئىنتىلىش ۋە غەيرەت قوزغىتىپ، ھەپسخانىنى ساۋاقخانايۇ ئىلىمخانىغا ئايلاندۇرغاندى.

ئەمدى بۇ كەبى ھەر سائەتتە ئۆلۈمنى كۈتۈۋاتقان ۋە تىرىك تۇرغۇزۇپ قەبرىگە كۆمۈلگەن زاتلار ئىلىم يولىدا بۇنداق تىرىشچانلىق كۆرسەتسە، پۈتۈنلەي ھۆرىيەتكە ئىگە بولغان ئىلىملىك كىشى تەلىم ئاشۇرۇشقا بوشاڭلىق قىلسا، ئۇ نېمىگە كېرەك بولىدۇ؟ ھالبۇكى، ئۆگەنمەك ھەققىدە نادانلاردىن ئەھدە ئېلىنىشتىن مۇقەددەم، ئۆگەتمەك توغرىسىدا ئالىملاردىن ئەھدە ئېلىنغاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىلگەنلىرىنى ئۆگەتمەي تۇرۇش توغرىسىدا ھېچكىمنىڭ ئەرزى بولماس، بولسىمۇ قوبۇل ئېتىلمەس.

## 5. تەشخىس، تەشۋىق، تەھەممۇل

تېپۋېپلار ئاغرىققا داۋا قىلىشتىن ئاۋۋال مىزاجىنى تەتقىق قىلىشقا ۋە قانداق ئاغرىق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەبىئەت ۋە خۇلقلىرىنى ئىگىلىمەك ۋە ئاندىن ھەر كىمنىڭ ھال ئېھتىياجىغا قاراپ تەربىيە ئەيلىمەك مۇئەللىم ئۈچۈن مۇھىم. بەلكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك بىر ئىشتۇر.

شاگىرتلارنىڭ تەبىئەتلىرىنى بىلمەك ۋە مىزاجلىرى بىلەن تونۇشماق ئۈچۈن تەدبىرلىك مۇئەللىملەر تەلىم-تەربىيىگە كىرىشتىن ئاۋۋال شاگىرتلارنى بىرنەچچە كۈن ئۆز ئىختىيارلىرى بويىچە قويۇپ بېرىش ئارقىلىق تەجرىبە ۋە سىناق ئېلىپ بېرىپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ روھىيىتىگە دىئاگنوز قويۇپ «رېتسېپ» ھازىرلار.

ئۆگۈت بالىلارغا ئىلمي تەھسىلنى سۆيدۇرمەك دېمەكتۇر. بۇ مۇئەللىملەر ئۈچۈن ئەڭ كېرەكلىك ۋە پايدىلىق بىر ۋەزىپىدۇر. زۇلۇم ئاستىدا ئىجرا قىلىنغان ئىشلاردا لەززەت بولمايدىغانلىقى ۋە لەززەتسىز خىزمەتلەرنىڭ نەتىجە بەرمەيدىغانلىقى ھەر كىمگە ئاياندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بالىلار جەبىر بىلەن ئەمەس، بەلكى پۈتۈن رىغبەتلىرى بىلەن ئۆگىنىشى، تەھسىلدە بولماقلىرى نادانلىق كېسىلىنى مىللەت ئۈستىدىن يوقاتماق ئۈچۈن بىرىنچى ۋاستە بولالايدۇ.

بالىلار مۇئەللىملەرنىڭ نەسىھەتلىرىنى جانۇ تەن بىلەن سۆيۈپ ئاڭلىسۇن. مۇئەللىملەرنى ئۆزلىرىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن يارىتىلغان زاتلار، دەپ ئېتىقاد قىلسۇن. مۇئەللىملەرنى بىرىنچى دەرىجىدە سۆيسۇن. ئۇلاردىن رەھمەت كەلمىسى ئاڭلىماقنى دۇنيا باھاسىدا ھېسابلىسۇن. لېكىن، بىلۇرمىسىز، بۇنداق ئېتىقادلارنى بالىلارنىڭ قەلبىگە ئورناتماق خىزمىتى كىملەردە بولىدۇ؟ ھېچ شۇبھە يوقتۇركى، بۇنداق شەرەپلىك بىر خىزمەت مۇئەللىملەرنىڭلا خىزمەتلىرىگە ئامانەت ئېتىلگەندۇر. خۇشخۇيلۇق بىلەن مەرھەمەتنى، مەلۇمات ئىلە ئىجتىھاتنى دەستۇرۇل ئەمەل ئەتكەن مۇئەللىملەر بۇ ۋەزىپىنى قۇسۇرسىز ئادا قىلالايدۇ.

ۋاسىل بىن ئاتا ھەزرەتلىرى بىر ياش يىگىت مەجلىسىدە كۆپ ۋاقىت كۆرۈنۈر ۋە قولىدا تۇتۇۋالغان دەپتىرىگە يېزىپ ئولتۇرغىنىدىن ھەدىسى شەرىپ تىڭلىغىنى ۋە ئىشتكىنىنى يازغانلىقى مەلۇمدۇر. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇشبۇ مەجلىسكە تونۇشلاردىن بىرى كىرىپ ۋاسىل ھەزرەتلىرىنى كۆرۈپ، بۇ يىگىتتىن نەچچە مەرتىۋە كاتتا ئالىم ۋە زور ھافىز تۇرۇپ «بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟» دەپ ھەم تەئەججۈپ ھەم ئىنكار ئەتكىنىدە، ئۇ كىشىمۇ «سەۋر ئەيلە! بۇ مەجلىسكە ھازىر بولماقلىقىم ئىلىم ئالماق ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى بۇ يىگىتكە رىيازەت لەززىتى تېتىتىشتۇر. مەجلىسىمگە ئۇلۇغ شەيخلەر كېلىپ، ئىلىم ئالدى دەپ، ئىلىم تارقىتىش يولىدا رىغبىتى ئارتسۇن، ئىلىم رىيازىتىنىڭ لەززىتى كۆڭلىگە ياخشى ئورناشسا، ئىلىم يولىدا جېنىنى پىدا قىلغانغا قەدەر تىرىشىدۇ-دە، مەن ۋە مەن كەبىلەرنىڭ ھازىر بولماقلىرىغىمۇ ھاجەت قالمايدۇ» دېگەنىكەن. تەشۋىق مانا شۇنداق بولىدۇ! تەرغىپ مانا شۇنداق بولىدۇ! ئىلىم لەززىتىنى

بىلگەن كىشى ۋاسىل بىن ئاتا كەبى ئۆز ئەسرىنىڭ بۈيۈك بىر شەيخى بولسىمۇ، چوڭلار مەجلىسلىرىگە كىرىپ ئىلىم ئۆگىنۇر، ياشلار مەجلىسىگە كىرىپ ھەر تۈرلۈك تەشۋىقلار قىلۇر، ھەتتاكى بۈيۈك بىر ئۇستاز بولغان تۇرۇقلۇق ئۆزىنى شاگىرت ئورنىغا قويار، ئىلىم ئۆگىنىۋاتقاندەك كۆرۈنۈر، ئەسلا ئارلانماس.

بۈيۈك بىر زاتنىڭ ئېيتقىنىغا كۆرە، دارىلفۇنۇنلاردا ساۋاقنى تامامىلاپ چىققان بىر شاگىرتنىڭ ئالتە ياشقىچە ئۆگەنگەن ئىلمى شۇ يېشىدىن كېيىن ئۆگەنگىنىگە نىسبەتەن كۆپ بولار ئىكەن، لېكىن، ھەي، بۇ بەختسىزلىك! بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ بالىلىرى بۇ ئەھمىيەتلىك بولغان ۋاقىتلىرىنى ئەڭ تەربىيىسىز نازىرلار (نازارەتچىلەر، نازارەت قىلغۇچىلار) ئالدىدا زايە ئەتمەكتە.

تەلىم يولىدا بولغان ئېغىرلىقلارنى كۆتۈرمەك مۇئەللىم زىممىسىگە چۈشكەن كەبى، ئاچچىق سۆزلەرگە چىدىماق، قەلبى ئېزىلگەن بىزلەرگە سەۋر ئەتمەك ۋە مۇمكىنقەدەر نەپسىنى يەڭمەك ھەم لازىمدۇر، بۆھتانۇ غەيۋەتلەرگە ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە ئۇرۇنۇش ھەم بۇنىڭغا سەۋر-تاقەتلىك بولماق مۇشكۇل كۆرۈلسىمۇ، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى سەۋرنىڭ لەززىتى سېزىلۇر ۋە ھەر دەقىقىدە بۇ لەززەت ئارتىپ بارار ۋە ئاخىرىدا بەخت سائادەت خۇش تەبەسسۇم ئېتۇر، بۇنى ھەر كىم ئۆزىدە تەجرىبە ئەتكەن (ھېس قىلغان) بولۇشى مۇمكىن، بولمىسا، بۇنىڭدىن كېيىن بىر تەجرىبە ئېتىپ كۆرسۇن!... راستىنى ئېيتقاندا، دۇشمەنلەرنىڭ سۆزلىرى، مەيلى بۆھتانمۇ بولسۇن، بەندە ئۈچۈن پايدىسىز ئەمەستۇر، شۇ سەۋەبتىن (ئەخلاقنى ياخشىلاش، گۈزەللەشتۈرۈش) ۋە تەربىيەۋى روھ ئەتمەك مۇمكىن بولىدۇ.

شەئىبىي ھەزرەتلىرىنى بىر كىشى دۇنيادا بولغان قاباھەتلىك

سۆزلەرنىڭ ھېچبىرىنى قالدۇرماي سۆككەنىدى، ئىمام شەئىبىي يۈز كىشىگە تاقابىل تۇرغۇدەك پاساھەت ۋە نۇتۇق راۋانلىقىغا ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇقمۇ، ئۇ كىشى بىلەن گەپ تالاشماي، پەقەت: «خاتا قىلىۋاتقان بولساڭ، تەڭرى سېنى ۋە دۇرۇس ئېيتىۋاتقان بولساڭ، مېنى ئەپۇ قىلسۇن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئەر كىشى مانا شۇنداق بولىدۇ.

## 6. نەسىھەت، غەيرەت، خەيرىخاھلىق

ئوقۇتۇۋاتقان بالا ۋە شاگىرتلىرىغا مۇئەللىم بولغان كىشى ئاتا-ئانىلىرىنىڭ شەپقەتلىرىدىن زىيادە شەپقەتلىك ۋە مەرھەمەتلىك بولۇپ، دۇنيا ۋە ئىلىمنىڭ مۇھىم ئىشلىرى ھەققىدە ئۈگۈت-نەسىھەت بىلەن يول كۆرسەتكۈچىدۇر.

بالىلارنىڭ زېھىنلىرىنى ئاچماق، خۇلقلىرىنى گۈزەللەشتۈرمەك ئۈچۈن كىتابلار بىلەن ساۋاق بېرىشتىن بەكرەك مۇئەللىملەرنىڭ شەپقەتلىك ئۈگۈتلىرى پايدا بېرۇر. لېكىن، ئۈگۈت دېمەك، يالغۇز سۆزگىلا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى پېئىلى خۇلق بىلەن گۈزەل نەمۇنە بولماقمۇ ئۈگۈت جۈملىسىدىن سانىلۇر.

ئۈگۈت، نەسىھەتلىرى قانائەتلەندۈرەلىك بولغان مۇئەللىملەرنىڭ شاگىرتلىرى كۆپ ۋاقىت كۆركەم خۇلقلۇق، مۇلايىم سۈپەتلىك بولغىنى كەبى ئۈگۈت بابىدا خەسىسلىك قىلغۇچىلار ھوزۇرىدا ئۆمۈر كەچۈرگەنلەر ئالىم بولغان تەقدىردىمۇ تەربىيىسىز بولىدۇ.

ئادەم ئوغلى گۇناھسىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇزۇق، يارىماس خۇلقلاردىن خالىي بولالمايدۇ. پەقەت بۇ مۇئەللىم بولغان كىشىلا ئەقىل ۋە ۋىجدان سۇلتانى رازى بولمىغان نەرسىلەرنى شاگىرتلىرىدىن بىر ئاماللار قىلىپ يوشۇرىدۇ. ئۇلارمۇ تەقلىد قىلىپ دوراپ باقمىسۇن، دەيدۇ.

بىز «شاگىرت ئۇستازنىڭ نۇسخىسى» دېگەن ئىدۇق، ھازىرمۇ بۇ سۆزنى تەكرارلايمىز. شاگىرت ئۇستازنىڭ نۇسخىسى ئىكەنلىكى شۈبھىسىزدۇر. ئەخلاقلىرى گۈزەل، ئىلىملىرى دۇرۇس، پىكىرلىرى توغرا ئىككى-ئۈچ نەپەر مۇدەررىس ھەزرەتلىرىنى بىلمۇرمىزكى، ھېچ سورىماستىن، بۇلارنىڭ شاگىرتلىرىنى (ئۇستازلىرى سۆھبىتىگە بىر مۇددەت مۇلازىمەت ئەتكەن بولماق شەرتى بىلەن) بىلىۋالماق مۇمكىن بولىدۇ.

كۆركەم ۋە ياكى بۇزۇق خۇلقلۇق مۇئەللىمنىڭ شاگىرتقا بولغان تەسىرى ھەم تېز، ھەم چوڭقۇر بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇئەللىم بولغۇچى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆز خۇلقىنى ياخشىلىماق ۋە ئاندىن ئوقۇتىدىغان بالىلىرىغا ئۆگۈت بىلەن مەشغۇل بولمىقى لازىمدۇر.

دېۋىي جون ئىسىملىك پەيلاسوپ شاگىرتلارنىڭ بىرەرسىنىڭ ئىلىم ئەھلىگە لايىق ئەمەسلىكىنى كۆرگىنىدە شاگىرتقا ھېچبىر سۆز دېمەي ۋە ياقتۇرمىغانلىق ئىپادىسىمۇ كۆرسەتمەي، ئۇدۇل ئۇستازى ئالدىغا بارىدىكەن ۋە: «پالانى شاگىرتىڭ پالانى يەردە يۇرۇپتۇ بۇنداق ناقىس تەربىيە ئەتمەك ۋە شاگىرتىنىڭ ھالىنى بۇنداق ئېتىبارسىز قالدۇرماق يارىشۇرمۇ؟» دەپ ئۇستازىنى خىجالەت ئېتەر ئىكەن.

شاگىرتلارنىڭ كۈندىن-كۈنگە تەرەققىي قىلىپ، غەيرەتكە

كېلىشى شۈبھىسىزدۇر. لېكىن، شاگىرت غەيرىتى بىلەن ئىش تامام بولمايدۇ. بەلكى بۇنىڭ ئۈستىگە ئۇستاز غەيرىتىمۇ قوشۇلۇشى شەرتتۇر. تەھسىلى ئىلىم يولىدا ئۇستاز غەيرىتى ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى دېيىلسە، خاتا بولماس، لېكىن بىلۈرمۇسىز، غەيرەت نېمە؟ غەيرەت ئىلمىي تەربىيە قائىدىسى ئاساسىدا ساۋاقلارنى داۋام ئەتتۈرمەك، تەبىئەتكە مۇناسىپ رەۋىشتە خۇشاللىق ئىچىدە شاگىرتلارغا ھەر كۈن بىر پايدىلىق ئىلىم كۆرسەتمەك دېمەكتۇر. ئەمما زېھىن چىدىغۇسىز ۋە تەبىئەت خالىماس رەۋىشتە تىرىشماق ۋە تاقەتلىرى يېتىشمەيدىغان نەرسىلەرنى شاگىرتلارغا تەكلىپ ئەتمەك غەيرەت ئەمەس، بەلكى ئارتۇقچە ئازابلاشتۇر.

شاگىرتلىرى ئۈچۈن ھەر دائىم شەپقەتلىك ۋە يەنى دۇنيا ۋە سائادەت ساھىبلىرى بولماق مۇئەللىملەرنىڭ شەرەپلىك بۇرچىدۇر. بۇنداق كىشىلەر، ئەلۋەتتە، پاك كۆڭۈللۈك بولىدۇ.

ئۆز شەخسىيىتىگە ئائىت ئورۇنلاردا شاگىرتلارنىڭ تۈرلۈك قۇسۇرلىرىنى ئەپۇ قىلماق، ياخشىلىقنى ئۇندىمەكمۇ مۇئەللىمنىڭ بۇرچىدۇر.

كېڭەش بىلەن خاھ ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان بولسۇن، خاھ بولمىسۇن، كېڭەش ئەتكەن ۋاقىتتا مۇئەللىم پىكرىنى شاگىرتلىرىغا ئوچۇق ۋە توغرا بايان قىلمىقى لازىمدۇر.

توغرىسىنى ئېيتسامۇ ئەمەل قىلمايدۇ، دەپ باھانە كۆرسىتىپ، ئېيتماسلىق ۋە ياكى خىلاپىنى (خاتاسىنى، ئەكسىنى) چۈشەندۈرمەك، ئەل-ھەق بۈيۈك خىيانەتتۇر. بۇ كەبى خىيانەتكە يول قويماق مۇئەللىم ئەمەس، ئاددىي بىر مۇسۇلمانغىمۇ مۇناسىپ ئەمەس.

تەلىمدە ئىقتىدارى يەتمىگەن ئەھۋالدا ۋە ياكى ئىلىمدىن ئۇنۇم كۆرۈلمىگەن تەقدىردە شاگىرتنى باشقا ئورۇنلارغا بارماققا ئىختىيارلىق قىلماق خەيرىخاھلىقتۇر.

سەلەفلەرنىڭ (ئىلگىرىكى يولباشچىلار، ھەمپىكىر، ھەمكەسىپتىكىلەر) ئەڭ بۈيۈك ئالىملىرى، ھەتتا پەنلىرىدە مۇجتەھىدلەر (تەتقىقاتچىلار، ئىزدەنگۈچىلەر) ئۆزلىرىنىڭ شاگىرتلىرىغا، كىم بولسا بولسۇن، ئىلىم ئۆگىنىشكە رۇخسەت بېرەر ئىدى. شۇڭا بۇلار قېشىدا ھېچبىر شاگىرت ھېچبىر ئۇستازغا باغلىنىپ قالغان ئەمەس ئىدى. بۇلاردا ئۇستاز كۆپ بولمىقىنىڭ بىر سەۋەبمۇ مۇشۇ ئىدى. ياخشى يولباشچىلار ئىلىملىرىدە يېتۈك كىشىلەر ۋە بۈيۈك زاتلار ئەسكە ئېلىنىدىغان بولسا، بۇلارنىڭ يالغۇز بىرىگە باغلىق بولغان ھالدا تەھسىلى كامالەت ئەيلىمەكمۇ خاتا بولماس ئىدى. ئەمدى بىزنىڭ قەھتى رىجال (ئەركەكلەر قەھەتچىلىكى) زامانىمىزدا تۈرلۈك كىشىلەر ھۇزۇرىغا بېرىپ ئىلىم ئۆگىنىشكە ياردەم ئېتىلمىسە، ئومۇمىي زەرەرلەرگە ئېلىپ كېلىدۇ.

ئەگەر بىر كىشىنىڭ تەبىئىتىگە مۇۋاپىق ۋە ئىلىمدە كامىل بىر ئۇستاز توغرا كەلتۈرۈلسە، ئۇ كىشى سەپەر ئەيلىمەك ۋە كىشى ئىزلىمەك كۈلپىتىدىن ئەلۋەتتە ئازاد بولۇر، بۇنداق نېمەتكە ئېرىشكەن زات ھەم تەشەككۇر ھەم غەنىيمەت بىلىپ، تىرىشىپ ئىلىم ئۆگەنمىكى زۆرۈردۇر.

بۇ مۇلاھىزىگە خاتىمە بېرىپ ئېيتۇرمىزكى، مۇئەللىملەر سۆزلىنىۋاتقان ماۋزۇ ۋە توقۇلما ھېكايەتلەردىن ئايرىم ھالدا، خالىس ھەقىقەت دائىرىسىدە ۋە خەلق ھەم زامانىنىڭ ئېھتىياجىغا مۇناسىپ ئۆگۈت-نەسىھەتلەرنى بەرسە، ھېچ شۈبھىسىز شاگىرتلارغا

ۋە ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئائىلىلەرگە ۋە بۇ سەۋەبتىن پۈتۈن مىللەتكە چىرايلىق تەسىر بېرىدۇ. لېكىن بۇ ئوگوت-نەسىھەت كۆڭۈل بىلەن بولمىقى شەرتتۇر. چۈنكى، كۆڭۈلدىن سۆزلىمىگەن سۆز ھېچبىر ۋاقىت كۆڭۈلگە كىرمەس.

بۈيۈك كىشىلەرنىڭ ئوگوتلىرى كۆز ئۆڭىمىزدىدۇر. ئۇلارنىڭ گۈزەل ئەسەرلىرى دۇنياۋى ئەدەپلەرگە ھەۋەس ئويغاتقانلىقتىن كۆڭۈللىرىمىزدە ھېچ ئۇنتۇلماس رەۋىشتە نەقىش ئېتىلىشكە لايىقتۇر. خەيرىخاھ بولغان مۇئەللىم شاگىرتلىرىنى تەربىيىلىگەن ۋاقىتلىرىدا بۇلارنى دەستۇرۇلئەمەل قىلسا ۋە ساۋاقلىرىنى تاماملاپ ئايرىلىدىغان كۈندە بىر مەرتەم ئوقۇتۇپ، ئەستە ياخشى ساقلاش ھەققىدە ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئۈندەك تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈپ تۇرسا، مۇئەللىملىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان بولىدۇ.

## 7. مىننەتتىن ساقلىنىش—ئۇلۇغ ھىممەت

مۇئەللىم ۋەتەن ئوغلانلىرى ۋە مىللەتداشلىرىنى تەلىمۇ تەربىيە ئەتمەكلىك بىلەن پەقەت زىممىسىدىكى بۇرچىنى ئادا قىلغان. شەرەپلىك بىر ئەھدىنى، گەرچە 100 تۈرلۈك قۇسۇر بىلەن بولسىمۇ، ئورۇندىغان بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ساۋاق ئوقۇتقىنىغا مىننەت ئەيلىمەك ئاشكارا بىر خاتالىقتۇر. ئەگەر ئىلىم يولىدا دۇرۇس بىر مىننەت كۆرۈلسە ئىدى، بۈيۈك شەرەپلەرگە سەۋەب بولغىنى ئۈچۈن بۇنداق مىننەت ئەيلىمەك ھەققى ھېچ

شۇبھىسىز شاگىرتلارغا بولۇر ئىدى. چۈنكى، بۇ شاگىرتلار ئانىلىرىنىڭ مېھىر-شەپقەتلىك قۇچىقىدىن چىقىپ، ئەڭ راھەتلىك ۋاقىتلىرىنى بىر چەتكە تاشلاپ، ئۆگىنىش ئۈچۈن مەكتەپكە يۈگۈرمەس ئىدى، بۇنداق بۈيۈك ساۋابلارغا مۇئەللىم بولغان كىشى مەشرىق بىلەن مەغرىب ئارىسىدا يۈگۈرۈپ ئىزلىگەن تەقدىردىمۇ مۇناسىپ ئېرىشەلمەس ئىدى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ لېكىن مىننەت مۇئەللىم بولسۇن، شاگىرت بولسۇن ھېچ كىمگە لايىق ئەمەستۇر.

قىشلاقلاردا يانغىنۇ ئوت قازالىرى بولۇپ تۇرىدۇ. ئاھ، بۇ يانغىنىنىڭ مۇشەققەتلىرى!... شاگىرتلىق كۈنلىرىمدە ھەمدە يەلكەمدە يۈكلىرىم يەڭگىل بولغان ۋاقتىمدا ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر-ئىككى قېتىملىقىنى كۆرگەنىدىم. ئارىدىن شۇنچە ۋاقىتلار ئۆتكەن بولسىمۇ، خۇددى تۈنۈگۈن بولغان ۋەقەدەك كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. بۇنداق قازالار بولغاندا قېرىنداشلىق، دوستلۇق، ھەتتاكى مەزھەبۇ قەۋمگە قارىماي، ئاۋام خەلق جانلىرىنى پىدا ئەتكۇدەك ھالدا بىر-بىرىگە ئىئانىلەر قىلىشىدۇ.

... خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، (مۇئەللىملەر) ئىلىملىرى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى مىننەت قىلمايدۇ. ناۋادا بىرى كېلىپ، توغرىدىن توغرا يۈزلىرىگە بۇ پىداكارلىقىنى ئالقىشلاپ سۆزلىمەكچى بولسا، «بۇنداق ئالقىش ئېيتقۇدەك نېمە بار؟ مەن بولسام زىممەمدىكى بۇرچۇمدىن تاشقىرى بىرەر ئىش قىلمىدىم» دەپ ئېيتۇر ھەم بۇنداق ئالقىشنى قوبۇل قىلماس، ئاڭلاشنىمۇ خالىماس.

ھەقىقىي مۇئەللىمنىڭ ۋىجدانى: «مەن ئۇنىڭغا ئۇستاز بولغانىدىم، ھەققىمگە ۋاپا قىلمىدى، ئەدەپ ساقلىمىدى» دەپ مىننەت قىلماقنى راۋا كۆرمەس ھەم تىلى بىلەن مىننەت ئەيلىمەك

ئۇياقتا تۇرسۇن، كۆڭلىگە كەلتۈرمەكنىمۇ ۋىجدان، ئىمان، پەزىلەتكە مۇخالىپ ۋە ھۆرمەتتىن بىبەھرە قىلىش دەپ ئويلاپ، قورقۇر.

خەلقنى يېتەكلەش ۋە تەربىيە ئەيلەش توغرىسىدا رۇسۇلى كىرام سەللەللاھۇ ئەلەيھىم ئەجمەئىين نە دەرىجىدە تەربىيە ئەتكەنلىرى، تاش يۈرەكلەرنى يىغلاتقۇدەك دەرىجىدە مۇشەققەت تارتقان تۇرۇپمۇ مىننەت ئەيلىمەكنى خاتىرلىرىگە كەلتۈرمەك ئەمەس، بەلكى بۈيۈك (چوڭ) ئەدەپسىزلەرنىڭ قاباھەتلىرىنى ئەپۇ قىلىش ۋە بۇنىڭ بىلەن بىللە ھىدايەت تېپىش ھەققىدە دۇئالار قىلار ئىدى.

شاگىرتلاردىن تەزىم كۈتۈپ ۋە خىزمەت ئۈمىد قىلىپ تۇرماق ئىلىم ئۆگەتكىنى بەدىلىگە ھەق ئالماق دېمەكتۇر. زىرەك مۇئەللىم بۇ كەبى دۇنيا كەچۈرمەك توغرىسىدا ياردىمى بولمىغان ھەقلەرگە كۆز تاشلىماس. ھەقىقەتتە، تەلىم ئىلە مەشغۇل بولماقتىن ئەسلى مەقسەت ئىنسانلاردىن تەزىم كۈتمەك بولماستىن بەلكى ئەل يۇرتىنىڭ رىزاسىغا نائىل بولماقتۇر. ئۆزىنىڭ ھەقىقەت يولىدىكى ئىلمىنى ئادەم بالىلىرىنىڭ تەزىمۇ سانالىرىغا ساتقۇچى كىشى سودىدا ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچى، ئاخىرەت ئەملى بىلەن دۇنيا سېتىپ ئالغۇچى بەختسىزدۇر.

بۇ سۆزلەردىن مۇئەللىملەرنى رەنجىتمەك دۇرۇس دېگەن مەنە چۈشىنىلمەس ۋە چۈشىنىلمىسۇن، ئاتا-ئانىغا قارغىش بولماق كەبى ئۇستازغا قارغىش بولماقمۇ (ھەقىقەت سەۋەبىدىن باشقا ئورۇندا) گۇناھتۇر. لېكىن، بىزنىڭ سۆزىمىز شاگىرت ھەرقانداق قۇسۇرلۇق كۆرسەتسىمۇ (مۇقەددەس ھەقىقەت خىلاپىدا بولمىسا)، مۇئەللىمنىڭ ۋەزىپىسى ئەپۇ قىلماق دېمەكتۇر. ھەر

ئىككى تەرەپ ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشىدىن باشقا، خۇددى شۇ ئورۇندا ئەپۇ قىلماق ئالىيجاناب ۋە ئۇلىماغا مۇناسىپ بىر سۈپەت بولسا كېرەك. «كىچىكلەردىن ئاداشماق، ئۇلۇغلاردىن بىغشلىماق» دېيىشىدۇ. يەردىن چاڭ كۆتۈرۈلگەن هامان كۆكتىن رەھمەت ياغىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟...

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەقىقەت بىلەن شەرەپلەنگەن كىشى ئۇستازى ھوزۇرىدىن قوغلانسا، ئۇنىڭ ئەبەدۇل-ئەبەد قوغلاندى بولۇشى توغرا ئەمەس. ھەقىقەتنىڭ شاراپىتى شۇ دەرىجىدە كەڭدۇركى، گۇناھسىز بولمىغان مىڭ مۇئەللىمنىڭ ھوزۇرىدىن قوغلاندى بولغانلارغىمۇ تىگىشلىك ئۇلۇش يەتسە كېرەك.

بۇ دۇنيادا ئىنسانلارنىڭ ئارزۇلىرى بىر-بىرىگە غايەتتە خىلاپ رەۋىشتە يارىتىلغانلىقى ناھايىتى ھەيران قالارلىقتۇر. بىرىنىڭ مەقسىتى ئالتۇن-كۈمۈش جەملىمەك بولۇپ، «قانداق بولسا بولسۇن، چۆنتەككە چۈشسۇن» قائىدىسى بۇنىڭ تىرىكلىكى ئۈچۈن قۇرۇلغان مىزاندۇر. ئىككىنچىسى سەفاھەتخانىلاردىن (پاھىشىخانا) لەززەت تېپىپ، پۈتۈن ۋاقتىنى ئۇ يەردە ئۆتكۈزىدۇ. ئۈچىنچىسى بولسا ھەقۇناھەق ئۈستىدە چوڭقۇرراق ئويلاپ كۆرمەي، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىنسانلارنى غەيۋەت قىلماققا بېرىلگەن بولۇپ، ھەتتاكى قەبرىدە ياتقان چىرىپ كەتكەن سۆڭەكلەرگىچە يېتىشىدۇ، دوست-دۈشمەن ھەممىسىنىڭ گۆشىنى يەيدۇ. قان يىغلاشقا تېگىشلىك بىر ھەرىكىتى ئۈچۈن «يەلكەمدىكى بۇرچۇمنى ئادا قىلدىم»، دەپ ئۆز-ئۆزىنى مەدھىيىلەيدۇ. تۆتىنچىسى پۈتۈن ئۆمرىنى مەدداھلىق ۋە تەپرىقچىلىك بىلەن كەچۈرۈپ، بۇ ھالىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنى «پالتىكا» (سىياسي) دەپ ئاتايدۇ. ھەسەن، كۆڭلى ئۆلسۇن ئۈچۈن، يېڭى

نەرسىلەرنى يامانلايدۇ. يېڭىسى يېنىغا كەلگەندە كونىلارنى خورلايدۇ. يالغۇز قالغاندا ھەر ئىككىسىنى مەسخىرە ئېتىپ كۈلىدۇ. ئورنىغا كىرىپ ياتقاندا دۇنيادىن ۋاز كەچكەن كىشىگە ئوخشاش راھەتلىنىپ ئۇخلايدۇ. بەشىنچىسىنىڭ بارلىق ئورۇنۇشى يېمەك-ئىچمەك بولۇپ، پۇرسەت كەلسىلا شۇنى سۆزلەر ۋە شۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈرەر. دۇنيا ئاستىن-ئۈستۈن بولسۇن، ئەسلا غەم چەكمەس. بۇلار كەبى يەنە كۆپ تەبىئەتلەر بار بولۇپ، ھەممىنى ئىشارە بىلەن بولسىمۇ بۇ ئورۇندا سۆزلىمەك مۇمكىن ئەمەستۇر.

لېكىن ھەر قانداق نادىر بولسىمۇ (ئاز ئۇچرىسىمۇ، كەم بولسىمۇ)، بەزى زاتلار كۆرۈلىدۇكى، ئېيتقىنىمىز كەبى ئاجىز تەبىئەتلەرگە مۇپتىلا بولماي ۋە تەرەققىي سەپەرلىرىدە مەزكۇر دەرىجىلەرنىڭ ھېچبىرىدە توختاپ قالماي ۋە توختاشقىمۇ رازى بولماي، بەلكى شەرەپلىك ۋە بۈيۈك مەرتىۋىلەرگە يول ئالغاندۇر. بۇلارنىڭ نەزىرىدە سائادەت ساختا ۋە تەقلىدىي ئەمەس، بەلكى دۇرۇس ئىلىمنى تەھسىل ئەتمەك ۋە پۈتۈن مىللەت قايغۇسىنى قايغۇرماق، پۈتۈن ئىنسانلار بىلەن گۈزەل مۇئامىلىدە بولۇپ، مۇمكىن بولغاندا پايدا كەلتۈرمەكتۇر. بۇلار ھەققىدە نېمە ئېيتىلسا ئېيتىلسۇن، بۇلار ئۆز ئارزۇلىرىدىن ئېغىشماس، ھەقىقەت ئۈچۈن ئىشتىكەن ئاچچىق سۆزلەردىن خەۋپسىرىمەس. بۇلار پاك كۆڭۈللۈك زاتلار بولۇپ، باشقىلار مەجازى بولسا، بۇلار ھەقىقىي ئىنسانلاردۇر. ئۇلۇغ ھىممەت ئۇشبۇ مۇبارەك كىشىلەردە بولغان ھالەتتۇر. مۇئەللىم بولغان زاتلارغا ھەر نىچۈك كېلىپ قوشۇلماق ئېغىر كۆرۈنسىمۇ، پەقەت بۇلارغا مۇھەببەت قويۇپ، يىراقتىن بولسىمۇ ھاللىرىنى بىلىپ تۇرماقمۇ بۈيۈك شەرەپ بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ (ھەقىقىي ئىنسانلارنىڭ) ئادەت ھەم ھەركەتلىرىنى

دەستۇرۇلئەمەل ئەيلىمەك لازىمدۇر.

## 8. ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت

مۇئەللىم بولغان كىشى ئىلىم ۋە ئۆلىماغا پەۋقۇلئاددە مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت كۆرسەتكۈچىدۇر. دۇنيا سائادىتىگە ۋە ئاخىرەت نەجاتىگە بىرىنچى سەۋەب ئىلىملىكلەر بولسا، ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئەيلىمەككە يالغۇز مۇئەللىملا ئەمەس، بەلكى ھەربىر ئادەم بۇرچلىقتۇر.

مۇقەددەم زامان خەلقىنىڭ ئىلىمگە بولغان مۇھەببەتلىرى ۋە ئالىملارغا تەزىم ئەتمەكلىرى ئاجايىپ ھەيران قالارلىق ئىدى. مۇھەممەد ئىبنى ئەبدۇلمەلىك ئىسىملىك ۋەزىرگە ئىمام سىبەۋەيخ ھەزرەتلىرىنىڭ نەھۋ (سىنتاكسىس) گە دائىر «كىتاب» ى ھەدىيە ئېتىلگىنىدە «ۋەللاھ، بۇنىڭدىن ئارتۇق ھەدىيە بولماس!» دەپ ئىزھارى خۇشاللىق ئەيلىگەن. ئىلىم ئەھلى ھەر ۋاقىت مانا شۇنداق ئېتىبارلىق ۋە مۇشۇنداق ئەدەپلىك بولىدۇ!

ئىلىم ئەدەپلىرىدىن خەۋىرى بولمىغان ياخشى كىشىلەرنى يولباشچىلار مۇئەللىم ئەتمەك ئەمەس، ئەڭ تۆۋەن خىزمەتلىرىگىمۇ سالماس ئىدى. بۇ ئۆلارنىڭ ئىلىمنى مۆھتەرەم تۇتقانلىقىدىندۇر. ئىمام مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «تەنتەكتىن، بىدئەت ئەھلىدىن، يالغانچىدىن، مەرپەتسىزدىن ئىلىم ئېلىنماس» دەپ ئېيتقانىدى. دۇرۇس ۋە كامالەت ساھىبى بولغان ئالىملارنى، ھەر قانداق مەزھەپتە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھۆرمىتىنى قىلماق ۋە ئەدەپلىك

بولماق ۋە بارچىسىغا مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلماق لازىمدۇر.

بار ئىدى بىر زامان، ۋەزىرلەرگە بولمىغان ھۆرمەتلەر ئالىملارغا قىلىنىۇر ئىدى! بار ئىدى بىر زامان، ئالىملارنىڭ نۇتۇقلىرىنى ئاڭلىماق ئۈچۈن پادىشاھلار يۈگۈرەر ئىدى! بار ئىدى بىر زامان، بىر مەسىلىنى ئۆزىنىڭ ئەھلىدىن ئىستىمەك ئۈچۈن ئايلىق سەپەرلەرگە كېتەر ئىدىلەر.

نەسرانىي بولغان ئەبۇ ئىسھاق ئەس-سابىي ۋاپات قىلغىنىدا شىئە ئۆلىماسىنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن بولغان شەرىف رىزا ھەزرەتلىرى تاش يۈرەكلەرنى يۇمشىتار دەرىجىدە تەسىرلىك قىلىپ مەرسىيە سۆزلىگەنىدى. ئۆزىگە: «رەسۇلى ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسالام ئۇممىتى تۇرۇپ بىر خرىستىئاننى بۇنداق مۇبالىغە قىلىپ مەدھىيە ئەتمەكلىك شەنىڭگە لايىقمىدۇر؟» دەپ ئېتىراز بىلدۈرگۈچىلەرگە «خرىستىئاننى ئەمەس، ئىلمۇ كامالەتنى مەدھىيە ئەيلىدىم»، دەپ ئېيتقانىدى.

ئەبۇل ئەلا ئەل-مەئەررىيى ھەزرەتلىرى سەبىيلىكتىن ئەما بولۇشىغا قارىماي، ئەدەپتە تەڭداشسىز بىر ئەللامە بولۇپ، كۆيلىگەن شېئىرلىرى ھېسابسىز، يازغان كىتابلىرى ساناقسىزدۇر. بۇ جۈملىدىن «سەقەتۇززەند» («ئۇچقۇن») ۋە «لۇزۇم مەلەيەزەم» («لازىمسىزنىڭ لازىم بولمىقى») نامىلىق دىۋانلىرى نەچچە رەت چىرايلىق قىلىپ نەشر ئېتىلگەن. ئىلىمگە مۇھەببەت مۇشۇنداق بولىدۇ! مۇھەببەت كامىل بولغاندىن كېيىن ئىلىم تەھسىلگە كۆز يوقلۇق (ئەمالىق) ۋە ياكى باشقا بىرەر نەرسە توسالغۇ بولالمايدۇ.

مەشھۇر ئۇستازلاردىن بولغان يەھيا ئىبن موئىن ھەزرەتلىرى ئۆز قولى بىلەن 600 مىڭ ھەدىس شەرىپ يازغان ۋە ئاتىسىدىن

مىراس بولۇپ قالغان روسىيە ھېسابى بىلەن تەخمىنەن 140 مىڭ سوم ئاقچىسىنى ئىلىم يولىدا تامام سەرپ ئەيلىگەنىدى. ئىلىمگە مۇھەببىتى بولغان كىشىلەر دۇنيا مېلىنى، ھەتتا پۈتۈن دۇنياسىنى پىدا قىلىپ ئىلىمنى تەھسىل ئېتىدۇ. ئەمما دۇنياغا مۇھەببىتى بولغانلار ئازغىنە ئىلىملىرىنىمۇ قۇربان قىلىپ، مال-دۇنيا يىغماقتا.

بەسرە ئالىملىرىنىڭ ئۇلۇمى ئەرەبىيە ۋە مەزاھىبى ئەرەبدە (ئەرەب ئىلىملىرى ۋە ئەرەب مەزھەپلىرى) ئەئلەملىرىدىن بولغان ئەبۇ ئەمرۇ ئىبنۇل ئەلا ئەل-مازانيي ھەزرەتلىرىدىن رىۋايەت ئېيتىلۇركى: «فەرجە» كەلىمىسىدىكى «فا» فەتھەلىمى ياكى زەممەلىمى ئىكەنلىكىنى بىلمىگىنىمدىن غايەت زور ئىزتىراپ چېكىپ بىھۇزۇر بولدۇم ۋە بۇ ئارىدا بىر ۋەقە سەۋەبىدىن ھەججاجنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش نىيىتى بىلەن ئەرەب قەبىلىلىرى ئىچىگە كىرىپ يوشۇرۇندۇم. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر ئەرەب شائىرىنىڭ شېئىر ئوقۇغىنىنى ئاڭلىدىم. مەن بىلمەكچى بولغان «فەرجە» كەلىمىسىنى فاتىھە بىلەن ئوقۇدى. دەل شۇ سائەتتە ھەججاجنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى كەلدى. بۇ ئىككى شادلىقنىڭ قايسىبىرى ئۈچۈن بەكرەك شادلانغىنىمنى بىلمەي ھەيران قالدىم» دېگەنىكەن. بىر كەلىمە ياكى بىر ھەرپنى توغرا ئوقۇمىغانلىقى ئۈچۈن جېنىغا قەست قىلغان ۋە پۈتۈن ئەھلى ئىسلامنى بىزار قىلغان زالىمنىڭ ۋاپات خەۋىرىگە بىللە ئىشەنگەن زاتنىڭ ئىلىمگە بولغان مۇھەببىتى نەقەدەر يۈكسەكتۇر! بۇ ھەقىقەتەن تەئەججۈپلىنەرلىك ئەمەسمۇ؟ بىزگە ئوخشاش ئەرەب كەلىمىلىرى جېڭىگە كىرگەن ئەسكەر مىسالىدا قىرماق-يانچىماق ئوقۇغۇچىلارغا ھەرقانچە ئەجەبلىنەرلىك

بولسىمۇ، ئىلىم ئەھلىگە تەئەججۇپ ئەمەستۇر، چۈنكى سەلەف ئالىملىرى سۆزلەرنى بۇزۇپ ئېيتقۇچىلارنى سۆھبەتلىرىگىمۇ قوبۇل ئەتمەس ۋە خاتا سۆزلىگۈچىلەرنى ئۆلىما گۇرۇھىدىن ھېسابلىماس ئىدى.

سەلەف ئالىملىرى ئىلىمگە مۇھەببەت قويۇشتا شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ئەگەردە ئىلىم يولىدا جان بېرىشكە توغرا كەلسە، جانلىرىنى سۆيۈنۈپ-سۆيۈنۈپ پىدا ئېتەر ئىدى. بۇ بابدا (ھەقتە) ئاخبارات ناھايىتىمۇ كۆپ بولۇپ، بىزنىڭ ئۇشبۇ يازغانلىرىمىز پەقەت دېڭىزدىن بىر تامچە، يەردىن بىر توزان بولسا كېرەك. تارىخ ۋە تەرجىمە كىتابلىرىنى مۇتالىئە ئەتكەن زاتلار بۈيۈك ئۆلىمالارنىڭ ئىلمۇ پەزىلەت ۋە ھۆسن خۇلق ۋە ئالىي تەبىئەتكە ئىگە بولغانلىقلىرىنى، مۇھەببەتۇ ھۆرمەت ئەيلىمەكتە غايىسىگە يېرىشكەنلىكلىرىنى ئايرىپ چىقالايدۇ.

## 9. سادىقلىق ۋە ئېتىبار

مۇئەللىم بولغان كىشى سۆزىدە، ھەرىكىتىدە سادىق بولمىقى لازىمدۇر. ياخشى ۋە بۇزۇق خۇلقلار ئىنسانلاردا يۈزلەپ سانالسىمۇ، ئىلمىي ئەخلاق ئۆلىماسى ئەخلاقنى ھەممىدە (گۈزەل ئەخلاق) نىڭ بارچىسى «سىدىق» (سادىقلىق) ۋە ئەخلاقىي زەمىمە (ناچار خۇلقلار) نىڭ ھەممىسىنى «كەزەب» (كاززاپ) كەلىمىلىرى ئاستىغا جەم ئەيلىمەكتە. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە: «بالىلارغا سادىقلىقنى ئۆگىتىڭلار، سادىقلىق ئۇلارغا بارلىق

ياخشىلىقلارنى ئۆگىتىدۇ» سۆزى تەربىيە بابىدا توغرا ۋە ئۆز ئەكسىنى تاپقان بىر قائىدىدۇر.

دەر ھەقىقەت، پىكىردە سادىق بولغان كىشى ھېچ ۋاقىت ئۆزىنى ئالدىمايدۇ. سۆزىدە سادىق بولغان كىشى ئېتىقادىغا خىلاپ سۆز ئېيتماس، ھەرىكىتىدە سادىق بولغان كىشى ۋىجدانى رازى بولمىغان نەرسىلەرگە كىرىشمەس. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا پىكىرىدە، سۆزىدە، ھەرىكىتىدە سادىق بولغان كىشى پاك، پازىل، شجائەتلىك، مۇھسىن (چىرايلىق، گۈزەل) مۇستەقىل بولغىنىغا ئوخشاش، ھەقسىز يەردە كىشىنى قەتىل ئەتمەس، زىناغا بېرىلمەس، ئوغرىلىق، زۇلۇم، خىيانەت ئەيلىمەس. چۈنكى، بۇ نەرسىلەر ۋىجدانىغا خىلاپتۇر. ئەگەر ئادەم يالغانچى بولسا، ئۇنىڭغا ھەرقانداق رەزىللىكلەرنى قىلماق يەڭگىل بولىدۇ.

شاگىرتلاردا ساداقەتكە ھەۋەس ۋە يالغانغا نەپرەت ئويغاتماقچى بولغان مۇئەللىم ئۇچۇن ئۇزاقتىن-ئۇزاق ۋەسىيەتلەر ۋە شىددەتلىك بۇيرۇقلار يۈرگۈزمەك لازىم بولماي، بەلكى ئۆزلىرى سادىقلىق بىلەن سۇپەتلەنمەكلىرى ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاز-ئاز بولسىمۇ تەنبىھ ئەتمەكلىرى، ھېچبولمىسا يالغان سۆز ئېيتماسلىقلىرى لازىمدۇر.

«مۇئەللىممۇ مۇرەببىي (تەربىيەچى) بولغان كىشى بالا شاگىرتقا ھېچ يالغانچىلىقتىن تەلىم بېرەرمۇ؟» دەپ بۇ ئورۇندا بىر سوئال تۇغۇلىدۇ.

لېكىن سۆزنى يەنە بىرقەدەر سوزسام، بەلكى مەزكۇر سوئالغا جاۋابىمۇ چىقار. ئەخلاق ئۆلىماسىنىڭ ئېيتقانلىرىغا كۆرە، يالغانچىلىق مۇنداق ئىككى سەۋەبتىن مەيدانغا كېلىدۇ. قورقۇش، تەقلىد، ئوت، ئۇچقۇن ۋاقتىدا ئۇچۇرۇلمىسە بارا-بارا كۈچىيىپ

كېتىدۇ، پەرەز قىلايلۇق، بالىسىنىڭ تەربىيىسىگە ئېتىبار بېرىدىغان ئاتىلاردىن بىرى بولۇشىڭىزغا قارىماي، بار-يوق نەرسىلەر ئۈچۈن ئاچچىقلانماق سىزنىڭ ئادىتىڭىزدۇر. بىر دانە قاچىڭىز سۇنسا ۋە ياكى باشقا بىر نەرسىڭىز نابۇت بولغانلىقىنى بىلگىنىڭىزدە، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇشقا يېپىشىسىز. ھېچ شۇبھە يوقتۇركى، بۇ ۋاقىتتا قاچىنى سۇندۇرغان ۋە نابۇت ئەيلىگەن بالىڭىزمۇ قورقۇنچتىن ئىنكار قىلىدۇ (يالغان ئېيتىدۇ). كىملا بولمىسۇن باشقىلارغا دۈگگەشكە مەجبۇر بولىدۇ ياكى خوتۇنىڭىز كېلىپ، ئۇششاق بالىلارغا ياكى ئۆيدىكى مۇشۇككە ئارتىدۇ. ھېچ ئويلىمىغان ھالدا، تەربىيىلەۋاتقان بالىڭىزغا يالغانچىلىقتىن چوڭ بىر ساۋاق بەرگەن بولىسىز.

مۇشۇنداق ئەڭ دەھشەتلىك مۇئەللىم بولسىڭىزمۇ، شاگىرتلىرىڭىز كۆرۈپ، بىلىپ تۇرغان ئەھۋالدا، بىرەرسىگە قارىتا يالغان سۆزلىگەن بولسىز، بۇ ھەركىتىڭىز بىلەن شاگىرتلىرىڭىزغا يالغانچىلىقنى ئۆگەتكەن بولىسىز. شۇنىڭدىن كېيىن يالغانچىلىق ئۇلار ئۈچۈن ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بالىلارغا يالغان ۋەدە قىلغان ياكى ئويۇن-كۈلكە ۋاستىسى بىلەن ئۇلارغا يالغان سۆزلىگەن ۋە ياكى ئۇلارنى سۆزلەتكەن ئاتىنىڭ بالىسى ھېچ ۋاقىت راست سۆزلۈك بولماس. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سادىقلىقنى ئادەت ئەتمىگەن مۇئەللىم تونۇگون سادىقلىق ھەققىدە تەلىم بەرسىمۇ، شاگىرتى سادىق بولماس. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، سادىقلىق تىلدىن بەكرەك پېئىلدا (ھەرىكەتتە، ئەمەلدە) بولىدۇ. سۆزى سادىقلىقنى تەلىم ئېتىپ، پېئىلى كازازاپلىقنى تەلىم ئەتسە، ۋاي ئۇ مۇئەللىمنىڭ ھالىغا!

مۇئەللىملەر شاگىرتلارنى ھەر نەرسىدە سەمىمىي-سادىقلىققا

ئادەتلەندۇرمىكى لازىم بولسىمۇ، بۇنداق ئادەتلەندۇرمەك بەزى نەرسىلەردە ناھايىتىمۇ زۆرۈردۇر. بۇنى مۇئەللىم بولغان كىشى ھەر ۋاقىت دەستۇرۇل ئەمەل قىلىپ، ئەسلا ئېتىبارسىزلىق بىلەن مۇئامىلە قىلماسلىقى كېرەك. ساداقەتنىڭ بىرىنچى دەرىجىدە كېرەكلىك ئورنى ئېتىقادقا بولغان سادىقلىقتۇر. ئېتىقادتا سادىقلىق بولمىسا، ئۇنداق كىشىدىن ھېچبىر كۈتۈلگەن ياخشىلىق چىقماس. ئىنسان ئۆزىگە نىجات ۋە سائادەت مادارى بولىدىغان نەرسىلەردە كۆپلەر تەرەپنى ئەمەس، ھەقىقەت تەرەپنى ئىزدىگۈچىدۇر.

ئاز سۆزدىن كۆپ، قىسقا جۈملىدىن چوڭ مەنا چۈشەنگۈچى كىشىلەر بۇ ئورۇندا ئىشارە ئەتكەن سۆزلىرىمىزدىن دەلىلى ئەقلىيىلىرىنى (ئەقلىي دەلىللەرنى) قۇۋۋەتسىز ۋە ئېتىبارسىز پىكىر ئەتكەن دەپ، چۈشەنمىسۇن.

مۇئەللىم بولغان كىشى ھەربىر مۇئامىلىسىدە ئېتىبارلىق بولۇشى لازىم بولغىنىدەك، نەشرىي ئىلىم (ئىلىم تارقىتىش) ۋە كەسپىي مەرىپەت (مەرىپەت كەسپى) بابىدا پەۋقۇلئاددە ئېتىبارلىق بولمىقى ئەڭ گۈزەل بىر ۋەزىپىدۇر. زېھنى يەتمىگەن نەرسىلەرنى ئىنكار ئەتمەسلىك، خوتۇن-قىزلار ۋە ئاۋام ئارىسىدا ئورۇن ئالغان خۇراپات نەرسىلەرگە ئىشەنمەسلىك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېتىباردۇر. ئىلىم مەيلى دىنىي ۋە ياكى دۇنياۋى ئىلىم بولسۇن، تەپتىش ۋە تەتقىق ئەيلىمەك نەتىجىسىدە ئارتىدۇ ۋە قۇۋۋەتلىنىدۇ. ئىلىم توغرىسىدا بەھس ۋە تەپتىش ئېتىدىغان ئورۇنلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، پەقەت ئېتىبار ئەيلىمەك كېرەك بولىدۇ.

# 10. ساۋاق (دەرس) ئۇسۇلغا رىئايەت

ئىلىم ئۆزىچە سەنئەت جۈملىسىدىن بولغىنى ئۈچۈن باشقا سەنئەتلەرگە ئوخشاش مەدەنىيەتكە تەۋە بولىدۇ. مەدەنىيەت تەرەققىي ئەتكەندە ئىلىم تەرەققىي ئېتەر. مەدەنىيەت گۈزەللەنگەندە ئىلىم مۆتىۋەر (ئېتىبارلىق) ۋە ئىلىمگە ئېھتىياجمۇ زىيادە بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇسۇلى ئىلىم بىر قەدەر مۇقىم بولسىمۇ، زامان ۋە مەدەنىيەت ئېھتىياجىغا كۆرە، ئۇنىڭ ئايرىم قىسىم بۆلەكلىرىدە ئومۇمىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ.

ئىلىمنىڭ ئۆزى سەنئەت جۈملىسىدىن بولغىنىغا ئوخشاش، تەلىم رەۋىشلىرى (ئۇسۇللىرى) ھەم سەنئەت جۈملىسىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن زامان ۋە مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغاندا، ئىككىنچى تەبىر بىلەن ئېيتساق، ئېھتىياج، زۆرۈرىيەت كەبى نەرسىلەر كۆپەيگەندە، تەلىم رەۋىشلىرى (ئۇسۇللىرى، شەكىللىرى) ئۆزگىرەر، بۇنىڭدىمۇ ئەقىل ئەھلىلىرى بىرلىككە كەلگەندۇر.

ئەسىرى سائادەتتە (سائادەت زامانىدا) ئىلىملەر قەلبلەردە مەھفۇز (ساقلانغان)، ئومۇمىي تەلىملەر جامىلەردە ۋە بەزى ھاجەتلىك يەرلەردە بولۇر ئىدى. كېيىنچە مەسلىھەت تەقەززاسىغا كۆرە نەشرىي ئىلىم (ئىلىم تارقىتىش) ئۈچۈن مەخسۇس ئورۇنلار (مەكتەپ ۋە مەدرىسلەر) بىنا ئېتىلىشى، ئېھتىمال، بۇ نەرسىلەر يۇنان ۋە رىملىقلاردىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەرەستۇنىڭ «لەيسى» ناملىق ئورۇندا بولغان مەكتىپىنىڭ ۋە ئەفلاتون ئاكادېمىيىسىنىڭ شۆھرەتلىرى ئەرەبلەرگە ئەڭ دەسلەپ بولۇپ

يەتكەندى.

ئىلىملەر تۈرلەرگە بۆلۈندى، كىتابلىرىمىز تاشۇ ھەرپلەر بىلەن بېسىلىشقا باشلىدى. لېكىن، سەنئەتلەردە بولغان تەرەققىي تېخىچە بىقارار (مۇقىم ئەمەس) بولۇپ، ھەر ۋاقىت ئۆزگىرىشى مۇمكىندۇر. ئېھتىمالكى، كېلەچەك ئەسىرلەردە ھېچبىر ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلمىگەن ئىنسان بولماس. ئېھتىمالكى، بىزنىڭ 20 يىل ئوقۇپ تەھسىل ئەيلىگەن نەرسىلىرىمىزنى كېلەچەك زامان ئىنسانلىرى ھېچ ئوقۇماي تۇرۇپمۇ بىلىشى مۇمكىن. ئېھتىمالكى، بۇ كۈندە يۇقىرى مەكتەپتە ۋە بۈيۈك مەدرىسلەر ۋاستىسى بىلەن تەھسىل ئېتىلىدىغان دەقىق (چوڭقۇر مەنىلىك) پەنلەرنى سەككىز-توققۇز ياشلاردىكى باللار ئانىلىرىدىن ۋە بالا باققۇچى خىزمەتكار خوتۇنلاردىن ئۆگىنەر. ئېھتىمالكى، بۇ كۈندە مۇكەممەل ئىشلەۋاتقان تۆمۈر يوللار، تېلېگراف، تېلېفونلار كېلەچەك زامان ئەھلىنىڭ پەقەت تارىخلىرىدىلا قالۇر ۋە بۇلارنىڭ ئورنىغىمۇ باشقا نەرسىلەر پەيدا بولۇر. ئېھتىمالكى، ھەج كۈندە ئەراپاتتا ئوقۇلۇۋاتقان خۇتبەنى قازان، ئورېنبۇرگ، ئۇفا شەھەرلىرىدىكى مۇسۇلمانلار ئاڭلاپ ئولتۇرۇر. ئېھتىمالكى، ھەركىم ئۆزىگە كېرىكىنى ئۆز ئۆيىدە تولۇق تەھسىل ئېتە ئالۇر ۋە بۇ سەۋەبتىن ئاقچا ئىستېمالىغا لازىم كۆرۈلمەس-دە، ئالتۇن ۋە كۈمۈشلەرنىڭ تۇپراق-تاشلاردىن پەرقى قالماس.

ئەندى بۇنداق رەۋىشتە ئۆزگىرىپ يېڭىلىنىشلارغا زامان بىزلەرنى مەجبۇر قىلىدۇ. ئەگەر مەجبۇر قىلسا، يالغۇز شۇ سائەتتە سەكرەپ چىقىپلا ئۇسۇلى تەلىم ۋە مەدرىس ھەققىدە ئېتىراز ئەتكەن كىشىنىڭ قانداق ھەققى بولىدۇ؟ ئەگەر ھېچ نەرسىدىن خەۋىرى يوق كىشى بولسا، ئۇ ۋاقىتتا، ئەلۋەتتە ئېيتىدىغان سۆزى

بولماس.

ساۋاق (دەرس) ئۇسۇلى مۇئەللىم بولغان كىشىنىڭ ھەربىر مۇئامىلىسىگە مىزان بولمىقى ۋە دەرسلەرىنىڭمۇ ئۇنىڭغا تەتبىق ئېتىلىشى خۇسۇسىدا دىققەت ۋە ئىجتىھات ئىچىدە بولمىقى لازىمدۇر. ساۋاق ئۇسۇلىغا رىئايە ئەتمىگەن مۇئەللىم ئۆز ئېتىبارسىزلىقى سەۋەبىدىن باللارنىڭ زېھنلىرىنى ئەزمەكتىن باشقا بىر پايدا كەلتۇرمەس. باللارنى بۇنداق مۇئەللىملەرگە بەرگەندىن كۆرە، ئۆز تەبىئىي ھاللىرىغا قالدۇرغان ياخشىدۇر.

بۇ دۇنيادا ھەرقانچە كەم ئۇچرىسىمۇ، مۇئەللىملەر خىزمىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى زامان تەربىيىسى ۋە ئىستىبدات ۋاستىسى بىلەن كامالەت تاپقان ئالىي پىكىرلىك ئۇلۇغ زاتلارمۇ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ساۋاق ئۇسۇلى ۋە تەربىيە قائىدىسى بۈيۈك ۋە شۇ نىسبەتتە مۇبارەك بىر پەن ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدۇق. ئەگەر لازىم دەرىجىدە ئىقتىدارىمىز ۋە پايدىلانغۇدەك مال-مۈلكىمىز بولسا ئىدى، بۇ مەسىلە ھەققىدە ھېچ ئېرىنمەي يازار ئىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ساۋاق قائىدىلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە ئاساسىيلىرىغا بۇ ئورۇندا ئىشارەت ئەتمەكچى بولدۇق. ساۋاق (دەرس) ئۇسۇلىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئۇلۇغ (چوڭ) قائىدىلەر شۇلاردۇر:

## كىتاب

ئەگەردە تەلىم كىتابتىن بولىدىغان بولسا، ئۇ كىتابنىڭ ساۋاق ئۇچۇن يېزىلغان بولۇشى ۋە تەلىم ئۆلىماسى تەرىپىدىن قوبۇل ۋە ئىنتىخاب (تاللانغان) ئېتىلگەن بولۇشى كېرەكتۇر. قانداق پەن بولمىسۇن، ساۋاق كىتابى ئارتۇقچە بەھسلەردىن، تىل

تالاش-تارتىشلىرىدىن خالىي بولۇپ، پەقەت ئۇسۇلى پەنىنىڭ كۆرسەتمىسى لازىم بولسۇن. ئەگەردە ئۇزۇن-قىسقىلىق جەھەتتە ياكى پەنىنىڭ ئۇسۇلى بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان نەرسىلەر بىلەن ئارىلاش تۈزۈلگەن بولسا، ئۇ كىتاب ساۋاق كىتابى بولماس.

ئىقتىسار (قىسقارتىش، ئىخچاملاش)

بېرىلىدىغان ساۋاق ئاز، لېكىن پايدىلىق بولۇشى كېرەك. ئۇزۇن ئىبارىلەر، مۇجمەل سۆزلەردىن ساقلانماق شەرتى بىلەن ساۋاق ۋاقتىدا ئەڭ دەسلەپكى ئاساسىي نەرسە چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئاندىن لازىم بولغىنىچە تەپسىل قىلىنىدۇ (كېڭەيتىلىدۇ). شۇنىڭ ئۈچۈن ساۋاق (دەرس) ۋاقتىدا مۇئەللىمنىڭ ئالدىدا شەرھلەر، بىرقانچە ھاشىيىلەر (قوشۇمچە ماتېرىياللار) ئەمەس، بەلكى ھېچقانداق كىتاب بولماسلىقى كېرەك. مۇئەللىم كىتابىي ئەمەس، كۆڭلىدە بارنى تەلىم ئەتكۈچىدۇر. شۇنداق بولمىغان مۇئەللىم ئىقتىدارسىزدۇر. ئەگەر بېرىلىدىغان ساۋاقلار ئەستىن چىقماسلىقى ئۈچۈن قەلەم بىلەن يېزىپ زۆرۈر بولغاندا كۆز سېلىنسا، زەرەر قىلماس. شەرھى ۋە ھاشىيىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى شاگىرتلارغا ساۋاق بەرمەك ئۈچۈن بولماي، بەلكى بەزى ۋاقىتلاردا مۇئەللىملەر مەخسۇس ئۇزلىرى مۇراجىئەت بىلەن پايدىلىنىش ئۈچۈندۇر. بەدەنىنىڭ قۇۋۋىتى نە بولسىمۇ بولسۇن، مۇتلەق ھالدا ئاشقازانغا كۆپ نەرسىلەرنى تولدۇرماق سەۋەبىدىن بولمىغىنىدەك، ئىلمىمۇ نە بولسا بولسۇن، شەرھۇ ھاشىيىلەردىن ئىبارەت ئەمەستۇر. شۇ ھاشىيىلەر بۇرۇنقىلارنىڭ مەقسەت قىلغان تىلەك-ئارزۇلىرىنى كېيىنكىلەرگە ئۇنۇتدۇرغۇچى، مىللەتنى سۆيۇش قىزغىنلىقى، غەيرەت كەبى نەرسىلەرنىڭ يوقىلىشىغا كۈچلۈك سەۋەبلەر

بولمىشتۇر.

## تەتبىق

بېرىلگەن ساۋاق شاگىرتلارغا ئەمەلىيىتى بىلەن تەتبىق ئېتىلىشى كېرەك. ئەمەلىيىتى ئىجرا ئېتىلمىگەن ساۋاقتىن شاگىرت پايدا ئالماس ياكى ئالغان پايدىسى تارتقان مۇشەققىتىگە باراۋەر كەلمەس. شۇنىڭغا ئاساسەن، ھېساب ساۋاقلىرىدا جەم (قوشۇش)، تەفرىق (ئېلىش)، زەرب (كۆپەيتىش)، تەقسىم (بۆلۈش) قائىدىلىرى ئۆگىتىلگەندە بارماق، قەلەم، تاش كەبى نەرسىلەر بىلەن، جۇغراپىيە ساۋاقلىرىدا لازىم بولغان خەرىتە-كۇررەرلەر (گلوبۇس) نى شاگىرتلارنىڭ كۆز ئالدىدا قويماق بىلەن تەتبىق ئېتىلۇر. ھەرقانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەمەلىيىتىنى ئىجرا ئەتمەستىن تۇرۇپ، باشقا ساۋاققا كۆچمەك مۇناسىپ ئەمەس.

## تەكرار

ساۋاق ھەرقانچە ئاز بولسىمۇ، ئۇنۇتماقلىق خەتىرى باردۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى چارە، ساۋاقنى تەكرار ئەيلىمەكتۇر. شۇنداقكى، بېرىلىدىغان پۈتۈن ساۋاقلار ئۆتكەن ساۋاقلارغا بىنائەن ئۆتۈلۈپ ۋە پۈتۈن ئۆتۈلىدىغان ساۋاقلار ئىچىدە ئۆتكەن ساۋاقلار تەكرار ئېتىلىپ تەلىم بېرىلىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى ھەربىر ساۋاق ئاز-ئازدىن ئىككى-ئۈچ مەرتەم تەكرار قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ. شۇنداق بولغىنىدا شاگىرتلار ئۈچۈن ئىككى ھەسسە پايدا كۆرۈلىدۇ.

## يادلاش

تەربىيە ئۆلىماسى شاگىرتلارغا بولار- بولماس نەرسىلەرنى ياد ئەتتۈرمەكتىن ئېھتىيات قىلىشنى، بەزى نەرسىلەرنى ياد ئەتمەي مۇمكىن بولماس. بەلكى ئۇلار مۇھىم كۆرۈلگەنلىرىنى ئادالىتى بىلەن ياد ئەتتۈرىدۇ. ئەمما، ئۇلارمۇ يادلاتقۇزماقتىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىپ ئەستە ساقلاش قۇۋۋىتىنى يوق قىلماقنى راۋا كۆرمەس. لېكىن، يادلاتقۇزغان ھەر نەرسىنىڭ مەنىلىرىنى بىلدۈرمەك ھەم شەرتتۇر. چۈنكى، مەنىسىنى بىلمىگەن ھالدا سۆزلەرنى ياد ئالماق ئۈچۈن ھېچبىر قائىدە كۆرۈلمەس. . . بولمىغان نەرسىلەرنى ياد ئالدۇرماقنى مەنئى ئېتىش بىلەن بىرگە يادلاش زۆرۈرىيىتى بار پەنلەردىن ئاۋۋال ئوقۇتماق توغرىسىدا تەۋسىيە ئەيلىمەكتە. بۇنىڭ سەۋەبى كىچىك باللاردا ئەڭ دەسلەپتە ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ياش بىلەن بىرگە بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئاندىن تەدرىجىي ھالدا ئاجىزلىشىدۇ. ئەمما ھۆكۈم قىلىش كۈچى بولسا، دەسلەپتە بولماي، كېيىن مەيدانغا كېلىپ كۈچىيىپ بارىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن ئۆگىتىلىدىغان نەرسىلەر بۇلارنىڭ ياش باسقۇچلىرىغا مۇناسىپ بولمىقى لازىمدۇر. مەسىلەن: تىل ئىلىملىرى، ئۆز تىلىمىز، ئەرەب تىلى ۋە ياكى باشقا تىللارنىڭ قائىدىلىرىنى، جۇغراپىيە پېنىنى، كۈچلۈك، بەك تەپسىلىي بايان قىلماسلىق شەرتى بىلەن تارىخ ئىلىملىرىنى ئوقۇتماق ئەستە ساقلاش كۈچىنىڭ كۈچلۈك بولغان ۋاقتىغا مۇناسىپ بولۇپ، ئەمما مۇھاكىمىگە موھتاج بولغان گېئومېترىيە ۋە مەنتىق (لوگىكا) كەبى پەنلەرنى كېيىنرەك، يەنى ھۆكۈم قىلىش كۈچى كۈچلۈكرەك بولغان بىر ۋاقىتتا ئوقۇتماق مۇناسىپ بولۇر. لېكىن ھەر نەرسىدە ئىستىسنا (مۇستەسنا) بولغىنىدەك،

بۇ توغرىدا بەزىبىر ئىستىسنالار (مۇستەسنالىقلار، ئالاھىدە ھاللار) بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: بەزى كىشىلەرنىڭ ئەستە ساقلاش كۈچى كېيىنرەك يېتىلىپ، ھۆكۈم قىلىش كۈچى بالدۇرراق يېتىلگەن بولىدۇ. لېكىن بىزنىڭ ئېيتقىنىمىز ئومۇمغا ئېتىباردۇر.

## دىيانەت ۋە ئەخلاق

سۆزلىنىۋاتقان مەزمۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغىنىدا ساۋاق (دەرس) ئارىسىدا، مۇناسىۋەتلىك بولمىغىنىدا ساۋاق ئاخىرىدا ۋە ياكى مۇستەقىل ساۋاق (دەرس) قىلىپ ھەر ۋاقىت دىيانەت ۋە ئەخلاق خىسلەتلىرى بابىدا سۆزلىمەك مۇئەللىمنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. ئىلىم دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجات تېپىشقا ۋە كۆركەم ئەدەپلەر بىلەن ماختىلىشقا سەۋەبچىدۇر. ئېتىقادى مۇستەھكەم بولغان كىشىدىن ھەر ئەزگۈلۈكنى ئۈمىد قىلىش مۇمكىن. شۇنىڭغا بىنائەن ئىلىم ئۆگەتمەك بابىدا ئۇلۇغ بىر ئېتىبار بېرىش ۋە ئىلمىنى كۆركەمۇ، ئوچۇق ئۆگىتىش، بىلدۈرۈش كېرەك بولىدۇ. ئىلىم ئۆگەتمەك ياش باللارغا (قائىدىلەرنى يادلاتماق) ياكى مەنتىقىي ئاساسلار بىلەن دەلىللەر بايان ئەيلىمەكتىن ئىبارەت بولماي، بەلكى بۈيۈك يولباشچىلار يولىنى كۆرسەتمەك ۋە ئۇلاردىن ئۆگىنىشنى بىلدۈرمەكتۇر. ئىلىم، ھەقىقەت، پەزىلەت 100—200 ئالىم ئۇچۇن زىكىر ئېتىلمەي، بەلكى ئەقىللىق خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ئۇچۇن زىكىر ئېتىلگەن بولسا كېرەك. شۇنداق بولغانىكەن، مۇمكىنقەدەر بۇلار ئىستېمال قىلىنىشى، ئەڭ بىرىنچى بولۇپ شاگىرت بىلەن مۇئەللىم ئارىسىدا ئىستېمال بولۇشى كېرەك. بۇنداق بولغاندا شاگىرتلار ھەقىقەتەن ئىلمىنىڭ غەيرىي بىر

ئۇمـمـەتكە ئەمەس، بەلكى ئۆز ئۇممىتىمىزنىڭ (پايدىلىنىشى، ئۆگىنىشى) ئۇچۇن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ ۋە ھەق مۇرشىدىمىز (توغرا يول باشلىغۇچىمىز) ئۆز قولىمىزدا دەپ سۆيۈنىدۇ.

مۇئەللىملەرنىڭ يەنە بىر ۋەزىپىسى دۇنيادا كۆرۈنۈپ تۇرغان بارلىق نەرسىلەرنى، مەسىلەن: يەر، دەرەخ، ئوت-چۆپلەر، ھاۋا، يۇلتۇز، ئاي، قۇياش، دەريا، يامغۇر، شامال قاتارلىق نەرسىلەر ھەققىدە ۋە ھەممىسىنىڭ پايدىسى ۋە قانداق خاسىيەتلىرى بارلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ، ھەربىرى ياراتقۇچىنىڭ يېگانە ئەسىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەكتۇر. خۇسۇسەن، ئادەم ئوغلىنىڭ ھەربىر ئەزالىرى ۋە ھەربىر... ھەتتاكى قاش ۋە كىرپىكلىرىگە قەدەر قانداق خىزمەتلەر ئۇچۇن يارىتىلغىنىنى، ئەگەردە مۇئەللىم بولغان كىشىنىڭ قۇدرىتى بولسا، ئىچكى ئەزالار— قان ئايلىنىش ۋە ھەر خىل تومۇرلاردىكى مەخسۇس ۋەزىپىلەر ھەققىدە ئوچۇق بايان قىلىدۇ ۋە بۇ تەبىئىي ئاجايىپ بىر رەۋىشتە يارىتىلغان جەھەتلەر ھاكىمى مۇتلەقنىڭ سەنئىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ ... ئىنسان ئۆز يارىتىلىشىنى تەپەككۇر ئېتىپ، بۇ ئاجايىپ ئەسەردە ئەسرارنى (سىرلارنى) كۆرگەندە مەجبۇريي ھالدا ئىگىسىنى تونۇيدۇ ۋە كامالىي ھەيرەتى بىلەن تەزىم ئېتىپ سەجدە قىلىدۇ.

## ھازىرلانماق

مۇئەللىم بولغان كىشى بېرىدىغان ساۋاقلىرىنى ئالدى بىلەن ئۆيىدە تەرتىپ ئېتىپ، شاگىرتلىرىغا شۇ تەرتىپ بىلەن تەلىم بېرىشى لازىم. بۇنىڭ ئۇچۇن مۇئەللىم ھەتتاكى ئەڭ يەڭگىل دەرسلەرگە قەدەر مەسئۇلدۇر. ئاۋۋال تەرتىپ ئەتمىگەن مۇئەللىم

ساۋاق ۋاقتىدا شاگىرتلارنىڭ ئالدىدا رەزىللىدۇر ( ئوسال بولىدۇ) .

## فەساھەت

ئۆيدە ھازىرلاپ كەلگەن ساۋاقلىرىنى مۇئەللىم بولغان كىشى بار قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىپ، فەساھەت بىلەن سۆزلىمىكى كېرەكتۇر. مەكرۇھ ( بولمىغۇر) ئىبارىلەر، ئورۇنسىز تەكرار سۆزلىگەن كەلىمىلەر ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى خەستىلەندۇرىدۇ.

## تەجرىبە ۋە مۇكەممەللىك

مۇئەللىم ھەربىر ساۋاقلاردىن بىر تەجرىبە ئېلىپ، ئۆز نۇقسانىنى تۈزەتمىكى لازىم. بۇ يىلقى ساۋاقلىرىدىن كېلەر يىلقى ساۋاقلىرى ھەققىدە ئۇلۇغ بىر ئىلىم ھازىرلىماق مۇمكىندۇر. تەجرىبە نەتىجىسىدە شاگىرتلارنىڭ تەھسىل مەرتىبىلىرى، ھۇرۇنلار بىلەن تىرىشچانلارنىڭ پەرقلىرى ئايدىڭلىشىدۇ. بۇلارنى بىلمەك ۋە بىلدۈرمەكتىن كېيىن، چارىلىرىنى تاپماق، ئەلۋەتتە، مۇئەللىمنىڭ خىزمىتىدۇر. رىۋايەتلەرگە كۆرە، تەربىيە ئۆلىماسىدىن بۈيۈك بىر ئۇستازنىڭ كۆز ئالدىدا، مۇئەللىملەرنىڭ بىرى شاگىرتلارغا تەلىم بېرەر ئىكەن، ئالما دەرىخى ۋە ئۇنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۈرمەكچى بولۇپ، بىر قەغەزگە ئالما دەرىخىنىڭ رەسىمىنى سىزىپ، شاگىرتلارغا كۆرسىتىپتۇ. بۇ ھالدا شاگىرتلارنىڭ بەزىلىرى: «بىزلەر پالانى باغدا ئالما دەرىخىنى كۆرگەنمىز، بۇ قەغەزدىكىدەك ئەمەس، ھەتتاكى، بۇ ئۆيگىمۇ سىغقۇدەك ئەمەس ئىدى» دەپ شۈبھىلىرىنى ئوتتۇرىغا

قويۇشۇپتۇ. مۇئەللىم بولسا، تەبەسسۇم قىلىپ: «سىلەرنىڭ بىلگىنىڭلار دەرەخنىڭ ئەينى ئۆزى، بۇ قەغەزدىكى بولسا ئەينى ئەمەستۇر»، دەپ سۆزلەشكە هازىرلانغىنىنى سېزىپ (پاراسەت بىلەن بىلۋېلىپ) شۇ يەردە هازىر بولغان ئۇستاز مۇئەللىمنى بىر تەرەپكە ئېلىپ چىقىپ: «بىر نەرسىنىڭ زاتىنى شاگىرتقا (ئوقۇغۇچىغا) كۆرسىتىپ بىلدۈرمەك مۇمكىن بولغان ئەھۋالدا سۈرىتى كۆرسىتىلمەس»، دەپ مۇئەللىمنىڭ خاتاسىنى ئۇقتۇرغان ۋە ئۆزىمۇ بۇ ئىلىمنى ئۇشبۇ دەرستە ئالغىنىنى ئېتىراپ قىلىپ كىتابىغا بىر قائىدە سۈپىتىدە يازغان، مۇئەللىم بولغان كىشى شاگىرتلىرىغا سۆزلىمەكتىن زىيادە ئۆزى ئىلىم ئۆگىنىشى كېرەكتۇر. ئەگەردە مۇئەللىمنىڭ شاگىرتىغا سۆزلىگەن ئىلمىغا نىسبەتەن ئۇسۇلى تەربىيە ھەققىدە ئۆگىنىشى ئاز بولسا، ئۇ مۇئەللىمنىڭ مۇئەللىم بولمىقى ھېچ مۇمكىن بولماس.

## مۇناسىۋەت

بېرىلىدىغان ساۋاق شاگىرتلارنىڭ زېھنى ۋە ئىستېداتلىرىغا مۇناسىپ بولمىقى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن سىنىپتا ئەڭ ئارقىدا قالغان شاگىرتنىڭ ھالىغا كۆرە ساۋاق بېرىلىدۇ. ئەڭ يەڭگىل نەرسىلەرنى شاگىرتلارنى بىلمىگەن پەرەز قىلىپ، ئوچۇق، ئەمما قىسقا بايان قىلىنىدۇ. بۇنداق ياشلارنىڭ ئەستە تۇتۇش كۈچى، ھۆكۈم قىلىش كۈچىدىن ئۈستۈن بولغىنى ئۈچۈن قۇۋۋەئى ھافىزەگە مۇناسىپ بولغان تىل ئۆگەتمەك، ھايۋاناتلار ئىلمى (زوئولوگىيە) ۋە ئۆسۈملۈكلەر ئىلمى (بوتانىكا) تەپسىلىي سۆزلەنمەيدۇ ھەم مۇھاكىمىلەرگە كىرىشىلمەسلىك شەرتى بىلەن تارىخ، جۇغراپىيە ئۆگىتىلىدۇ. ياش بىرقەدەر ئارتىپ، ھۆكۈم قىلىش كۈچى

كامالەت تاپقاندىن كېيىن، مەۋھۇم پەنلەردىن گېئومېتىرىيە، مەنتىق ۋە باشقا قىيىن نەرسىلەر تەلىم ئېتىلۇر.

## مۇكاپات ۋە جازا

ھۇرۇنلۇق قىلغان شاگىرتلارغا جازا ۋە غەيرەتلىك بولغانلارغا مۇكاپات بەرمەك تەربىيە قائىدىسىنىڭ ئۇلۇغ بىر پرىنسىپىدۇر. مۇكاپات ۋە جازانىڭ مۇناسىپ ئورۇنلىرى ۋە ھەرخىل دەرىجىلىرى بولىدۇ. ئەقىللىق مۇئەللىم بىر (ئاپىرىن) كەلىمىنى تەمۇغدىن ئازادلىق (دوزاختىن قۇتۇلۇش) كەلىمىسى كەبى مۇھەببەتلىك بىر كەلىمىگە ئايلاندۇرار ۋە بۇنى ئېشىتىش ئۈچۈن باللارنى مەكتەپكە تولۇق سۆيۈنۈش بىلەن كېلىدىغان قىلالايدۇ. رەھمەت ئېيتماق، خۇشاللىق ئالامىتى كۆرسەتمەك، ئاپىرىنۇ، ئالقىش ئېيتماق، رىسالەيۇ كىتابلار ھەدىيە قىلماق مۇكاپات تۈرلىرىدىن بولغىنىغا ئوخشاش، كۆڭۈلسىزلىك ئالامىتى كۆرسەتمەك، «كاشكى يەنە بىر ئاز ئوقۇساڭ ئىدى» مەزمۇنىدا تەنبىھ بەرمەك، «بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق ئوقۇمىساڭ، جازا بېرىلۇر» مەزمۇنىدىكى سۆزلەر بىلەن ئاگاھلاندۇرماق، ساۋاق ئاخىرىدا سىنىپتا ئېلىپ قېلىپ، ئۈچ-بەش دەقىقە ئورنىدا تۇرغۇزماق، سىنىپداشلار ئۆيگە، دەم ئېلىشقا چىققانلاردا ئورنىدا قالدۇرماق، دەپتەرگە جازا رەقەملىرىنى يازماق ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى جازا بولۇر. لېكىن بولار-بولماس نەرسىلەر ئۈچۈن شاگىرتلارغا مۇكاپات بېرىلسە، مۇكاپاتنىڭ قىممىتى ئاز بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خۇسۇستا بىر دەرىجە دىققەتلىك ۋە خەسىسلەر مۇئامىلىسى كەبى مۇئامىلىدە بولماق لازىم بولىدۇ. جازا توغرىسىدا ھەم ئۇشبۇ قائىدىگە تەتبىقەت ئەمەل قىلىنىدۇ. ساۋاقلارنى بىلىپ

ئوقۇۋاتقان بىر شاگىرتتا يالقاۋلىق (ھورۇنلۇق، تىرىشماسلىق) ۋە بىپەرۋالىق كۆرۈلۈشكە باشلىسا، جازا بېرىشتىن ئاۋۋال، بۇنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرمەك لازىمدۇر. ئۇ شاگىرتنىڭ ئادىتىگە خىلاپ ھالدا دەرسنى بىلمىگىنى ئېھتىمالكى، سالامەتسىزلىكتىن ياكى ئائىلىسىدە يۈز بەرگەن بىرەر قايغۇلۇق ئىشلاردىن ۋە ياكى باشقا بىر مەجبۇرىي بولغان سەۋەبلەردىن بولغاندۇر. ئەگەردە ئالدىراپلا جازا بېرىلسە، مەرھەمەتكە (رەھىمدىللىققا) لايىق، بەلكى ناھايىتىمۇ لايىق (موھتاج) بولغان بىر غەمكىن كۆڭۈللۈك مىسكىنگە جازا بېرىلگەن بولۇر. بۇ بولسا ئەڭ لەززەتسىز ۋە ئەڭ خەيرسىز بىر ئىشتۇر.

ساۋاقتىن (دەرستىن) باشقا نەرسىلەر ئۈچۈن بولىدىغان جازالار يەنىمۇ زىيادە دىققەت تەلەپ قىلىدۇ. بېرىلىشى لازىم بولغان جازالارنى كېچىكتۈرمەك ياكى تامامەن تەرك ئەتمەك قانچىلىك زىيانلىق ئىش بولسا، ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا گۇناھى ئىسپات ئېتىلگەن (گۇناھ قىلغان) شاگىرتقا جازا بەرمەك ۋە ياكى ئۇنىڭ-بۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپلا ئويلاپ كۆرمەستىن جازا ئەيلىمەك ئەيىبتۇر. ئېسىل گۆھەرنى چېقىپ پارچىلىماق ئوڭاي، لېكىن، پۈتۈنلىمەك قىيىندۇر.

## ئىستىراھەت

شاگىرتلار، خۇسۇسەن، كىچىك بالىلار ساۋاق ئارىسىدا ياكى ساۋاق ئاخىرىدا بىرەر كۆزەتكۈچى كۆزى ئۈستىدە گۈزەل ھاۋاغا چىقىرىلىپ ئوينىتىلىدۇ. ساۋاق ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئولتۇرغان بالىلاردا پەي خەستەلىكلىرى ۋە باش ئاغرىقى ھەر ۋاقىتتا كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن گۈزەل ھاۋادا بىر مۇددەت يۈرۈپ

كىرمەكلىرى بۇنداق كېسەللىكلەردىن ساقلىنىشتىن باشقا، ئۆزلىرىنىڭ شادلىق ئىچىدە ئوقۇماقلىرىغىمۇ سەۋەب بولۇر. سالامەتلىكنى ئاسرىماق ھەرقانداق كېرەك نەرسىلەردىن مۇقەددەم لازىم ئىكەنلىكى شۇبھىسىزدۇر.

## ئىمتىھان

ئوقۇۋاتقان شاگىرتلار مۇناسىپ ۋاقىتلاردا ئىمتىھان ئېتىلۇر. ئىمتىھان ئومۇمىي ۋە خۇسۇسىي بولۇپ، مەسلىھەت تەقەززاسىغا كۆرە ئىجرا ئېتىلۇر. ئىمتىھان ئېلىشنى بىلمەك، ئوقۇتۇشنى بىلمەك قەدەر مۇشكۇل ئىشتۇر، خۇسۇسەن، كىچىك بالىلارنى ئىمتىھان ئەيلىمەك ئۇلۇغ بىر كامالەت بولۇپ، ھەر كىم بۇنىڭغا ئىقتىدارلىق پىكىردە بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەممىلا ئادەم ئىقتىدارلىق ئەمەستۇر. ئىمتىھان دېمەك، ئۆگەنگەن ئىلىملەرنى تەكرار قىلماق بولۇپ، ئۇ ئىلىمنىڭ ئەڭ گۈزەل بىر يولىدۇر. شاگىرتلارنىڭ تەبىئەتلىرىنى چۈشەنمەك، تاسادىپىي ھالدا خاتا قوبۇل قىلىنغان چۈشەنچىلىرى بولسا، ئۇنى تۈزەتمەك، توغرىلىماق، ئىمتىھان سەۋەبلىك مۇمكىن بولىدۇ. تەكرار قىلىش ماختاشقا سازاۋەر بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان كىشى ئىمتىھاننى ئىنكار قىلمايدۇ. ئەكابىرى تابىئىندىن (بۈيۈك تابىئىنلاردىن) بولغان سەئىدبىن جەيبەر ھەزرەتلىرىنى ئۇستاز مۆھتەرەملىرى بولغان ئەبدۇللابىن ئەبباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم ھەزرەتلىرى ئۆز ھوزۇرىدا ھەدىسى شەرىپ رىۋايەت ئەتتۇرمەك بىلەن ئىمتىھان ئەيلىگەندى.

سەمەرقەند ۋە باغداد شەھەرلىرىدە بولغان بۈيۈك ھەدىسچى مۇھەممەدبىن ئىسمائىل ئەل-بۇخارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم

ھەزرەتلىرىنى ئىمتىھان ئەتكەنلىكى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە شەيخ ھەزرەتلىرىنىڭ كامالەتلىرى مەلۇم بولغانلىقى تارىخ كىتابلىرىدا مەشھۇر، بەلكى ھەركىمگە مەلۇمدۇر.

### چۈشەنمەك

ئوقۇۋاتقان شاگىرتلار خاھى كىچىك، خاھى چوڭ بولسۇن، تەلىم ئەمرىدە ئەسلى مەقسەت ۋە ئاخىرقى نىشان ھېچ شۈبھىسىز چۈشىنىشتۇر. چۈشىنىش دېمەك، ئوقۇلغىنىنى چۈشەنمەك دېگەنلىك بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن شاگىرت ھەربىر ئوقۇغىنىنى چۈشىنىپ، قانداق ئىش ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھەر ساۋىقىدا بىلۇر. چۈشەنمەيلا قارىقويۇق، قارىغۇلارچە ئۆگەنگەن كىشى تولۇق كىتاب ئوقۇسۇن، ئامبارلارغا سىغماس دەرىجىدە نەرسىلەر يادلىسۇن، بەربىر ئۆزىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن بىر نەرسە ھازىرلىغان بولماس. ئىلىم قەغەزلەرگە يېزىلغانلارنى يادلىماقتىن ئىبارەت ئەمەس. يادلىماق بىر ئىش، ئىلىم ئۆگەنمەك ئىككىنچى بىر ئىشتۇر. ئىلىم تەربىيە ئۆلىماسى ساۋاق ئوقۇتقان ۋاقىتتا ھەربىر ئوقۇتقىنىنى تەتبىق ۋە ئەمەلىيەتلىرى بىلەن بىلمەك يولىنى قوبۇل ۋە مۇشۇنداق تەلىم بېرىشنى تەۋسىيە ئەيلىمەكتۇر.

## 11. ئىختىيارىي ئىلىم

ئىلىم ئوقۇتۇشتا پۈتۈن دۇنيا ئاقىللىرى تەرىپىدىن قوبۇل ئېتىلگەن بىر قائىدە بولسا ئىدى، ئۇ ھېچ شۈبھىسىز: «كېرەكتىن

كېيىن كېرەكلىرىنى تەلقىن ئەيلىمەك لازىم» دېيىلىدىغان قائىدە بولۇر ئىدى. شۇنىڭغا كۆرە ھەر بىر مۇئەللىم ئۇشبۇ يول بىلەن يۈرمىكى زۆرۈردۇر.

ئىبنىن مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم: «ئىلىملىك ئەڭ كۆپ، لېكىن سىزلەر ھەر بىرىدىن ئەڭ گۈزىلىنى ئىختىيار ئېتىڭلار» دەپ ئېيتقاندى.

شاگىرتلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە ئىلىم ئۈچۈن شادلىق ۋە ھۆرمەت، مىللەت سۆيگۈسى ۋە ۋەتەن سۆيگۈسى كەبى شەرەپلىك ھېسسىياتلار ئۇرۇقلىرىنى چاچماق مۇئەللىملەر ئىقتىدارىغا ئامانەت بولغىنى شۈبھىسىزدۇر. بۇنداق نەرسىلەر بولمىغىنىدا مۇئەللىملەرنىڭ تەربىيىلىگەن شاگىرتلىرى مەيلى ئەرەستۇ (ئارىستوتېل) دەرىجىسىدە بىر ھەكىم ۋە ئىبنىن رۇشد مىسالىدا بىر ئەللامە بولسۇن، پۈتۈن ھىممەتلىرى چۈنتەك ۋە قورساق تولدۇرماقتىن ئىبارەت بولۇپ قالۇر. ھالبۇكى، بۇنداق نەرسىلەر ئىلىم ئەھلىگە يارىشىدىغان سۈپەتلەر ئەمەستۇر. بۇنىڭدىن باشقا مىللەت ئارىسىدا بۇنداق ئالىملار يۈزدىن يىگىرمە نىسبىتىدە بولغان تەقدىردىمۇ، پايدا جەھەتتە نۆل دەرىجىسىدە قالۇر...

ئەڭ كېرەك بولىدىغان ئىلىملەرنى كېرەكلىكتىن ۋە كېرەك بولغانلىرىنى كېرەك بولمىغانلىرىدىن ئاۋۋال ئۆگەتمەك لازىم ئىكەنلىكى چۈشىنىشلىك بىر قائىدە بولسىمۇ، كېرەكلىك بولماق ۋە كېرەكلىك بولماسلىق توغرىسىدا بىر ئاز ئىزاھ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بىر ئىلىم بولۇركى، دۇنياسى ۋە ئاخىرىتى ئۈچۈن ئادەم ئوغلى ئۇنىڭدىن ئېھتىياجسىز بولماس. ئىلىم بولۇركى مۇقەددەم زامانىدىكى ئەھمىيىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغان بولسىمۇ، بۇ كۈندە ئۇنىڭدىن ئېھتىياجسىزلىق ھاسىل بولغان بولىدۇ. يەنە ئۇنىڭ

ئەكسىچە، ئۆتكەن كۈندە ئەھمىيەتلىك بولمىغان بىر ئىلىم بۇ كۈندە ئەڭ مۇھىم ئىلىملەر جۈملىسىگە كىرگەن بولىدۇ. ئاشۇنداق بىر ئورۇندا كېرەكلىك بولغان ئىلىمنىڭ ئەھمىيىتى ئىككىنچى بىر ئورۇندا ھېچ كېرەك بولماس. مۇناسىۋىتى بولغانلىقتىن، بۇ ئورۇندا شۇنىمۇ ئېيتىمەنكى، بەزى كىشىلەر ئۆزلىرىگە ھېچ كېرەك بولمىغان بىر ئىلىمنى مۇھىم ئېتىقاد ئېتىپ يېپىشماقتا، ئۇلارغا بۇ پىكىرلىرىنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، تەنبىھ قىلغان بولسا، بېشىغا قىيامەتلەرنى سالىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ھەر كۈن ۋە ھەر سائەت ئېھتىياجلىرى بولغان بەزى ئىلىملەر ئۆتكۈر زېھنلىكلەر دەرىجىسىدە بولسۇن، كېرەكلىك دەپ بىلمەيدۇ. بۇ جۈملىدىن بەزى كىشىلەر باركى، ئۆزى ئۇستازىدىن نېمە ئوقۇغان ۋە نېمە ئىشىتكەن بولسا، شۇنى (ئەينەن) ئۆگىتىدۇ. كېرەكلىك ياكى كېرەكسىز مەسىلىلىكىنى تەكشۈرمەكنى ئەمەس، ئاڭلىماقنى ھەم خالىمايدۇ. زېرەكلەردىن بىرى بۇلارنى «فوتوگرافلار» دەپ قەيت قىلغان. بۇ بەھسنىڭ ئۇچى ئۇزۇن ۋە بىر سۆزگە ئۈچ-تۆت تۈرلۈك سۆز قوشۇپ ئۇلانغىنىدىن بۇ ئورۇندا توختالماق مۇناسىپ بولۇر.

ئەمدى مەزكۇر بەھس توغرىسىدا ئۇچۇق بىر قائىدىگە ئېھتىياج بولسا: «سىز ئەۋلادىڭىزنى ئۆز زامانىڭىزدىن باشقا بىر زامان ئۈچۈن تەلىم ئېتىڭ! چۈنكى، ئۇلار سىزنىڭ زامانىڭىزدىن باشقا بىر زاماندا ياشىماق ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەندۇر» دېگەن مۇبارەك سۆز قەدەر ئومۇمىي ۋە ئەكسىچە بىر قائىدە بولماس.

بۇ بىر سۆزدۇركى، ئەگەردە ئېيتقۇچى فەرەڭستانلىق (ياۋروپالىق) بولسا ئىدى، ھېچ شۈبھىسىز فەرەڭلەر مەكتەبۇ مەدرىسە، جۈملە تەربىيىخانىلىرىغا كۆمۈش تاختا ئۈستىگە ئالتۇن

بىلەن يېزىپ ئېسىپ قويغان بولار ئىدى.

بۇ بىر سۆزدۇركى، چاقماقتەك ئۇچۇپ كېتىۋاتقان پاراۋۇزلار، ئەگەر بۇنى ئىشىتسە ئىدى، سېھرى ۋە توغرىلىقىغا ھەيران قېلىپ، ئورۇنلىرىدا تۇرار، يۇرمەس ئىدى.

بەزى يېڭى ئەسەرلەرنى مۇتالىئە ئەتكىنىمىزدە، بۇ مۇبارەك سۆزنىڭ ئېيتقۇچىسى جانابىي مۇرتەزا كەررەمەللاھۇ ۋەجھەھۇ ئېيتقان (دېيىلىدۇ). شۇبھە يوقتۇركى، بۇنداق توغرا ۋە نەپىس مەنىلىك سۆزنى سۆزلىمەك ئۇل زات كەبى ئەقىللىق، ساپ كۆڭۈللۈك زاتلارغا مۇيەسسەر بولسا كېرەك.

شۇنىڭغا كۆرە شاگىرتلارغا بېرىلىدىغان تەلىم، ئۇلۇغ (چوڭ) ۋە يىگىت بولغانلىرىدا ئىستېمال ئېتىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا موھتاج بولىدىغان نەرسىلەردىن ئىبارەت بولمىقى لازىمدۇر. بىر نەرسىنى شاگىرت ۋاقتىلىرىدا ئوقۇپ، مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇنتۇسا، ئۇنى ئوقۇتماق ئىستىقبالىدا پايدىسى كۆرۈلمەيدىغان نەرسە بىلەن شاگىرتنىڭ بېشىنى ئاغرىتماق ۋە ئۆمرىنى بەربات ئەتمەكتىن ئىبارەت بولىدۇ.

بۈگۈن ئوقۇۋاتقان شاگىرتلار ۋە كىچىك بالىلار خەلقنىڭ قېنى ئورنىدا بولۇپ، پۈتۈن خەلق بىر جىسىم (تەن) بولىدۇ. قان بۇزۇلغاندىن كېيىن جىسىم (تەن) خەستىلىنىدىغان بولغىنىغا ئوخشاش، ياش يىگىتلەر بۇزۇق خۇلقلار بىلەن خۇلقلانسا، ھېچ شۇبھە يوقتۇركى، خەلقتىن ئىبارەت بولغان جىسىم (تەن) مۇ ھالاك بولغۇسىدۇر. باشقىچە ئېيتساق بىر خەلقنىڭ سائادەتى بەختسىزلىكى ياش يىگىتلەر قولىدىدۇر. ياش يىگىتلەر بۇزۇق خۇلقلۇق بولسا، ياشانغانلار ئىبادەتخانىلاردا تولۇپ ياتسا، پەرشتىلەر كەبى ساپ بولسىمۇ، مىللەت ئىستىقبالى ئۈچۈن پايدا

كۆرۈلمەيدۇ.

شۇنىڭغا كۆرە، جاھالەتۇ فەساد (پىتنە-پاسات) ئەخلاق ئەسكىرىگە قارشى تۇرماق ئۈچۈن شاگىرتلارنىڭ قوللىرىغا ھۇجۇم ۋە مۇداپىئە خىزمەتلىرىدە قوللىنىشقا ئىككى تۈرلۈك قورال بېرىپ ئىشلىتىشنى ھەم ئۆگەتمەك لازىم بولۇر.

ھۇجۇم ۋە مۇداپىئە قوراللىرى نېمىلەردۇر؟ ئەخلاق ئۆلىماسى ئەسەرلىرىدىن ئاڭلىغىنىمىزغا كۆرە، مۇداپىئە قورالى جىسمانىي جاپا-مۇشەققەتلەر ۋاستىسى بىلەن شاگىرتلارنىڭ جىسىملىرىنى ۋە ئۇمۇمەن ئەزالىرىنى قۇۋۋەتلەندۈرمەك دۇرۇس ۋە ھەقىقىي ئىلىملەر ئۆگىتىپ، كۆڭۈللىرىنى نۇرلاندۇرماقتىن ئىبارەتتۇر. ھۇجۇم قورالى شاگىرتلارنىڭ كامالەتلىرى ئۈچۈن ھەرقانچە لازىم بىر نەرسە بولسىمۇ، مۇداپىئە قورالى ئۇلار ئۈچۈن زۆرۈردۇر.

مۇداپىئە قورالى دېگەن نەرسىلىرىمىز شۇلاردۇر:

1) تەييارلىق—جىسمانىي قۇۋۋەت ۋە ئەقلىي شادلىق ئىچىدە ئىش باشلىماق دېمەكتۇر. ئەگەردە شاگىرتلارغا بۇ قاراش سىڭدۈرۈلسە، ئۇلار بۇ مۇشەققەتلىك دۇنياغا چىدىماق ۋە رىزقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىنى ياخشى بىلىدۇ. دۇنيا مەئىشەتلىرىنى ھەم شۇنىڭغا كۆرە ھايات كەچۈرۈش يولىنى ئىگىلىۋالىدۇ. ئادەم پەرزەنتى ئۆز مەئىشىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەۋىسىدە بولمىسا، كەمبەغەللىك بىلەن دوستلىرىدىن شىكايەت ئېيتىپ ئۆمۈر كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ.

2) ئىقتىساد—ئىقتىسادچىل بولغان كىشى كەسىپنىڭ مەھسۇلى بولغان نەرسىلەر ۋە مەئىشەت مادارلىرىنى ئىسراپ ئەتمەك ۋە مۇناسىۋەتسىز سەرپ ئەيلىمەكتىن ساقلىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئادەملەردىن تەشكىل تاپقان ئائىلە ۋە ئائىلىلەردىن

تەشكىل تاپقان ئۇممەت (مىللەت، خەلق) ھالى ياخشىلىنىدۇ ۋە تېز سۈرئەت بىلەن سائادەتكە يۈزلىنىدۇ.

3) پەزىلەت — پەزىلەت نەتىجىسىدە ئادەم بالىلىرى ئاتا-ئانىغا ئىتائەت، بىر تۇغقان ۋە باشقا يېقىنى يىراق قېرىنداشلارغا ئېھسانى شەپقەت، مەكتەپكە بارغىنىدا ھەممەتۇ شادلىق بىلەن ئۆگىنۇر، مۇئەللىملەرگە چىرايلىق تەشەككۇر بىلدۇرۇپ، گۈزەل ئەخلاق، ئەدەپ ۋە پاكىزلىق، ساغلاملىقنى قوغداش قاتارلىقلارغا رىئايە قىلۇر. پەزىلەت سەۋەبىدىن ئىنسانلىق، ئالىملىق نامىنى ھاۋاغا ئۇچۇرماقتىن ۋە نومۇسنى يوقاتماق كەبى بەتبەختلىكلەردىن ساقلىنۇر. ئىنسان ھەرقانچە ئالىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەزىلەتكە ئىگە بولمىغاندىن كېيىن، ھەر تۈرلۈك بۇزۇق يوللارغا كىرىۋېرىدۇ، پەزىلەتلىك بولمىغان ئالىم قورالنى ئىشلىتىشنى بىلمىگەن ئەسكەرگە ئوخشايدۇ.

4) مۇئامىلە ئەدەپلىرى — ھەر تۈرلۈك يېقىن ۋە يىراق كىشىلەر، خوسۇسەن، بالىلار ۋە خوتۇن ھەم ئەرلەر بىلەن مەئىشەت ئەتمەك يولىنى بىلمەك — مۇئامىلە ئەدەپلىرىدىندۇر.

5) پىكىر تەربىيىسى — ئىنسان دەرەخكە ئوخشاش يالغۇز جىسمىدىن ئىبارەت بولماي، بەلكى جانلىق پىكىرگىمۇ ئىگىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پىكىر تەربىيىسى شاگىرتلار ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە لازىم بولىدۇ. مەدەنىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىلىم تەرەققىياتىنىڭ ھەممىسى پىكىر تەربىيىسى نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدۇ. زامانىمىزدا خىزمەت قىلىۋاتقان ماشىنىلار، پار ۋە ئېلېكترلارنىڭ بارچىسى پىكىر تەربىيىسى سەمەرىسى بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە نېمىلەرنى خىزمەت ئەتتۈرىدىغانلىقى پەقەت بىلگۈچىگىلا مەلۇمدۇر. پىكىر تەربىيىسى ئىنسانلارنى ئالىي تەبىئەتلىك قىلىدۇ.

پىكىر تەربىيىسى بولسا، قان شورىغۇچى زۇلۇك مىسالىدا ئادەملەرنىڭ بايلىقلىرىنى ھەقسىز شورىماقتىن يىراق تۇرىدۇ. دۇنياغا خىزمەت ئەتمەكنى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ بۇرچى دەپ بىلىدۇ.

بۇلاردىن باشقا غەيرەت، ئىقتىساد، خىزمەت، چىدام، سەۋر، شەپقەت، مىللەت سۆيگۈسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇداپىئە قورالى بولۇش سۈپىتى بىلەن شاگىرتلارغا تەلىم ئېتىلىشى بىرىنچى دەرىجىدە كېرەكلىكتۇر.

«بىر مىللەتنىڭ ياشلىرى (ئاللا ساقلىسۇن)، گۈزەل تەربىيىدىن مەھرۇم بولغانلىرى سەۋەبىدىن ئۆمۈرلىرى پاھىشىخانىلاردا يالقاۋلىق ۋە ئىسراپ بىلەن ئاشۇنداق يالغان مۇھەببەتلەرگە ۋە ئالدامچى دوستلارغا يار بولماق ۋە ئالدانماق بىلەن ئۆتسە، ئۇ مىللەت زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، يوقىلۇر. «ياشلارنىڭ پىتنە - پاساتقا بېرىلگەنلىكلىرى سەۋەبلىك زاۋاللىققا يۈز تۇتقان مىللەت ھەققىدە كىملەر جاۋابكار؟» مەزمۇنىدىكى بىر سوئال خاتىرىمىزگە كەلگىنى كەبى، بەلكى باشقىلارنىڭ خاتىرىلىرىگىمۇ كېلىدىغاندۇر. ئەگەر بۇنداق سوئالغا جاۋاب بېرىش لازىم كەلسە، شۈبھە يوقتۇركى: «بۇلارغا گۈزەل تەربىيە بېرىدىغان مەكتەپلەر بىلەن ئالىملار، مەكتەپ ۋە مۇئەللىملەرگە ياردەملىرىنى ئايىغان دۆلەتمەن كىشىلەر ۋە جىگەر پارىلىرىنى ھامىيسىز ۋە كۆزسىز تاشلىغان ئاتىلار بىلەن ۋەلىيلەر!» دەپ جاۋاب بەرمەك لازىمدۇر.

رۇس ۋە پەرەڭلەر (ياۋروپالىقلار) دا بولغان ئاجايىپ ئىختىرالار ئەزگۈلۈك ئىشلارغا مۇنداق كەڭ ئېھسان ۋە ئىئانىلەرنىڭ بارچىسى پىكىر تەربىيىسى ۋە روھ تەربىيىسى نەتىجىسىدە پايدىلىق ئىلىملەر تەلىم ئېتىلمەك سەۋەبىدىن مەيدانغا كەلگەندۇر. ئۈستىمىزدىكى كۆڭلەكلىرىمىز، ئاستىمىزدىكى

كۆرپىلىرىمىز، چانايۇ هارۋىلىرىمىز، ھەتتاكى سىياھۇ قەغەزلىرىمىز، قىسقىسى، يالىڭاچ تېنىمىزدىن باشقا نېمىمىز بار بولسا، بارچىسى بۇلار قولىدىن ئىشلىنىپ چىققانلىقى ئۇلاردا تەربىيە دۇرۇس بولۇپ، بىزلەردە دۇرۇس بولمىغىنى ئۈچۈندۇر.

رۇسلارنىڭ ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بېرىۋاتقان پۇللىرى، ئۆز ئېتىقادلىرى يولىدا قىلىۋاتقان ئىئانىلىرى، باللارنى تەربىيە ئەيلىمەك ۋە ئومۇمىي خەلقنىڭ پېئىلۇ خۇلقلىرىنى گۈزەللەشتۈرمەك يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىق، غەيرەتلىرى سۆزلەنسە، ئادەم ئوغلىنىڭ ئەقلى ھەيران قالىدۇ.

لېكىن بىزلەر قانچە ۋاقىتتىن بېرى يۇنانلىقلاردىن مىراس بولۇپ قالغان ۋە يۈز تۈرلۈك خاتالار بىلەن نەقىل ۋە تەرجىمە قىلىنىپ ئارىمىزغا كىرگەن كىچىككىنە بىر پەلسەپە ئەتراپىدا ئايلىنىپ ئۆمۈر ئۆتكۈزمەكتىمىز. بىزنىڭ ئۆمۈرلىرىمىز ئۆتتى، تۈگىدى. لېكىن بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالماي، باللىرىمىزنىڭ ئۆمرىنى ئۆتكۈزمەكتىمىز! بىزلەر قاچانغىچە ئەسلا ساۋاق كىتابلىرىنىڭ بولمىغانلىقلىرى ۋە ئەل-ۋەتەننىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن زەررىچە پايدا كەلتۈرمىگەنلىكلىرىگە قارىماي، شۇنداق كىتابلاردىن ساۋاق بەرمەك بىلەن باللارنىڭ زېھنلىرىنى زەھەرلەپ، ئىستىقباللىرىنى بەربات ئېتەرمىز؟!

شېئىر:

ئىزە كۇنتەلە تەدرىي فە-تىلكە مۇسىيبەت

ۋەئەن كۇنتە تەدرىي فەل-مۇسىيبەت ئەئزەم.

مەنىسى: ھېچ نەرسە بىلمىسەڭ مۇسىبەتتۇر، بىلسەڭ تېخمۇ ئېغىر مۇسىبەتتۇر.

بىزنىڭ شۇ كۇنلەردە قوللىرىدىكى دەپتەرلىرىگە مۇئەللىم

تەرىپىدىن چۈشەندۈرۈلگىنى بويىچە ئاغزىلىرىنى ئىچىپ، باشلىرىنى بىر تەرەپكە سىلىپ: «گەر كىشى دۇنيا ئىزدىسە، ئىلىم ئۆگەنسۇن، كىشى گەر ئاخىرەت ئىزدىسە ئىلىم ئۆگەنسۇن!» دەپ يېزىۋاتقان بالىجانلىرىمىز، كىم بىلسۇن، بەلكى كېلەچەك زامانىنىڭ ئاتىلىرى ھەمدە بىزگە ئوخشاش سۆز ئاڭلىماس ۋە ئاڭلىتالماس ئاتىلار بولماي، بەلكى ھۆرمەتلىك ۋە ئەل-يۇرتنىڭ رىزاسىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ھېچكىمنىڭ مالامىتىدىن قورقماس ئاتىلار بولۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارنى ئۆز زامانىمىزغا ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ زامانلىرىغا مۇۋاپىق تەربىيە ئەتمىكىمىز لازىم بولۇر...

## ئەدەپلەر

مۇشۇ يەرگە قەدەر بىز ئېيتقان ۋەزىپىلەر مۇئەللىملەر ئۈچۈن بولۇپ، بۇلاردىن باشقا يەنە بەزىبىر ئەدەپلەر باركى، ئەگەر مۇئەللىملەر بۇلار بىلەنمۇ پەزىلەتلەنسە، كامالەتلىرى ئارتىدۇ، ئېيتماقچى بولغان ئەدەپلىرىمىزدىن مۇھىملىرى شۇلاردۇر:

### 1. چىرايلىق سۆزلىمەك

ئىنسانلاردىكى تىل ماھارەت كۆرسەتكۈچى قورال بولۇپ، كۆڭلىدىكى نەرسىلەرنى ۋە يىراقتا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ئىپادىلىگۈچى بىر تەرجىماندۇر. تىل بىلەن جاۋاب بېرىلىدۇ، كېرەك بولغاندا مەسلىھەت ئېلىنىدۇ، قايغۇلار بايان قىلىنىدۇ، ھەسرەتلەرگە تەسەللى، قەبىھ ئىشلاردىن مەنئى، گۈزەل

نەرسىلەرگە ھەۋەس قوزغىتىلىدۇ. توپلار يەتمىگەن جايغا تىل يېتەر، ماشىنىلارنىڭ كۈچى يەتمىگەن ئىشلارنى تىل بېجىرۇر.

سۆزلىگۈچى ئەگەر سۆزلەشكە ماھىر، يۇرۇش-تۇرۇشلىرى ماسلاشقان بولسا، ئاڭلىغۇچىلارغا ۋەزلىرىنى يەڭگىل قوبۇل قىلدۇرىدۇ. مۇددىئاسىنىمۇ ئوچۇق چۈشەندۇرەلەيدۇ، رەقىب ئۈستىدىن كۆپ ۋاقىتلاردا غەلىبە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇئەللىم بولغان كىشى سۆزلەشنى بىلمەك توغرىسىدا كامىل ئېتىبار بولمىقى ۋە ھايقىرىق (رېتورىكا) ئەدەپلىرىنى ئۆز ئورنىدا ئىشلەتمىكى كېرەك.

مۇئەللىم ئەگەر ئۈگۈت-نەسىھەتلەرنى قائىدىسى بىلەن سۆزلىسە، ئۇ ۋاقىتتا شاگىرتلار تەرىپىدىن ھۆرمەت بىلەن ئىشلىتىلىدۇ، يوقلارغا ۋە كىچىكلەرگىمۇ يەتكۈزۈلىدۇ، شۇنداق سۆزلەنگەن سۆزلەر ھاۋاغا تارقىلىپ تۈگىگەندىن كېيىنمۇ تەسىرى ھامان ساقلىنىدۇ.

مەشھۇر ۋەزىرلەردىن ھەسەن بىن سەھىل كىندىي ئوغۇللىرىغا خىتابەن: «ئەي ئوغۇللىرىم! نۇتۇق ئۆگىنىڭلار، ئىنساننىڭ باشقا ھايۋاندىن پەرقى پەقەت نۇتۇقتىدۇر. نۇتۇقىڭىز كامىل بولسا، ئىنسانلىقىڭىزمۇ كامىل بولۇر» دەر ئىكەن. لېكىن سۆزلىگەن ۋاقىتتا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ھاللىرىغا رىئايە ئەتمەك لازىمدۇر. ئۇلار تاقەت ئەتكۈدەك مىقداردىن زىيادە سۆزلىمەك ياكى ئۇلارغا كېرەك ئەمەس مەلۇماتلارنى بايان قىلماق ئەدەپكە زىتتۇر.

ئىمام جاھىز ھەزرەتلىرى: «سۆزنىڭ غايىسى ۋە تىڭشىغۇچىلار شادلىقىنىڭ چېكى باردۇر. تاقەت ئەتكۈدەك دەرىجىدىن زىيادە بولغان سۆز گۈزەل بولماق ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ھەر كىملەر نەزىرىدە نەپرەتلىكتۇر» دېگەنىدى.

گۈزەل سۆزلەرنى ئومۇمىي پايدا ئۈچۈن ئىستېمال ئەتكەن كىشى ساۋابلارغا ئىگە بولىدىغانلىقىدىن باشقا، بۇ ھۈنىرى بەدىلىگە مۇكاپاتتىن مەھرۇم قالماس.

مۇئەللىم سۆزلەش ماھارىتى سەۋەبلىك ئېغىر (قىيىن) نەرسىلەرنى شاگىرتلارغا ئوچۇق بايان قىلىدۇ ۋە يەڭگىل چۈشەندۈرىدۇ. ماھىر سۆزلىگەن مۇئەللىمنىڭ ئۈگۈت-نەسىھەتلىرى شاگىرتلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە ئورنىشۇر، تاكى قەبرىلىرىگە بارغۇچە ھەمراھ بولۇر...

سۆزلەشكەندە، ئوقۇغاندا، يازغاندا خاتا قىلماسلىق ئۇلۇغ كامالەتلەردىندۇر. بۇ خۇسۇستا ئۇلۇغ ئەدىبلەرنىڭ دىققەت قىلىشى ئاجايىپ ھەيران قالارلىق ئىدى.

## 2. كىتابەت ۋە ئىنشا

كىتابەت (كىتاب كۆچۈرۈش، كاتىپلىق) ۋە ئىنشا ھۈنەرلىرى ئىنسانغا ھەدىيە ئېتىلگەن ئۇلۇغ كامالەتلەردىندۇر. بۇلارنىڭ ئىلىم تارقىتىش ۋە تەلىم خۇسۇسىدا ئۇلۇغ ياردەملىرى بولغىنى ئۈچۈن مۇئەللىم بولغان زاتلارنىڭ ھەم بۇلاردىن خەۋىرى بولسا گۈزەل بولىدۇ.

ئانا تىلىمىز بۇ كۈندە پەۋقۇلئاددە تەرتىپ، قائىدىسىز يوسۇندا ھەركىمنىڭ ئىرادە كەيپىياتىغا ماس رەۋىشتە يېزىلىۋاتقان بولغانلىقتىن، نىزامغا (تەرتىپكە) قويۇلمىقى پەقەت مۇئەللىملەر ھىممىتى سايىسىدا ئىشقا ئاشىدۇ. ئەگەر مۇئەللىم بولىدىغان كىشى بۇنىڭدىن خەۋەرسىز بولسا، ئىلكىدە يوق نەرسىنى ساتقۇچىغا ۋە يانچۇقىدا بولمىغان نەرسىنى سەدىقە قىلغۇچىغا ئوخشاپ قالۇر.

تىل بىلەن سۆزلىنىشى ئەيىب بولىدىغان نەرسىلەر قەغەزگە يېزىلسا، زەرەرى ئىككى ھەسسە ئارتىدۇ. سۆزگۇ بىر ۋاقىتلاردىن

كېيىن ئەستىن چىقار، يېزىلغان، بېسىلغان (چاپ ئېتىلگەن) بولسا، قىيامەتكە قەدەر باقىي قالىدۇ.

ئىنسان گۇناھسىز بولمىغانلىقتىن خاتا سۆزلەپ قويىدۇ. ناگاھ بىر سۆزنى تەھقىق قىلغۇچى ئالىملار ۋە راست سۆزلۈك ئاقىللار ساپ ۋە پاك كۆڭۈللىرىنى ئىتتىپاق بىلەن ناتوغرا تونۇشسا، ئۇ ۋاقىتتا غەيرىيلەر (باشقىلار) ئەگىشىپ خاتا يولغا كىرمىسۇن دېگەن نىيەتتە رەت ئەيلىمەك مۇۋاپىق، بەلكى پەرھىزدۇر. لېكىن، سۆزنى چۈشىنىپ-چۈشەنمەي ۋە سۆزلىگۈچى مەقسەت قىلغان مەنادىن باشقا ئىككىنچى بىر مەنا چىقىرىپ دەرھال رەت قىلىشقا ئۇرۇنماق ۋە شۇ سائەتتە ئەدەپ دائىرىسىدىن چىقىپ، سۆزنىڭ ئېيتقۇچىسىغا كىرىشىۋالماق ۋە شۇ باھانە بىلەن ھاقارەتلىمەك ئالىملىققا ئەمەس، ئىنسانلىققىمۇ مۇۋاپىق بولمىغان نەرسىلەردىندۇر.

ئۇلۇغ يولباشچىلار ۋە بۈيۈك ئۆلىمالارنىڭ بىر-بىرىنى كەمسىتىشى ئىلمىي خىزمەت بولۇرمۇ؟ بىر-بىرىنى سۆكمەك بىلەن ئىلىم تارقىتارمۇ؟ پىكرىمچە، بۇ سوئالغا ئىنكار بىلەن جاۋاب بەرگۈچى بولمىسا كېرەك. چۈنكى، بۇنى تارىخ ئىنكار ئېتىۋاتىدۇ، ئىنساننىڭ قەدىر-قىممىتى شۇ دەرىجىدە مۆھتەرەمدۇركى، بۇنى ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ھېچبىرى قوبۇل قىلماس.

ئۆمۈربويى قولىدىن قەلىمى چۈشمىگەن ۋە پۈتۈن قايغۇسى مىللەت تەرەققىياتى بولغانلىقىغا قارىماي، مەشھۇر ئەدىب كامالبېك جانابلىرى ھېچبىر كىشىنى ھەجۋىي قىلمىغانىكەن. ئادەملىك شۇنداق بولۇر، ئىنساپ شۇنداق بولۇر!

شەيخۇل مۇھەددىسىن (ھەدىسچىلەرنىڭ شەيخى) ئىمام مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بىزنىڭ مەدىنەدە ئەيىبسىز كىشىلەر بار

ئىدى، كىشى ئەيىبىنى تەپتىش ئېتىشكە كىرىشكەندىن كېيىن ئۆزلىرىدىمۇ ئەيىب ئاشكارا بولۇپ، خەلق تەرىپىدىن سۆزلىنىشكە باشلىدى. بىزنىڭ مەدىنىدە ئەيىبلىك كىشىلەر بار ئىدى، كىشى ئەيىبلىرىگە سۈكۈت ئەتكەنلىرىدىن كېيىن ئەيىبلىرى ئۇنتۇلۇپ، خەلق تەرىپىدىن سۆزلەنمەي قالدى» دەر ئىدى.

## 3. ئۆگەنمەك

ئىلىم-مەرىپەتنىڭ غايىسى، ئەدەپ ۋە كامالەتنىڭ چېكى يوق ئىكەنلىكى مەلۇمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇئەللىم بولغان كىشى ئۇچرىشىش شەرىپىگە ئېرىشكەن ئەدىبلەردىن، ئەكابىرۇ شەيخلەردىن، مۇتالىئە قىلىنىۋاتقان كىتاب، رىسالەيۇ مەجەلە (ژۇرنال)، ئاشۇنداق توپلاملاردىن ھەر ۋاقىت پايدىلانغۇچىدۇر. ئىلىم ئەھلى خاھى مۇئەللىم، خاھى ئوقۇغۇچى بولسۇن، ئۆز ئىلمىغا ئېتىقاد ئەيلىمەك (ئىشەنمەك) ۋە زېھنى بىلەن مۇستەبىت بولماق ئەيىب بولۇر.

ماشايىخلاردىن بىرى: «كۆپ ئۇلۇغ زاتلار زامانىسىغا ئېرىشكەندۇق، لېكىن ئىلىم رىۋايەت ئېتەلمىدۇق» دەپ نادامەت چەككەندى. دەرھەقىقەت، دۇرۇس ئىلىم ئەھلىلىرىنى كۆرسىتىش ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ پەزىلەتى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىك ئېھتىمالى بولىدۇ، ئىمام زەھرىي ھەزرەتلىرى: «بىر ئاز ئىلىم ئۆگەنگەندىن كېيىن كۆپايە قىلغۇدەك ئىلمىم بارغۇ دېگەن پىكىردە بولدۇم، كېيىن ئۇبەيدۇللاھ ھەزرەتلىرىگە ئۇچراشتىم ۋە شۇ ۋاقىتتا ئۆزۈمدە ھېچ نەرسە يوق ئىكەنلىكىنى بىلدىم» دەر ئىدى.

مۇئەللىم بولغان كىشى ئىلىمنى تەڭرى تەرىپىدىن بەندىلىرىگە ئېھسان ئېتىلگەن بىر كامالەت دەپ ئېتىقاد ئەتسە، ھەر ۋاقىت ۋە

ھەر سائەت، بەلكى ھەر دەقىقىدە ئۆگىنىش بىلەن بولمىقى زۆرۈردۇر. ھەر ۋاقىت كىشىدە خاتىرە دەپتىرى بولۇپ، ئاڭلىغان ۋە ياكى كۆڭلىگە كەلگەن سۆزلەرنى دەرھال يېزىپ قويماق ۋە كېيىن لازىم بولغان ئورۇنلارغا مۇراجىئەت ئەتمەك ئۆگىنىش جۈملىسىدىندۇر. ئىمام شەئبىي ھەزرەتلىرى: «ئىشىتكەن نەرسىلىرىڭىزنى ھەتتا تامنىڭ يۈزىگە بولسىمۇ يېزىپ قويۇڭ» دەر ئىدى.

## 4. تارىخ

تارىخ ئىلمىدىن مەلۇماتى بولمىغان قەۋم كۆنلەپ ئەمەس، سائەتلەپ ئارقىغا كېتىدۇ. ئۇشبۇ سەۋەبتىن بۇ ئىلىم توغرىسىدا مۇئەللىملەر ئىجتىھاتلىق ۋە مەلۇماتلىق بولسا، ئۇلاردىن شاگىرتلىرىغا ۋە شاگىرتلىرى ۋاسىتىسى بىلەن ئومۇم خەلققە بۇ ئىلىمنىڭ مۇھەببىتى تارقىلۇر، پايدىسىنى ئامۇ خاس بىلىپ، ئۆگەنمەك قەستىگە كىرۇر.

. . . ئەگەردە ساۋاق ئوقۇتماق كىتابتىن بولغان ۋاقىتتا، ساۋاق باشلانغاندا، مەزكۇر كىتابنىڭ مۇئەللىپى، ئۇستازلىرى، مەملىكىتى، دەۋرى، كېلىپ چىقىشى، خۇلقۇ پېئىلىنىڭ دەرىجىسى ھەققىدە، مۇپەسسەل ھالەتتە تەرجىمىھالىنى سۆزلەپ بىلدۇرمەك لازىمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇئەللىم بولغان كىشى قانداق ئىلىمگە مەنسۇپ بولمىسۇن، تارىخ، تەبەقات (تەبىقىلەر، دەرىجىلەر)، ئادەملەرنىڭ ناملىرى جۇغراپىيە پەنلىرىدە تولۇق مەلۇمات ئىگىسى بولۇشى لازىمدۇر.

تەجرىبىلەرگە كۆرە، تارىخ بىلگەن كىشى ئەقىللىق، توغرا پىكىرلىك ھەم تەدبىرلىك بولىدۇ. بۇ كۈنلەردە پەرەڭلەردە (ياۋروپالىقلاردا) ئىقتىساد ئىلمى ۋە دۆلەت ھوقۇقى ئىلمى نامىدا

پەيدا بولغان پايدىلىق ئىككى پەننىڭ ئانىسى تارىخ ئىلمىدۇر.

سىز ھەرقانچە ماھىر بىر خاتىپ بولسىڭىزمۇ، مەجلىسىڭىزدە بولغان سودىگەرلەرگە ۋە كەسىپ بىلەن مەشغۇل كىشىلەرگە: «ئېجتىھات قىلىڭلار، مىليونېر بولمىساڭلارمۇ، ئۇلۇغ (زور) بىر بايلىق ئىگىسى بولۇرسىلەر!» دەپ سۆزلىسىڭىز ۋە ياكى سۆيۈملۈك بىر مۇئەللىم بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن شاگىرتلىرىڭىزغا: «ئوقۇڭلار، بۈيۈك ئالىم ۋە شۆھرەتلىك بىر مۇئەللىم بولۇسىلەر!» دېسىڭىز، بەلكى ئېھتىمالدىن يىراق كۆرۈنۈپ سۆزلىرىڭىزگە لازىم دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرمەسلىكى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن نەسىھىتىڭىزنىڭ ئۈنۈمى بولماس ياكى ئاز بولۇر. ئەمما، ئۈچ-بەش تەڭگە بىلەن كىرىشكەن بولسىمۇ ئۆز ئۈمىدلىرى بىلەن يۈز مىڭلار تەھسىل ئەتكەن (قولغا كەلتۈرگەن) غەيرەتلىك بىر تىجارەتچىنىڭ ئەھۋالىنى ھېكايە ئېتەر بولسىڭىز ياكى بىر چوپاننىڭ زور بىر قوشۇنغا باشلىق بولۇپ دۇنيانىڭ يېرىمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى ۋە ياكى بېلىقچى بالىنىڭ يۈك توشۇغۇچىلار ۋە يولۇچىلارنىڭ كەينىدىن يالاڭئاياغ ھالدا يۈگۈرۈپ، ئەسلى يۇرتىدىن ئايرىلغان ھالدا ئۆگىنىشكە كىرىشىپ ئۇلۇغ بىر ئەدىب ياكى شۆھرەتلىك ئىجادكار بولۇپ يېتىشىپ چىققانلىقىنى... مۇشۇنىڭغا ئوخشاش داڭلىق كىشىلەرنىڭ تەرجىمىھالىنى مىسالەن سۆزلەيدىغان بولسىڭىز، ئاڭلىغۇچىلاردا بىر ھېس ئويغىنىپ، ھاياجانغا كېلىپ، جىسمىلىرىدا كىرىشىش روھى باش كۆتۈرۈپ، «غەيرەت ۋە ئېجتىھات ئەتكەندىلا بۇ دۇنيادا بىز كەبى ئادەم بالىلىرى بايمۇ، ئالىممۇ بولالايدىكەن»، دەپ كەسىپ ۋە ئۆگىنىشكە ھەۋەس ئويغاتقۇچى بىر زوق پەيدا بولۇر.

ئاشۇنداق باغداد، ئەندەلۇس (ھازىرقى ئىسپانىيە) ئىسلام

دۆلەتلىرىنىڭ گۈزەل خۇلقلۇق، ھۈنەرلىك ۋە غەيرەتلىك بولغان زامانلىرىدا شۇنداق بۈيۈك مەدەنىيەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، كېيىن پاھىشىۋازلىق دۇنياسىدا مەغلۇپ بولغانلىرىدا كۆكتىن يىقىلىپ چۈشكەن قۇش مىسالىدا ئەجەب سۈرئەت بىلەن تۆۋەنگە (ئارقىغا) كەتكەنلىكلىرى سۆزلەنسە ۋە بەزىدە شاگىرتلارنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ مۇھاكىمە قىلدۇرۇلسا، ھەر بىرىنىڭ كۆڭلىدە بىر پىكىر ئويغىنىپ، كالللىسىدا ئىبرەت ۋە ھەسرەت، ئىشتىياق بىلەن غەيرەت ھەممىسى بىرگە قوشۇلۇپ، پۈتۈن ئەزا ۋە بەدىنىنى تەرەققىي ئەتتۈرىدۇ، زوقىنى قوزغىتىدۇ. ئۇشبۇ سەۋەبلەر ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئىمام شافىئىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «تارىخ بىلگەن كىشىنىڭ ئەقلى ئارتار» دېگەنىدى.

تارىخقا ئاساسلانغان دەلىل ھېچ ۋاقىتتا مەغلۇپ بولماس. بۇ ھەر كىمگە مەلۇم بىر مەسىلىدۇر.

## 5. ئادالەت

گۈزەل خۇلقلارنىڭ ئەڭ گۈزىلى ئادالەتتۇر. دۇنياۋى ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلاردا ئادالەتلىك بولماق ھەر كىم ئۈچۈن لازىم بولسىمۇ، تەربىيە بىلەن مەشغۇل بولغانلىرىدىن، ئەقىللىرىنى ۋە روھلارنى تەربىيە ئەتمەك ئۈچۈن ئۇلۇغ بىر ۋاستىچى بولغانلىقلىرىدىن، مۇئەللىملەر ئۈچۈن يەنە زىيادە لازىم بولسا كېرەك. ئادالەت ئىگىلىرى ھەر مەقسەتنىڭ يولىغا قاراپ بارۇرلەر ۋە ھېچكىمگە يامانلىق قىلمىغان ھالدا ئۈمىدلىرىگە يەنە ئەركىن ۋە ئۇدۇل ئېرىپ ئېرىشۇر.

بىر سۆزنى ھەق سۆز بولغىنى ئۈچۈن قوبۇل قىلماق ۋە خاتا سۆز بولغىنى ئۈچۈن رەت ئەيلىمەك ئادالەتتۇر. خاتا سۆزنى كىم سۆزلىسىمۇ، خاتادۇر. ئۇشبۇ قائىدە ھۆكۈمىگە كۆرە، بىر

سۆزنىڭ ھەق ۋە ناھەقلىقىنى يالغۇز زەيدنىڭ سۆزى بولغانلىقىدىن ۋە ئۆمەرنىڭ سۆزى بولمىغانلىقىدىن دەلىل ئەيلىمەك ئادالەتسىزلىكتۇر. چۈنكى، گۇناھسىز بولمىغانلىقلىرى ئۈچۈن زەيد ۋە ئۆمەرنىڭ ھەق سۆزنى سۆزلەشلىرىمۇ ۋە ناھەق سۆزنى سۆزلەشلىرىمۇ جائىز بولىدۇ. تامام غايىسىگە (تولۇق مەنىسىگە) يېتىشىگە زامانىسى ياردەم بېرىدۇ ۋە ياكى تەبىئىتى ئىستېداتلىق بولمىغان شاگىرتلارنى مەزھەپ ئىختىلاپلىرىغا كىرگۈزمەك ۋە ئۇلارنى رەت ئەيلىمەك يوللىرىنى تەلقىن ئەتمەك بىلەن شۇغۇللانماق ئادالەتتىن چەتكە چىقماق بولۇر.

مەزھەپ ئىختىلاپلىرىنىڭ مۇنازىرىسى ساھىلسىز دېڭىزدۇركى، بىر ئاز خەۋەردار بولۇش ئۈچۈنمۇ بارلىق توسالغۇلاردىن ئۆتمەك بىلەن ئۇزاق ۋاقىت شۇغۇللانماقنى تەقەززا ئېتىدۇ. خۇسۇسەن، مەزھەپ ئەربابىنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى ۋە يازغان كىتابلىرىنى بىلمىسە، يالغۇز رەقىبلىرى ھېكايەت ئەيلىگەن سۆزلەر ئىناۋەتكە ئېلىنۇر بولسا ھېچبىر سەمەرىسى بولماس.

## خاتىمە

ھەسەن بىلەن سۇلايمان ئىسىملىك بايلار بىر ئەسىردە ياشار ئىدى. بالىلىرى كۆپ، ئۆزلىرى سالامەت بولۇپ، ماللىرىنىڭ ھېسابلىرىنى ھەتتا ئۆزلىرىمۇ بىلمەس ئىدى. ھەسەن ئاغا شۇنچە دۆلەتمەن بولۇشىغا قارىماي، ھەر تۈرلۈك كەسپلەرنى قىلۇر، قائىدىگە مۇناسىپ بولغان-بولمىغانلىقىنى تەپتىش ئەتمەس ئىدى.

بىر قېتىم قەرزدار كىشىنىڭ بارلىق مۈلكىنى گويا سېتىپ ئالغان بولۇپ، قەرز ئىگىلىرىگە بىر نەرسە بەرگۈزمىگەنىدى. يەنە بىر قېتىم بىر زالىم ھەم بەتبەختكە زور ئۆلۈش بەدىلىگە قەرز ئاقچا بېرىپ، شەھەردە ھەربىر ئىنساپ ئەھلىنى يىغلاتقان چوڭ بىر پاھىشىخانا ئېچىلىشىغا سەۋەب بولغانىدى.

ھەسەن ئاغىنىڭ بالىلىرى ئالدى-ئارقىسىغا قارىماي مالنى ئىسراپ قىلىشقا كىرىشتى. بۇنداق ئىززەتلەرگە غەرق بولغىنى ۋە كىيىم-كېچەكلەر توغرىسىدا ھېچبىر مۈلكىنى ئايىمىغىنىغا قارىماي، بالىلىرىنىڭ ھەر بىرى بىر تەرەپتىن ئىسراپ ئەتكىنىنى كۆرۈپ جېنى چىقار ۋە ئىنتايىن قايغۇرار ئىدى.

ھالبۇكى، ھەسەن ئاغا بالىلىرىنىڭ قارىنلىرى بىلەن تەنلىرىگە شۇنچە سەرپ ئەتكىنى بىلەن جانلىرىنى تەربىيە ئەيلىمەك توغرىسىدا ئىنتايىن بىپەرۋالىق قىلغانىدى. تۈركچە ۋە رۇسچە ئوقۇش-يېزىشنى بىلدۈرمەك بىلەن بالىلىرىنى تەربىيىلەش جەھەتتە ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى تامام بولدى، دەپ ئويلىغانىدى، ھەسەن ئاغىنىڭ خاتاسى مۇشۇ يەردە. چۈنكى، ئوقۇماق، يازماق، سۆزلىشىشنى بىلمەك تەربىيىنىڭ تامامى ئەمەس، بەلكى ئېلىپبەسى ئورنىدىكى باشلىنىشىدۇر. تەربىيە بولسا يەنىمۇ زىيادە مۇھىم بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن بالىلارنى ئەخلاق ئالىملىرى ۋە ئەدەپ مۇئەللىملىرى بولغان زاتقا تاپشۇرماق لازىمدۇر.

ھەسەن ئاغا بالىلىرىنىڭ جانلىرىنى تەربىيە ئەتتۇرمەك ئەمەس، بۇنىڭ لازىملىقىنىمۇ بىلمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇگۈن سەفاھەت ئالىمىگە (پاھىشىخانىلارغا) كىرگەن بالىلىرىدىن شىكايەت قىلىشى يولدا قالغان ئەمانى كايىغانغا ئوخشاش پايدىسىز ئىدى.

ئەگەردە ئەزگۈلۈك ئۈچۈن مال سورالسا، ھەسەن ئاغا بالىلىرىنى ۋە خوتۇنلىرىنى يېنىغا ئېلىپ: «ھالىمىز خاراب! بۇگۈن مەسچىتكە، ئەتە مەكتەپكە، ئۇنىڭدىن خەير-ساخاۋەت جەمئىيەتلىرىگە، ئۇنىڭدىن مېيىپ-مەجرۇھلارغا ئاقچا سورايدۇ. ئاقچا سورالماي قالغان بىر كۈنىمىزمۇ يوق. بەر! بەر! مۇشۇنداق بولىۋەرسە، ئۇيقۇسىز قېلىپ، پېشانە تەرىمىزنى ئاققۇزۇپ يىغقان مال-دۇنيايىمىزنى بېرىپ تۈگىتىمىزدە، ئۆزىمىز كەمبەغەل بولۇپ قالغۇدەكمىز!» دەر ئىدى.

بىچارە ھەسەن ئاغا، ھۇزۇرىدا تاغ كەبى دۆۋىلىنىپ تۇرغان ماللارنى ئۆز مېلى ھېسابلاپ: «مېلىم، مېنىڭ مېلىم، دۆلىتىم، بايلىقىم!» دەر ئىدى. لېكىن، ئۈستىگە كىيىپ يۈرگەنلىرى ۋە قورسىقىنى تويدۇرغانلىرىدىن باشقىسىنىڭ ھېچبىرى ئۆزىنىڭ مېلى ئەمەس ئىكەنلىكىگە ئەقلى يەتمەس ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئون ئەرشىن[1] ئاق بوزدىن باشقا، ئۆزى بىلەن بىللە ئۇزاق، ناھايىتىمۇ ئۇزاق سەپەرگە ھېچ نەرسە ئېلىپ كېتەلمىدى.

تۈنۈگۈن ئۇ ئۈستىدە يۈرگەن ماللارغا بۈگۈن باشقىلار ئىگە بولۇشۇپ، گويا دۇنيا يارىتىلغان كۈندىن بېرى ئۆزلىرى ئىگىدارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقاندەك باشقۇرار ئىدى. بۇندا ھەسەن ئاغا دېگەن بىرسىنىڭ ئىسمى ھېچ يوق ئىدى.

ھەسەن ئاغا دۇنيادىن ئۆتتى. لېكىن ياد ئېتىلگۈدەك بىرەر ئىشى ۋە شۈكۈر ئېتىلىشكە مۇناسىپ بىرەر ئەسىرى قالمىدى. تەڭرى ئۇنىڭغا زور بايلىق بەرگەنىدى. لېكىن باشقۇرۇش يولىنى بىلمىگەنلىكى، ئۆزىنىڭ بېخىللىقىنى ئەقىللىقلىق، باشقىلارنىڭ

---

[1] ئەرشىن—ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى بىرلىكى، بىر ئەرشىن 0.71 مېترغا تەڭ

ياخشىلىق يولىدىكى ئېھسانلىرىنى مال تۇتۇشنى بىلمىگەنلىك ھېسابلاپ، بالىلىرىنىڭ سەفاھەتلىرىدە (ئىشرەتۋازلىقلىرىدا) ھېچكىمنى ئەيىبدار كۆرمەي، يالغۇز تەقدىرگە ھاۋالە ئېتەر ئىدى. قارا كۆڭۈل، تاش يۈرەك بولۇپ، پېقىرنى كۆرۈپ يۇمشاق، شاگىرتنى كۆرۈپ شەپقەت قىلماق ئەمەس، مەكتەپلەرنىڭ ئىسمىلىرىنى ئىشتمەس ۋە ھېچ ئىشى بولماس ئىدى.

ھەسەن ئاغا ئۆمرىنىڭ بەرىكىتىنى (ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشنى) ھېچكىم ئىستىمىسمۇ، ئوغۇللىرى ئۇلۇشىگە چۈشىدىغان مىراس مېلىدىن مىڭ سوم ئالماق شەرتى بىلەن يۈز سوم ئاقچا بەرگەن مال ئاشىقلىرى ئۇنىڭ ۋاپاتىنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەسەن ئاغىنىڭ، ھەتتا سالامەت ۋاقتىدا بايلىقىدىن زور بىر قىسمى پەقەت كۆرۈنۈشتىلا ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇر ئىدى.

ھەسەن ئاغىدىن كېيىن ۋارىسلىرى مالنىڭ ئاستىدىن كىرىپ، ئۈستىدىن چىقىشتى، قورۇ-جايلار كىم ئارتۇق سودىسى بىلەن سېتىلدى، يەرلەر خىزمەت ھەققى سۈپىتىدە دەۋا ۋەكىللىرى قولىغا چۈشتى. خوتۇنلىرىنى ياش ئەرلەر، قىزلىرىنى مالپەرەسلەر نىكاھىغا ئېلىشتى. ئۆزى سەۋەب بولۇپ ئاچتۇرغان پاھىشىخانىدا ئوغۇللىرىمۇ ۋۇجۇدىنى چىرىتىپ، ھەر تۈرلۈك كېسەللەرگە مۇپتىلا بولۇپ دۇنيادىن ئۆتۈشتى.

سۇلايمانمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە دۇنيادىن ئۆتتى. چۈنكى، ھېچكىم مەڭگۈ ھايات تۇرمايدۇ. لېكىن، سۇلايماننىڭ ئىسمى دۇنيادىن ئۆتمىدى، بەلكى ھەمىشە تىرىكتۇر. «ئەزگۈ بالا بوگۈنكى سەدىقە، پايدىلىق ئىلىم قالدۇرغان كىشىنىڭ نامى باقىي» مەزمۇنىدىكى مۇبارەك سۆزگە مۇۋاپىق مىللەتۇ جەمئىيەت

سۇلايمانغا خەيرلىك دۇئا قىلىدۇ، ئىسمىنى ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىدۇ. مەكتەپكە ئاياغ باسقان، ھەتتاكى قوشنىلىرىنىڭ ئىسمىنى بىلمىگەن بالىلارنىڭ بارچىسى سۇلايمان ئەپەندىنى ۋەلىي نېمەت (ساخاۋەتچىسى، نىجاتچىسى) بىلىدۇ. دەرھەقىقەت سۇلايمان ئەپەندى ساخاۋەتچىدۇر. چۈنكى، ئىلىم ئۆگەنمەك ئۈچۈن سېلىنغان بىر گۈزەل خانىنى سۇلايمان ئەپەندى بىنا ئەتكەن بولۇپ، مۇئەللىملەر ۋە مەكتەپ خادىملىرى، ئوتۇن ۋە شام، كىتابۇ قەغەز قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قالدۇرغان ۋەخپىلىرىدىندۇر.

△ ★ △

بۇ يەردە يېزىلغان ھەسەن بىلەن سۇلايمان راست ئۆتكەن كىشىلەر بولماستىن، بەلكى بىر مىسالدۇر. لېكىن بۇ دۇنيادا خۇسۇسەن، ئارىمىزدا سۇلايمانمۇ بار، ھەسەنلەرمۇ بار.

زامانىمىزنىڭ ئەڭ كۆپ بىلگۈچىلىرى بىلەن ئەڭ ئاز بىلگۈچىلىرى شاگىرت ئوقۇتماق خۇسۇسىدا قۇسۇرلۇق بولۇۋاتقانلىرىنى كايىشماقتا، لېكىن، ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەم بولمىغاندىن كېيىن نە رەۋىش بىلەن شاگىرت تەلىم ئېتىلۇر؟ بۇ، ئات ۋە ساپىنى بولمىغان بىر كىشىنىڭ يەر ھەيدىمىگىنى ئۈچۈن خىزمەتكارىنى كايىغىنى بىلەن ئوخشاشتۇر. گەرچە بەزى ئىمالار مەكتەپ ئېچىپ تەلىم بىلەن شۇغۇللانسىمۇ، بۇلارنىڭ بۇ ئەمەللىرى ھانىبال بىلەن بوناپارت ئەسكىرىنىڭ ئالىپ تاغلىرىنى ئېشىپ چىققىنىنى كەبى ئادەتتىن تاشقىرى بىر ئىجتىھات سەمەرىسىدۇر. بۇ كەبى ئىجتىھاتلار ھەر كىمگە مۇيەسسەر بولماس. ھەر ئىشنىڭ بىر كىشىسى، ھەر كىشىنىڭ بىر ئىشى بولىدۇ.

مۇئەللىملەر زېمىن خىزمىتى توغرىسىدا جاۋاب بېرىدۇ ۋە بۇ خىزمەت ئۇلار ئۈستىدە بولسىمۇ مالۇ ئاقچىغا ۋە باشقا خىزمەت ۋە ياردەملەر ھەققىدە جاۋاب بېرىدىغان كىشىلەر كىملەردۇر؟

بۇ دۇنيانىڭ تىرىشىش-تىرمىشش ئىشلىرى تۈرلۈك كىشىلەرگە تەقسىم ئېتىلمىكى قانۇن ئىلاھى بولغانلىقتىن، مەكتەپنىڭمۇ بەزى خىزمەتلىرى ئىككىنچى تەبىر ئىلە، ئەڭ كۈچلۈك خىزمەتلىرى مۇئەللىملەر ئۈستىدە بولسا، مال ۋە شۇ كەبى يەڭگىل خىزمەتلىرى ھېچ شۈبھىسىز دۆلەتمەن كىشىلەرگە (خاھ دۆلىتى ئاز بولسۇن) ئائىت بولسا كېرەك. ئۇ شۇ سەۋەب ئۈچۈن شاگىرتلارنى ۋە بالىلىرىنى ئوقۇتمىغانلىقلىرى ۋە تەربىيە ئەتمىگەنلىكلىرى ئۈچۈن مۇئەللىملەر ۋە ئىلىملىك كىشىلەر مەسئۇل بولغىنى كەبى مەكتەپنى ۋە ياكى مەكتەپنىڭ ھاجەتلىرىنى ھازىرلىمىغانلىقلىرى ئۈچۈن شۇ مەھەللىنىڭ ۋە ياكى شۇ ئەتراپىنىڭ بايلىقلىرى نىسبىتىدە دۆلەتمەن ئادەملىرى مەسئۇل بولىدۇ.

مەكتەپتىكى شاگىرتلار خالىد بىلەن ۋەلىدنىڭ بالىسى ئەمەس، بەلكى مىللەت بالىلىرىدۇر. شۇ سەۋەبتىن مىليونېر بالىسى بىلەن قاراۋۇل بالىسى يانمۇيان ئولتۇرۇپ ئىلىم ئۆگىنىدۇ. بەزى ۋاقىت بولىدۇكى، مىليونېر بالىسى جازالىنىپ قاراۋۇلنىڭ بالىسى مۇكاپاتقا نائىل بولۇر، مەكتەپ دۇنيادۇر! (ھەرقانچە غەم ۋە ھەسرەتلەر بىلەن ئۆتكۈزگەن بولساممۇ، مەكتەپتە ئۆتكەن كۈنلىرىمنى سېغىنىمەن ۋە دوستلىرىمنى كۆز ئوڭۇمدا كۆرىمەن!) شۇنىڭ ئۈچۈن كىمنىڭ بالىسى ئوقۇسا، مەكتەپنى شۇ كىشى قۇرسۇن، دېيىش زور بىر خاتا سۆز بولۇپ، مۇسۇلمان بولغان ئادەمگە ھېچ مۇناسىپ ئەمەس، بۇنداق سۆزلىمەك: «مەن

بۇ ئۇممەت (مىللەت، خەلق) ئائىلىسىدىن ئەمەسمەن» دېگەنگە ئوخشاش بىر مەنىنى ئەسكە كەلتۈرىدۇ.

گۈزەل خانىلاردا، ئېسىل كىيىملەردە، ياخشى ئاتۇھارۋىلاردا يۈرۈپمۇ مەكتەپنىڭ ئەھۋالىنى ھەپتىدە بىر مەرتەم بولسىمۇ كۆزەتمىگەن كىشى سۆزى بىلەن ھەرقانچە غۇرۇرلۇق بولسۇن، ئەلھەق، غۇرۇرسىزدۇر.

روچىلدلار، پالان كىشىلەر بىر تەرەپتە تۇرسۇن، تۇل قالغان بىر رۇس خوتۇنى يېتىمخانىغا 10 مىڭ سوم تەسەددۇق ئېتىدۇ. كىيىم تىككۈچى بىر رۇس ئۆزىنىڭ ۋەسىيەتنامىسىدە 20 مىڭ سوم مەبلەغنى خەير-ساخاۋەت جەمئىيىتىگە تەيىن ئېتىدۇ. سائەتچى بىر يەھۇدىي ئۆز مىللىتىگە مەخسۇس بولغان بىر تەربىيىخانە ئاچماق ئۈچۈن 500 مىڭ سوم ئېھسان ئېتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى كىتاب-ژۇرناللاردا يېزىلغان ھەقىقەتلەردىندۇر. لېكىن، بىزنىڭ ئەڭ دىيانەتلىك كۆرۈنمەك ئارزۇسىدا بولغان خالىد ئاغا ۋە ھەممە ئادەم تەرىپىدىن تەقۋالىق ئىسمى بىلەن سۆزلەنگەن ۋەلىد ئاغا ۋەسىيەتنامىلىرىدە ھېچ بۇ كەبى نەرسىلەر كۆرۈلمەيدۇ. ھالبۇكى، بۇلار بىزنىڭ مۇستەسنا بايلىرىمىزدىندۇر. بەكىر بىلەن سەلىم ۋەسىيەتلىرىدە نېمە يازىدىغانلىقلىرى مەلۇم بولمىسىمۇ، بۇگۈن بارچە ئىختىيارلىرى قوللىرىدا تۇرۇپمۇ، مەكتەپنىڭ نامىنى بولسىمۇ زىكرى ئەتمەس! ھالبۇكى، مەكتەپ ۋە ئىلىم يولىغا سەرپ ئېتىش ئۈچۈن ئەڭ ئەزىز نەرسىلەر ۋە ياكى بايلىقنىڭ ئوندىن توققۇزىنى بۆلمەك شەرت بولماستىن، بەلكى خېرىدارسىز ۋە مودىدىن قالغان ئەشيالار ۋە يېمەك-ئىچمەكتىن ئېشىپ قالغان نەرسىلەر بولسىمۇ جائىزدۇر.

ئەي مۆھتەرەم بايلار ۋە مىللەتنىڭ يولەنچۈكلىرى! بىر ئويلاپ

كۆرۈڭ، ئىلكىڭىزدە بولغان بۇ بايلىقلارنى يالغۇز ئىجتىھاتىڭىز نەتىجىسىدە تاپتىڭىزمۇ؟ ھالبۇكى، سىزنىڭ ئىجتىھاتىڭىزدىن ئون ھەسسە ئارتۇق ئىجتىھات ئەتكەنلەر بىر كۈن ئىشلىمىسە، پۈتۈن ئائىلىلىرى ئاچ-يالىڭاچ قالماقتا.

فەخرۇل مۇرسەلىن ئەپەندىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسالام ھەزرەتلىرى بىر قېتىم قۇربانلىققا قوي سويۇپ، ئۇممەل مۇئىمىن (مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى) ھەزرەت ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇگە پېقىرلەرگە ئۈلۈشتۈرۈپ بېرىشنى بۇيرۇغاندى. ئائىشە ھەزرەتلىرى: «قوينى تارقىتىپ تۈگەتتۇق، ئۆزىمىز ئۈچۈن يالغۇز بېشىنىلا ئېلىپ قالدۇق»، دېگىنىدە ئەپەندىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسالام: «بېشىدىن باشقا پۈتۈن ئەزالىرى ئۆزىمىزگە قاپتۇ» دەپ ئېيتقانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن چىقىپ تۇرۇپتۇكى، ئادەم ئوغلىنىڭ ئۆزىگە قالىدىغان ئەشياسى پەقەت ئەل-يۇرت رىزاسى ئۈچۈن خەير ئورنىدا سەرپ ئېتىلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقىسى كۆپ ۋاقىتلاردا دۈشمەنلەرگە قالىدۇ. دۈشمەنگە قالىدىغان مالنىڭ ھېسابى بار، ئەمما ساۋابى يوقتۇر.

بىزنىڭ مۇئەللىملىرىمىز بالىلىرىمىزغا (مىللەت بالىلىرىغا) بىلىم ئۆگەتكۈچىلەر ۋە مەكتەپلىرىمىزمۇ بىلىم ئۆگىتىلىدىغان ئورۇن بولغانىكەن، بۇلارغا كۆز سالماق ۋە قولىدىن كەلگىنىچە ئىئانە قىلىپ تۇرماق ھەر بىر ئىقتىدارلىق كىشى زىممىسىگە لازىم بولسا كېرەك.

ئەگەردە دۆلەتمەن كىشىلەر بۇنداق پىداكارلىقتا ۋە بۇ مۇبارەك يولنى تەمىر ئەتمەك (ئوڭلاش، رېمونت قىلىش) كويىدا بولمىسا ۋە بىر-بىرىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەم قىلمىسا، تەلىم ئەمرى نىچۇك

داۋام ئېتەر؟ تەلىم ۋە ئىلىم تارقىتىش دائىم بولمىغىنىدا، كېلەچەكلەرگە رەھبەر (يول باشلىغۇچى) بولۇپ كىملەر قالىدۇ؟ بۇ ئورۇندا قەلەمنى توختىتىپ ئۇزاق بىر نەپەس ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، جاۋابى ناھايىتى ئېغىردۇر. ئەگەردە بىز ئېيتقان مەكتەپ ۋە مۇئەللىم گۈزەل خۇلقلۇق، ئەدەپلىك، ئاتا-ئانىغا ئىتائەتچان، قېرىنداش-قەبىلىگە شەپقەتلىك، ئاجىزلارغا مەرھەمەتلىك (رەھىمدىل)، ئىگە-چاقىسىزلارغا ياردەمچى، ئالىي تەبىئەتلىك، تىرىشچان ۋە غەيرەتلىك، ياخشى ۋە ياماندىن خەۋەردار، مىللەتنى سۆيىدىغان، ھىممەتلىك باللارنى ئۆستۈرسە، تەستىق بىلەن جاۋاب بەرمەك لازىمدۇر.

ئاجايىب تەئەججۇپدۇركى، رۇسلار ۋە پەرەڭلەر بار بايلىقلىرى ۋە ئەزىز ئۆمۈرلىرىنى، ئەڭ مۇھىم لەززەتلىرىنى، ئاخىرىدا قىممەتلىك ۋۇجۇدلىرىنى ئىلىم ۋە مىللەت تەربىيىسى يولىدا پىدا ئېتىپ، ئىنسانىيەت ۋە مىللەت ئەۋلادى ئالدىدىكى خىزمەتلىرىنىڭ ئوندىن بىرىنى ئادا قىلالىغانلىقلىرىغا ئىشەنچ ھاسىل ئېتەلمەيۋاتقان يەردە، بىزلەردە مىللەتكە بولغان بۇرچ چاي ئىچىشكە ئوخشاش يەڭگىل بىر ھەرىكەت بىلەن ئادا ئېتىلمەكتە.

# خانىم-قىزلار سەمىگە[1]

## خۇش پىچىملىق

بەلكىم بۇ خۇسۇستا ئالاھىدە سۆزلەش ئايرىملارغا ئورۇنسىزدەك تۇيۇلار. شۇنداق بولسىمۇ كېلىڭ، ئازراق بولسىمۇ بالاغەت يېشىدىكى قىزلارنىڭ گىگىناسىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە سۆزلىشەيلى.

ياشلىقنىڭ ئۆزى گۈزەللىك. ياشلىقنىڭ ئۆزى نەپىسلىك. ياشلىقنىڭ ئۆزى سالامەتلىك. بۇ ھەقتە چوڭلاردىن—بوۋىلىرىڭىز، مومىلىرىڭىز ھەدىلىرىڭىزدىن كۆپ ئاڭلىغانسىز ئەلۋەتتە.

لېكىن ھازىر سىز شۇنداق ياشتىسىزكى، بۇنى تېخى چۈشىنىپ يېتەلمەيسىز. بالاغەتنىڭ، ئۆسۈشنىڭ كېيىنكى باسقۇچىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ھاياتىڭىز، مىجەز-خۇلقىڭىز، دۇنيا قارىشىڭىز بىر ئىزغا چۈشكەندىن كېيىن، ئىشىنىڭكى، ئالەم كۆزىڭىزگە چوڭلار ئېيتقاندەك تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنۈشكە

---

[1] «خانىم-قىزلار سەمىگە»—ئۆزبېكستاندا نەشر قىلىنغان «خوتۇن-قىزلار ئېنسىكلوپېدىيىسى» دىن تاللاپ نەشرگە تەييارلاندى. رىزائۇددىن ئىبن فەخرۇددىن قەلىمىگە تەۋە بولمىغان بۇ باب مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلدى.

باشلايدۇ. ئەمما هازىر بولسا سائەتسىرى ئۆسۈۋاتقان بويىڭىز ئۆزىڭىزگە غەيرىي كۆرۈنىدۇ، ئىنچىكە پۇت-قولىڭىز، تارغاققا بويسۇنمايدىغان چاچلىرىڭىز، سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزسىز چىقىۋاتقان مۇدۇر-چوقۇرلارنى قاياققا يوشۇرۇشنى بىلمەيسىز. توغرا، بۇ سىز ئۈچۈن بىر ئاۋارىچىلىق. ئەمما دەل مۇشۇ چاغدا ۋۇجۇدىڭىزغا پەرۋىش كېرەك. تاشقى قىياپىتىڭىزگە ئېتىبارىڭىز ئارتقانسېرى بۇ ئېتىبارنى، پەرۋىشنى توغرا يولغا سېلىشقا ئەلۋەتتە ئەڭ يېقىن سىردىشىڭىز — ئانىڭىز ياردەم بېرىدۇ.

رەڭگىڭىزنىڭ تىنىقلىقى، تېرىڭىزنىڭ سىلىقلىقى، چېچىڭىزنىڭ قارىلىقى — ياشلىقىڭىز، ساغلاملىقىڭىزنىڭ نىشانىسى. ئۇلارنىڭ ئۇزاق ۋاقىت شۇنداق تۇرۇشىنى بەكمۇ خالايسىز، ئەلۋەتتە. شۇنداق ئىكەن، هەر كۈنى ئەتىگىنى ئورنىڭىزدىن سەھەر تۇرۇڭ، ئىشنى ئەتىگەنلىك بەدەن چېنىقتۇرۇشتىن باشلاڭ. بەدەن چېنىقتۇرۇشنى ساپ هاۋادا بېجىرگىنىڭىز ياخشى.

بەدەن چېنىقتۇرۇش سىزنىڭ غەيرىي كۆرۈنگەن گەۋدىڭىزنى رۇسلايدۇ، ئۇگىلىرىڭىزنى تۈزلەيدۇ، بوغۇملارنىڭ پائالىيىتىنى، قاننىڭ ئايلىنىشىنى ياخشىلايدۇ. ئۆپكىنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، تاماقنىڭ هەزىم بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. نەتىجىدە بارا-بارا كېيىپىياتىڭىز ئېچىلىپ بارىدۇ. مۇنتىزىم بەدەن چېنىقتۇرۇش ئارقىلىق سىز گەۋدىڭىزنى بويسۇندۇرۇپلا قالماي، ئىرادىلىك، مەقسەتلىك، چىداملىق، باشقىلارغا مېھرىلىك بولىسىز. بۇ پەزىلەتلەر كەلگۈسى سىزگە زور ئەسقاتىدۇ.

تازىلىقنىڭ ساغلاملىقنىڭ بىرلەمچى شەرتى ئىكەنلىكىنى بىلىسىز. ئازادىلىك، خۇش پىچىملىق، پاكىزلىقنى بىر ئۆمۈر

ئۆزىڭىزگە ھەمراھ قىلسىڭىز، ئىشىنىڭكى، ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە "پەرىشتەدەك قىز ئىكەن" دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلايسىز. ھېچقانداق بىر نەرسە ئىنسانغا ئازادىلىك، خۇش پېچىملىق ۋە پاكىزلىق كەبى ئىشەنچ ۋە روھىي مۇۋازىنەت بەخش ئېتەلمەيدۇ.

كىمخابتىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىپ، زىبۇزىننەتلەرنى تاقاپ بىر سورۇنغا كىرگىنىڭىزدە، تۇنجى تەبەسسۇمىڭىزدا چىقىشىڭىزنىڭ سېرىقى كۆرۈنسە كىشىلەرنىڭ سىز ھەققىدىكى پىكرى ئۆزگىرىدۇ. سىزنىڭمۇ روھىي مۇۋازىنىتىڭىز بۇزۇلىدۇ. ئەك يېڭى مودا بىلەن كىيىنسىڭىزمۇ چاچلىرىڭىز تۇزۇپ تۇرغان بولسا، كىشىلەر ھەرگىز سىزنى خۇش پېچىم دېمەيدۇ.

يېڭى، چىرايلىق كىيىملەر پاكىز بولمىغان بەدەننى يوشۇرالمايدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، يۇيۇلمىغان يۈزىڭىزگە قانچە ئۇستىلىق بىلەن پەرداز قىلماڭ، تېرىڭىزنىڭ تازا ئەمەسلىكى بەرىبىر بىلىنىپ تۇرىدۇ.

سەزدىڭىزمۇ، خۇش پېچىملىق سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە كېرەك. ئىنسان بەدىنىنى بىراۋ ئۇچۇن تازا تۇتىدۇ دېيىش كۈلكىلىك. دەرۋەقە، تازىلىق، خۇش پېچىملىق پەقەت سىزگە كېرەك.

ئۆز خانىڭىز، ئالاھىدە خانىڭىز بولمىسا ئۆزىڭىز يېتىپ قوپىدىغان جايىڭىز، ئوقۇش قوراللىرىڭىز قويۇلىدىغان يەر ۋە ئىچ كىيىملىرىڭىزنىڭ ئەھۋالى سىزنىڭ قانچىلىك چېچەن، پاكىزلىقىڭىزنى كۆرسىتىدۇ. بۇلارنى بىراۋ كۆرمىگەن بىلەن ئۆزىڭىز كۆرىسىز. بۇلار سېزىلمىگەن ھالدا كەيپىياتىڭىز، روھىيىتىڭىزگە تەسىر قىلىدۇ.

كىتاب-دەپتەرلىرىڭىزنىڭ ئەھۋالىمۇ سىزنىڭ قانداق قىز ئىكەنلىكىڭىزنى نامايان قىلىدۇ. پاپاق، ئاياغ كىيىملىرىڭىزمۇ

ھەم شۇنداق. بۇلار ھەققىدە ئانىڭىزمۇ سۆزلىسە كېرەك؟ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى، تەلەپلىرىنى ھەرگىز رىغىرلاش دەپ چۈشەنمەڭ. ئۇ مۇشۇ ئىشلارنىڭ كېيىنچە ھايات تەرتىپىڭىزگە ئايلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ.

## تاشقى قىياپىتىڭىز

قانداقلا بولمىسۇن، بىرىنچى باھانى تاشقى قىياپىتىڭىزگە قاراپ ئالىسىز. بىر قاراشتىلا يۈرەكنىڭ "جىغ" قىلىشىمۇ تاشقى قىياپەتكە باغلىق. كىشىنىڭ تاشقى قىياپىتىنىڭ ئۇنىڭ ئىچكى ئالىمىنىڭ ئەينىكى ئىكەنلىكىمۇ راست. چۈنكى سىزنىڭ تاشقى قىياپىتىڭىز — قەددى-قامىتىڭىز، يۈز-كۆزىڭىز، قول-پۇتىڭىز، يۈرۈش-تۇرۇشىڭىز، قىسقىسى پۈتۈن ئىش-ھەرىكىتىڭىز تەقدىرىڭىزنى بەلگىلەيدۇ. بۇ سىزنىڭ باشقىلار بىلەن دوستلىشىش، ئائىلىڭىز ۋە كېلەچىكىڭىزنى قۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چوڭ بولغانسېرىڭىز سىزمۇ بۇنى پەقەت خوتۇن-قىزلاردىلا بولىدىغان ئىچكى سەزگۇ بىلەن سېزىسىز. شۇنىڭ ئۇچۇن سىز گۈزەل ۋە يېقىملىق بولۇشقا ئىنتىلىسىز، تەڭتۇشلىرىڭىز شۇنداقلا ئەتراپتىكى كىشىلەرنى ئۆزىڭىزگە جەلپ قىلىش، ئۇلاردا ياخشى ۋە خۇش تەسىرات قالدۇرۇش سىز ئۇچۇن ئالىي مەقسەت بولۇپ قالىدۇ. قىسقىسى، باشقىلارغا قارىغاندا چىرايلىقراق بولسام دەيسىز.

ھەر گۈلنىڭ ئۆزىگە خاس پۇرىقى بار دېگەندەك، ھەربىر قىزنىڭ ئۆزىگە يارىشا جازىبىسى بار. دەل ھازىر سىز ئۆز

جازىبىڭىزنى تىكلەيدىغان ۋە ئۇنى يۈكسەلدۈرىدىغان ياشتىسىز. بۇ سىزنىڭ قەددى-قامىتىڭىزنى قانداق تۇتۇش، كىيىنىش، يۈرۈش-تۇرۇش، ھەتتا تاماقلىنىشتا ھەم باشقىلارغا خاس بولغان ئۇسۇل-ئۇسلۇبلاردىن پەقەت ئۆزىڭىزگە يارىشىدىغىنىنى تاللاپ ئۆزلەشتۈرۈدىغان دەۋرىڭىزدۇر.

تاشقى قىياپىتىڭىزنىڭ گۈزەل، نۇقسانسىز ۋە مۇكەممەل بولۇشىنىڭ ئاساسىي ئامىلى ئەلۋەتتە ساغلاملىقتۇر. ئۇلۇغ ھېكىم ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا "بەدەن چېنىقتۇرۇش ساقلىقنى ساقلاشتا ئۇلۇغۋار ئۇسۇلدۇر" دەپ بىكار ئېيتمىغان. "ھەرىكەتتە بەرىكەت" دېگەن خەلق ماقالىنىڭ ھېكمىتىمۇ شۇ يەردە. ئورگانىزمىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشى، قەددى-قامەتنىڭ راۋۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن جىسمانىي ئەمگەك ۋە بەدەن چېنىقتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ كېرەكلىكى ھەققىدە كۆپ ئاڭلىغانسىز. ئاتا-ئانىڭىز ۋە ئوقۇتقۇچىلار ھەتتا سىز ئوينايدىغان ئويۇنلاردىمۇ جىسمانىي تەربىيە ئېلېمېنتلىرىنىڭ بولۇشىنى ئىستەيدۇ.

## سەرۋى قامەت

"سەرۋى قامەت قىز ئىكەن" دېگەن ئىبارىنى كۆپ ئاڭلىغانسىز. قامىتى تىك، ئالىپتە قىزلارغا مېھىر بىلەن شۇنداق سۆپەت بېرىلىدۇ. دېمەك، ئايال كىشىنىڭ، خۇسۇسەن قىزلارنىڭ گۈزەللىكى ۋە لاتاپىتى چىرايىنىڭ ئىللىقلىقى، چېچىنىڭ بوستانلىقى ياكى ئۇزۇنلۇقى، قاش-كۆزلىرىنىڭ چىرايلىقلىقىدا

ئەمەس، بەلكى قامىتىنىڭ تىك ۋە كېلىشكەنلىكى بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ. قامەتنى رۇس تۇتۇش كۆپ جەھەتتىن ئىنسان تېنىدىكى ئەزالارنىڭ ئۆزئارا ماس كېلىشى، شەكلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. پۈتۈن گەۋدىنى زورۇقتۇرۇپ، ھالىدىن كەتكۈزۈدىغان ئېغىر ئىشلارنى قىلىشمۇ گەۋدىنىڭ ناتوغرا راۋاجلىنىشىغا ئېلىپ بارىدۇ. كۆزەتسىڭىز، مەكتەپتىكى جىسمانىي تەربىيە دەرسلىرىدىن باشلاپ چوڭ ياشلىقلارنىڭ مەخسۇس بەدەن چېنىقتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىشلىرى بۇ نۇقسانلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا قارىتىلغانلىقىنى بىلىسىز. ۋاقتىدا بەدەن چېنىقتۇرۇش قەددى-قامەتنىڭ بېجىرىم، نازۇك ۋە كۆركەم بولۇشىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بەدەن چېنىقتۇرۇش مەشىقلىرى تۈپەيلى مۇنتىزىم ھەرىكەتتە بولىدىغان كۈچلۈك شۇنداقلا ئەۋرىشىم بولغان مۇسكۇللار قامەتنى گۈزەللەشتۈرىدۇ، ھەرىكەتلەرنى نازۇكلاشتۇرىدۇ. يەڭگىل ۋە ئەركىن ھەرىكەتلەر ئايال كىشىنىڭ تېنىدىكى ياغ توقۇلمىلىرىنىڭ بەدەنگە تەكشى تارقىلىشى، مۇسكۇللارنىڭ نازۇك، بەدەننىڭ ئۆزگىچە خاس بولۇشىنىڭ ئاساسى. شۇنداق ئىكەن، ئەلۋەتتە بەدەن چېنىقتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئېرىنمەڭ. مۇھىمى ئۆزىڭىزگە دىققەت قىلىپ، ئۆزىڭىزنى كۆزىتىشكە ئادەتلىنىڭ. مەسىلەن، سىز ئۆيدە، ئوقۇشتا، ئىشتا، كوچىدا، دۇكاندا ئۆزىڭىزنى قانداق تۇتۇۋاتقانلىقىڭىزغا ئېتىبار بېرىڭ. تېنىڭىزنى ھەمىشە تىك تۇتۇشقا ئادەتلىنىڭ. ئۆزىڭىزنى بوش قويۇۋەتسىڭىز تېزلا شۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قالىسىز. ئەكسىچە ئۆزىڭىزنى كۆزىتىپ، يالغۇز قالغان چاغلىرىڭىزدىمۇ بوشىشىپ، مۈكچىيىپ ئەمەس، قەددىڭىزنى تىك تۇتۇپ، نازۇكلۇق، لاتاپەت بىلەن يۈرسىڭىز، ئىشىنىڭكى، بۇنىڭغا

تېزلا ئادەتلىنىپ قالىسىز.

سەرۋى قامەت بولۇشنىڭ ھېچقانداق قىيىن يېرى يوق. ئەمما ئۇ سىزدىن ئىرادە تەلەپ قىلىدۇ. شۇ تۇپەيلى سىز ئۆزىڭىزدىن، قامىتىڭىزدىن رازىمەنلىك ھېس قىلىسىز. بۇ سىز ئۈچۈن بەكمۇ زۆرۈر تۇيغۇ.

## لەرزان يۇرۇش

"يېڭى كېلىندەك لەرزان يۇرۇش" دېگەن بۇ گەپنى كۆپ ئاڭلىغانسىز. يېڭى كېلىننىڭ چىرايلىق، لەرزان يۇرۇشىدە ئۆزىگە خاس ئىبا، ئىپپەت، نازاكەت ۋە گۈزەللىك بولغانلىقى ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئۇلارغا مەھلىيا بولۇپ باققانسىز. بۇنىڭ سىرىنىڭ نېمىدە ئىكەنلىكىنى بىلىشنى خالامسىز؟ يېڭى كېلىنگە ھەممە كىشىنىڭ قىزىقسىنىپ قارايدىغانلىقىنى ئۇلار ئۆزلىرى ياخشى بىلىشىدۇ. شۇڭا ئۇلار ھەربىر ھەرىكەتلىرىنى ئۆزلىرى ئىنچىكە نازارەت قىلىشىدۇ. نەتىجىدە كەلسە-كەلمەس ئەمەس، لەرزان، چىرايلىق يۇرۇشىدۇ. خالىغانچە قاقاقلاپ كۈلمەيدۇ، ئەكسىچە چىرايلىق، يېقىملىق تەبەسسۇم قىلىدۇ. كېلىنلىك ۋاقتىدا ھەممە قىلىقلىرىنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى ئىستەيدۇ. ئاخىرى ئىستەك ۋە ھەرىكەت ئۇيغۇنلىشىپ، ئۆزىنى شائىرانە ئوخشىتىشلارغا لايىق تۇتىدۇ. مۇشۇنداق ئىستەك ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ سىلەرگە مەڭگۈلۈك ھەمراھ بولۇشى كېرەكلىكىنى سەمىڭلارغا سالماقچىمىز.

ئەپسۇسكى، ھەممىلا قىز-ئاياللار چىرايلىق يۇرۇشنى بىلىپ كەتمەيدۇ. كىمدۇر بەكلا ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىۋېلىپ،

قاڭقىپ زورغا قەدەم باسىدۇ. يەنە كىمدۇر قوللىرىنى شىلتىپ، يوغان-يوغان قەدەم سېلىپ ماڭىدۇ. ئايرىملار پاشنىسىنى لىكىلدىتىپ، ئۆزىنى تاشلاپ، غەيرىي قىلىقلارنى قىلىپ ماڭىدۇ. مۈكچىيىۋېلىپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ ماڭىدىغانلار، يەلكىسىنى ئېتىپ، يانپاشلىرىنى تولغاپ ماڭىدىغانلارمۇ بار. بۇنداق ئاياللار يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئۆزلىرىگە نازارەت كۆزى بىلەن قارىمايدۇ.

ئۆز قەدىمىگە ئېتىبار بېرىدىغان، يۇرۇش مەدەنىيىتىنى ئۆزلەشتۇرۇشكە ئىنتىلىدىغان خوتۇن-قىزلار قەدەملىرىنى يەڭگىل تاشلايدۇ. ئۇلارنىڭ قەدەم بېسىشلىرىدا، قول، يەلكە ھەرىكەتلىرىدە ئاياللارغا خاس بولغان جازىبە، لاتاپەت، نەپىسلىك مۇجەسسەملەشكەن. گەۋدىڭىزنى توغرا تۇتۇپ، بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ، بىرخىل ھالەتتە يەڭگىل قەدەم تاشلىسىڭىز سىزمۇ شۇ خىل لاتاپەتكە ئېرىشىسىز. شۇنداق ئىكەن، تېنىڭىزنى مۈكچەيتمەي، قورساقنى ئىچىگە تارتىشقا، يەلكىلىرىڭىزنى توغرا تۇتۇشقا ھەرىكەت قىلىڭ.

چىرايلىق، ئەركىن ۋە يەڭگىل يۇرۇشكە ئادەتلىنىشتە ئاياغنىڭ پۇتقا، ھاۋاغا ۋە مەۋسۇملەرگە ماس كېلىشىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەگەر سىز ئۆيدىمۇ، كوچىدىمۇ ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىپ يۇرسىڭىز بارا-بارا قىسقا-قىسقا قەدەم تاشلايدىغان بولۇپ قالىسىز. بۇنداق ئاياغدا پۇت تەبىئىي تۇرمىغانلىقى سەۋەبىدىن، سىز گەۋدىڭىزنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا كۆپ كۈچ سەرپ قىلىسىز. نەتىجىدە تېز چارچاپ قالىسىز. بەزى خوتۇن-قىزلار پۇتۇم كىچىك، بىجىرىم كۆرۈنسۇن دەپ كىچىك ئاياغ كىيىپ يۇرۇشىدۇ. بۇ ھالدا پۇت سىقىلىپ، ماڭغاندا ئازاب

چىكىدۇ. ھەتتا تۇرلۇك ئاغرىقلارغا گىرىپتار بولۇشى ھەم مۇمكىن. بىراق بەكلا يېسى، پاشنىسىز ئاياغدىمۇ چىرايلىق ماڭغىلى بولمايدۇ. ئاياغ پاشنىسىنىڭ ئوتتۇراھال بولغىنى ياخشى. بۇنداق ئاياغدا ئادەم يەڭگىل، لەرزان قەدەم تاشلاپ ماڭغىلى بولىدۇ. ئۆيدە كىيىدىغان ئاياغمۇ بىرئاز پاشنىلىق بولغىنى تۈزۈك. شۇنىڭدا پۇتلىرىڭىز ئۇنچە چارچىمايدۇ ۋە يېسى ئاياغقا كۆنۈپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. يەڭگىل، ئەركىن قەدەم تاشلاپ مېڭىش پۇت ئۇچۇن جىسمانىي مەشىق ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەيدۇ. ئەگەر ساغلام بولۇپ، چىرايلىق مېڭىشنى خالىسىڭىز كۆپ مېڭىڭ، شۇنداقلا پىيادە مېڭىڭ. قەددىڭىزنى تىك تۇتۇپ، بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ، قوللىرىڭىزنى سەل پۇكۇپ يەڭگىل قەدەم تاشلىسىڭىز، ئۆز بەدىنىڭىزگە كۆپ كۆيۈنگەن بولىسىز. بۇنداق ھالەتتە بارچە مۇسكۇللار دېگۇدەك ھەرىكەتتە بولىدۇ، قاننىڭ ئايلىنىشى ۋە ئۆپكىنىڭ ساپ ھاۋا بىلەن تەمىنلىنىشى ياخشىلىنىدۇ. مېڭىش ھەممە ئادەمنىڭ بېجىرىشى ئاسان بولغان بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيىتىدۇر. ئۇ قامىتىڭىزنى رۇسلايدۇ، يۈرۈشىڭىزنى تاكامۇللاشتۇرىدۇ.

مودا كىيىم كۆرسەتكۈچى قىزلارنىڭ قەدەم تاشلىشى ھەممە كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىدۇ. ئۇلاردەك نازۇ كەرەشمە بىلەن يۈرمىسىڭىزمۇ، ھەرھالدا ھەربىر قەدىمىڭىزدە زىبا، گۈزەللىك، جازىبە، دىلبەرلىك ئۇرغۇپ تۇرسۇن. شۇندىلا «يېڭى كېلىندەك لەرزان يۈرۈش» لاتاپىتى سىزگىمۇ نېسىپ بولىدۇ.

# پۇتنى ئاسراش

چىرايلىق پۇت ئايالغا ھۆسن بېغىشلايدۇ. پۇتتىكى كىچىككىنە نۇقسانمۇ نۇرغۇن كۆڭۈل غەشلىكىگە سەۋەب بولىدۇ. كۆپلىگەن قىز-جۇۋانلار پۇتلىرىنىڭ ناھايىتى ئىنچىكىلىكى ياكى ئەكسىچە يوغانلىقىدىن ئۇيىلىپ، بىئارام بولىدۇ، ئۇنى يوشۇرۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئايرىملارنىڭ پۇتلىرى بالىلىقتىكى راختىت كېسەللىكىنىڭ ئاسارىتى تۈپەيلىدىن ياكى ئاتا-ئانىلار، تەربىيىچىلەرنىڭ ئېتىبارسىزلىقلىرى، بالىنىڭ جىسمانىي تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكلىرى نەتىجىسىدە نۇقسانلىق بولۇپ قالىدۇ. ۋاقتى بولماي تۇرۇپ مېڭىشقا زورلانسا ياكى بالىنىڭ سەكرەپ، ئويناپ يۈرۈيدىغان ۋاقتىدا كۆپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلسىمۇ شۇنداق ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

بالىلىق ۋاقتىڭىزدىن باشلاپ قۇياش نۇرىدىن، ساپ ھاۋادىن، تەنگە دەرمان بولىدىغان دورىلاردىن قىسىلىپ قالمىغان بولسىڭىز، سەر خىل ئوتياش، مېۋىلەردىن تويۇپ ئىستېمال قىلغان، جىسمانىي تەربىيە بىلەن مۇنتىزىم شۇغۇللىنىپ كۆپ يۈرگەن، سەكرىگەن، سۇ ئۈزگەن بولسىڭىز بۇ ھەققتە تەشۋىشلەنمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. پۇتلىرىڭىز گەۋدىڭىز كەبى كېلىشكەن، سىلىق، چىرايلىق ۋە ئۈزۈن بولىدۇ. لېكىن بۇنداق ئىشلارغا ئارىلاشمىغان قىزلارمۇ سەۋر-تاقەت بىلەن ئىش تۇتسا نۇقسانلارنى تۈزىتىۋېلىشى مۇمكىن.

قامەتنىڭ توغرا ۋە پۇتلارنىڭ بېجىرىم بولۇشىغا ئېرىشىش

ئاسان ئەمەس. پۇتۇن گەۋدىڭىزنى ئاغرىتىدىغان ئاغرىقلىق باشقۇرۇشقا ئىگە بولالىسىڭىز، پۇتلىرىڭىزنى باشقۇرۇشمۇ ئانچە قىيىنغا چۈشمەيدۇ. ئولتۇرغىنىڭىزدا، تۇرغىنىڭىزدا، ماڭغىنىڭىزدا تېنىڭىزنى تىك تۇتۇڭ. دەسلەپ بۇ ئىش سىزنى بىئارام قىلىپ قويىدۇ، ئەمما كېيىن ئۆگىنىپ كېتىسىز، ھەرىكەتلىرىڭىز ئۆزىڭىز سەزمىگەن ھالدا چىرايلىق ۋە سالاپەتلىك بولۇپ كېتىدۇ.

كۆپ قىسىم ئاياللار يۇزلىرىنى ئىشتىياق بىلەن پەرۋىش قىلىدۇ-يۇ، پۇتىغا ئېتىبار بېرىشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ۋەھالەنكى، پۇتمۇ مۇنتىزىم پەرۋىشكە موھتاج. ياخشى پەرۋىش قىلىنمىغان، تېرىسى قۇرغاق، يېرىلىپ تۇرىدىغان، قاداقلىق، تىرناقلىرى كەمتۈك ياكى پورلىشىدىغان پۇتلار خۇنۈك كۆرۈنىدۇ.

پۇتنىڭ ساغلام ۋە چىرايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۇنى پەرۋىش قىلىش زۆرۈر. پۇت ئىلمان سۇدا يۇيۇپ تۇرۇلسا تېرىسى تازىلىنىدۇ، چارچاش كۆتۈرۈلۈپ، قان ئايلىنىشى راۋانلىشىدۇ. تاپان تېرىسى قۇرغاقلىشىپ يېرىلسا پۇتنى ھەر كۈنى ئىسسىق سۇغا چىلاش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

قىسقىسى، خوتۇن-قىزلارنىڭ پۇتلىرى ئۆز بەدىنىگە، قەددى-قامىتىگە ماس، يارىشىملىق بولۇشى كېرەك.

## كۆز—كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى

كۆز يۈزگە ئالاھىدە ھۆسن بېغىشلايدۇ. كۆز—ئالەمنى كۆرگۈچى، ئىنساننىڭ مەنىۋى دۇنياسى ۋە سالامەتلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى ئەينەكتۇر. كۆزگە تەرىپ بېرىلگەندە كۆپ ھاللاردا

"ئوتلۇق كۆزلەر"، "سېھىرلىك كۆزلەر"، "مېھىرلىك كۆزلەر" دېگەندەك ئوخشىتىشلار قوللىنىلىدۇ. دەرھەقىقەت كۆز كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى. ئىنساننىڭ قانداقلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىگە قاراش خاتا ئەمەس. قىزلارنىڭ كۆزى ئىبالىق، ھايالىق، مۇلايىم بولغىنى ياخشى. ساغلام كۆزلەر يۈزگە ھۆسن بېغىشلاش بىلەن بىرگە سالامەتلىك ئۈچۈن ھەم مۇھىم. ئايرىم ھاللاردا بەزى قىزلار كۆزۈم يەنىمۇ چىرايلىق بولسۇن دەپ، ھەر خىل بوياقلارنى بىلىپ-بىلمەي ئىشلىتىدۇ. نەتىجىدە كۆز ۋە قاپاقلىرى قىزىرىپ، ئەسلى چىرايلىق بولغان كۆزلەر خۇنۈكلىشىدۇ.

شامال، چاڭ-توزان، قۇياش نۇرى ۋە كۈچلۈك نۇر تەسىرىدىنمۇ كۆز ياشاڭغىرىشى، قىزىرىشى مۇمكىن. كۆزنىڭ چارچىماسلىقى ئۈچۈن قۇياش نۇرى كۈچلۈك بولغان چاغلاردا قارا كۆزەينەك تاقىغان ياخشى. بۇنى سۆلەتۋازلىقتا چىقىرىش توغرا ئەمەس. قاپاق ۋە كۆز گۆھىرى قىزىرىپ قالغاندا مايچېچەك ۋە يالپۇز دەملىمىسى (بىر ئىستاكان قايناقسۇغا بىر قوشۇقتىن سېلىنىدۇ) بىلەن يۇيۇش كېرەك. چاي دەملىمىسىدىن پايدىلانسىمۇ بولىدۇ. پاكىز داكا ياكى پاختىنى شۇ دەملىمىلەردە ھۆلدەپ 20 مىنۇت ئەتراپىدا كۆزگە بېسىپ بېرىلسىمۇ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

ئۇخلىغان ۋاقىتىدا كۆز ناھايىتى ياخشى دەم ئالىدۇ. ئۇندىن باشقا كۆزنى دەم ئالدۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك مەشىقلەرنى قىلىش مۇمكىن. بۇ مەشىقلەرنى ئۆرە تۇرۇپ ياكى ئولتۇرۇپ بېجىرىسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، بېشىڭىزنى مۇتلەق قىمىرلاتماستىن تۆۋەندىكى مەشىقلەرنى ئىشلەڭ:

1. ئاستا-ئاستا يۇقىرىغا، ئاندىن پەسكە قاراڭ.

2. كۆزنى ئاۋۋال سولدىن ئوڭغا، ئوڭدىن سولغا قاراپ چوڭ دائىرە بويىچە ھەرىكەتلەندۈرۈڭ.

كۆزنى قانداق پەرۋىش قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلارغا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس پەزىلەتلىرى ھەققىدىمۇ توختىلىپ ئۆتۈش لازىم. ئىنساندىكى بارلىق پەزىلەتلەر ئالدى بىلەن كۆزدە نامايان بولىدۇ. بولۇپمۇ مېھرلىك كۆزلەردە ھەقىقىي ئىنسانىي پەزىلەتلەر — سەمىمىيلىك، ھۆرمەت، مۇھەببەت، مېھرىبانلىق قاتارلىقلار ئۆزىگە خاس تەرزدە ئەكس ئېتىدۇ. كىشىلەرنىڭ "مېھىر كۆزدە" دېگەن سۆزىدە ناھايىتى چوڭ مەنا بار. كۆزگە قاراپ ئادەمنىڭ مىجەز-خۇلقىنى، كەيپىياتىنى، ھەتتا مەقسىتىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ "سۆزگە ئەمەس كۆزگە باق" دېگەن گەپ بار. بەزى قىزلارنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنسا، بەزىلەر "قويۇق، ئۇنىڭ كۆزى قاتتىق" دەپ، بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئۇنىڭ قانداقلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. يەنە بەزى قىزلار ھەققىدە گەپ بولغاندا "ئۇنىڭ كۆزلىرى مۇلايىم، يامانلىق كەلمەيدۇ" دېيىشىدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ گەپلەر ئاساسسىز ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆزلەردە ھايا، ئىبا، مېھىر بولغىنى ياخشى. بولۇپمۇ كېلىنلەرنىڭ، ئاياللارنىڭ كۆزلىرىدە مېھىر، ھايا، ئىبا بولسا تۇرمۇشى گۈزەل، خاتىرجەم بولىدۇ. ئۆيلەرنىڭ ھاۋاسىنىڭ ئىللىق تەپتىنى مېھرلىك كۆزلەردىن بىلىۋېلىش مۇمكىن. قىزلارنىڭ كۆزلىرى مېھرلىك، يېقىملىق بولسا يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولۇشى ئېنىق.

# مەنىۋى گۈزەللىك

يۇقىرىدا قىزلارنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشى توغرىسىدا سۆزلەشتۇق. سىزىپ تۇرۇۋاتىمىز، بەلكىم ئىچىڭىزدە "بۇلارمۇ ياخشى، لېكىن ئىنساننىڭ كامىل ئىنسان بولۇپ يېتىشىشىدە بۇلار تېخى كەملىك قىلىدۇ" دەپ ئويلاۋاتقانسىز. توغرا، ئۇنداقتا قانداق ئادەملەرنى كامىل ئىنسان دەيمىز؟ سىز بۇ سوئالغا كۆپ ئويلاپ ئولتۇرمايلا ئەقىللىق، ئەدەپلىك، كەمتەر، بىلىملىك، ئەمگەك سۆيەر، ۋەتەنپەرۋەر، خۇش مۇئامىلىلىك دېگەنلەرنى سانايسىز، ئەلۋەتتە. توغرا، كامىل ئىنسان جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام، مەنىۋى جەھەتتىن گۈزەل بولۇشى كېرەك. سىز كىشىلەر ئارىسىدا "ئىچى چىرايلىق ئادەم" دېگەن ئىبارىنى ئاڭلىغانسىز؟ قەلبى ساپ، نىيىتى پاك، ھالال، كەمتەر، مەدەنىيەتلىك، بىراۋنىڭ دەردىنى چۈشىنىدىغان، ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدىغان، ياخشىلىقنى قەدىرلەيدىغان كىشىلەرنى شۇنداق دەپ ئاتىشىدۇ. بۇلار مەنىۋى جەھەتتىن گۈزەل ئادەملەردۇر. دېمەك مەنىۋىيەت دېگەندە، ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، روھىيىتىنى، ئەخلاقىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك.

شۇنداق ئادەملەر بولىدۇكى، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇمىغان، ھەتتا ئوتتۇرا مەكتەپنىمۇ تولۇق پۈتتۈرمىگەن، شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپىمۇ ئاددىي. لېكىن قەلبى باي، دۇنيا قارىشى كەڭ، گەپ-سۆزلىرى مەزمۇنلۇق، سۆھبەتلەشسىڭىز دىلىڭىز يايراپ كېتىدۇ. مەنىۋى گۈزەللىك كىشىگە مەلۇماتتىن، مەنسەپتىن،

ھۆسن-چىرايىدىن، كىيىمدىن ئارتۇق ھۆرمەت، ئېتىبار ئاتا قىلىدۇ. مەنىۋىيىتى گۈزەل قىزنىڭ كىيىنىشى، مۇئامىلىسى، ئۆزىنى تۇتۇشىنى بىلىشى ئەتراپلىق بولىدۇ. گەپنى ئويلاپ سۆزلەيدىغان، ئېھتىياتچان، ھايالىق قىزلارنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقىمۇ چىرايلىقتۇر. ئابدۇللا قادىرنىڭ «ئۆتكەن كۈنلەر» رومانىدىكى كۈمۈش ئوبرازىنى ئەسلەڭ، ئۇ ئىچكى ۋە تاشقى گۈزەللىك ئۇيغۇنلۇقىنىڭ يارقىن نەمۇنىسىدۇر. كىشىلەرنى مەپتۇن قىلغان نەرسە ئۇنىڭ چىرايىدىكى لاتاپەتلا ئەمەس، ئاساسلىقى، ئالىيجانابلىقى، دانالىقىدۇر. كۈمۈشنىڭ پىكىر ۋە تۇيغۇلىرى، ئەقىل-پاراستى، قەلبىدىكى گۈزەللىك ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىگە جازىبە بەخش ئېتىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتابېك ئۇنى مۇقەددەس بىر تۇيغۇ بىلەن سۆيىدۇ.

مەنىۋى گۈزەللىك ئىنسانلارغا خاس بولغان پەزىلەتلەرنى ئىگىلەشتىن، ئىنساننى، ئاتا-ئانىنى، ئۇستازلارنى قەدىرلەشنى ئۆگىنىشتىن، كىچىكلەرنى ئىززەت قىلىشقا ئادەتلىنىشتىن باشلىنىدۇ. ئىچكى ئالەمنىڭ تاشقى ئالەمنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارماڭ. ئېگىز قالاق، مەدەنىيىتى تۆۋەن، مىجەز-خاراكتېرى ئېغىر قىز ھۆسن-لاتاپەتتە تەڭداشسىز بولسىمۇ مەنىۋىيىتى گۈزەل بولالمايدۇ.

## قىزلارنىڭ روھىيىتى

بىزنىڭ سەزگۈلىرىمىز، ئىدراك، تەسەۋۋۇر، پىكىر، ھېس-تۇيغۇ، ئىنتىلىشلىرىمىز ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھالەتلەر

روھىيەت دېگەن سۆز بىلەن ئاتىلىدۇ. قىزلار روھىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە كامال تېپىشىدا بالاغەت دەۋرى مۇھىم باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ. دەل مانا شۇ دەۋردە ئۇلاردا ئەقلىي جەھەتتە تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ يېتىش قابىلىيىتى شەكىللىنىدۇ. ئالەمگە، ئادەمگە قىزىقىشلىرى كەسكىن ئارتىدۇ.

بۇ دەۋردە، قىزلارنىڭ روھىيىتىدە كۆپىنچە بىقارارلىق بەلگىلىرى نامايان بولىدۇ؛ سەۋەبسىز كەيپىياتى ئۆزگىرىدۇ، ئۆز خىياللىرىدىن قىينىلىدۇ. كۆپ ساندىكى قىزلارغا چوڭلار ئۇلارنى چۈشەنمەيۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. ھەممە نەرسىنى ئۆزىگە ئالىدىغان، گاھ زەردىسى قايناپ، گاھ ئويناپ، گاھ شوخلىشىپ كېتىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ تەبىئىي ھال. چۈنكى، روھىيەتتە قارىمۇقارشىلىق كۆچىيىدىغان "بالىلىق" ۋە "چوڭلۇق" ئۇيغۇنلىشىپ كېتىدىغان دەۋر دەل بالاغەتكە يېتىش دەۋرىدۇر. شۇ سەۋەبتىن خۇلقتا ئىزچىللىق بولمايدۇ، يۈرۈش-تۇرۇشتا كەسكىن ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىدۇ. بۇ دەۋردە كۆپرەك "چوڭلۇق" — كېلەچەك ئۈستۈن كېلىپ، قىزلار ھاياتتا مۇستەقىل بولۇشقا ئىنتىلىدۇ. ھايات تەجرىبىسى كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئەدەبىي ئوبرازلارغا، كىنو قەھرىمانلىرىغا تەقلىد قىلىدۇ. ئەجابىي قەھرىمانلاردىن روھلىنىش ياخشى نەتىجىلەرگە ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇلاردىن ئۈرنەك ئالغان قىزلار خاسىيەتلىك ئىشلارنى قىلىشقا، ئۆزلىرىنىڭ ياخشى خىسلەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ قىزلارنىڭ قىزىقىشلىرى ئادەم ۋە بىۋاستە ئۇنىڭ تۇرمۇش ساھەلىرى — كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئىستېمال بۇيۇملىرى، كىيىم-كېچەك، ئۆي ئىشلىرى ئۈستىگە مەركەزلىشىدۇ. شۇنى ھېسابقا ئېلىپ، قىزلارغا كىچىك

ۋاقتىدىن باشلاپلا ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىش، ئايرىم ئىشلارنى ئۆزلىرى قىلىشنى ئۆگىتىپ بېرىش لازىم. قىزلار كىر يۇيۇش، ئۆي يىغىشتۇرۇش، چىنە-قاچىلارنى يۇيۇپ تازىلاش قاتارلىق ئىشلارنى قىلغاندا ئانىلار بۇ ئىشلارنىڭ ئۆزىگە خاس تەرەپلىرىنى مالال كەلمەيدىغان تەرزدە چۈشەندۈرۈپ بارسا، ئۇلارنىڭ قىلمۋاتقان ئىشقا مېھرى كۆچىيىدۇ ۋە كېيىن چوڭلار ئەسكەرتمىسىمۇ ئاشۇ ئىشلارنى ئۆزى قىلىشقا ئادەتلىنىدۇ.

قىز بالىلاردا ۋەسىلىك يەنى پەرۋىش قىلىش، غەمخورلۇق قىلىش كەبى خۇسۇسىيەتلەر ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنى ئۇلارنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئانىلىق بۇرچىنىڭ نامايان بولۇشى دەپ ھېسابلاش لازىم. ئەنە شۇ پەيتتە قىزلارنىڭ شارائىتقا ماسلىشىش، قەيەردە ۋە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولمىسۇن ئۆزلىرىگە تېز ئورۇن تېپىپ كېتىش، يېڭى ۋەزىيەتكە كىرىشىش كەبى پەزىلەتلىرى بىخلىنىشقا باشلايدۇ. ئۇلار كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە خېلى سەزگۈر بولۇپ قالىدۇ، بۇ مۇناسىۋەتلەرنى تۇرمۇشتا قەدىرلەيدۇ، ئۆز جىنسداشلىرىغا تەئەللۇق ئەخلاق نورمىلىرىغا ھوشيارلىق بىلەن ئېتىبار بېرىدۇ ۋە بۇ نورمىلارنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ئىزتىراپ چېكىدۇ.

بالاغەتكە يېتىش جەريانىدا جىنسىي ئاڭ يېتىلىشكە باشلايدۇ. باشقا جىنسقا نىسبەتەن قىزىقىش پەيدا بولىدۇ، لېكىن بۇ قىزىقىش تولۇق يېتىلگەن كىشىگە خاس بولغان دەرىجىدە بولمايدۇ. بالاغەت يېشىدىكى قىزلاردا باشقا جىنستىكىلەرگە نىسبەتەن ئۆزىگە خاس بىرخىل مۇناسىۋەت—مەنىۋى مۇھەببەت پەيدا بولىدۇ. ئەنە شۇ پەيتتە ئانىلار ئالاھىدە سەزگۈر بولۇشلىرى، قىزلارغا دىققەت قىلىشلىرى، ئۇلارغا چوڭلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشلىرى

لازىم. چۈنكى ئۇ يىلاشماي ئېيتىلغان بىر ئېغىز سۆزمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشى مۇمكىن.

بۇ ياشتا قىزلار يىگىت-قىز مۇناسىۋىتىنى ئەڭ نازۇك، ئەڭ سۆزۈك دەپ چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاجايىپ سىرلىقلىق، ئىلاھىيلىقنى ھېس قىلىدۇ. ھەقىقىي مۇھەببەت بىخلىرىمۇ ئەنە شۇ دەۋردە شەكىللىنىشى مۇمكىن. ئۇنى ساختىلىقتىن، بىر تەرەپلىمىلىكتىن، بىمەھەل ئېچىلىش ۋە سولۇشتىن ئاسراش ئانىلارنىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

قىزلارنى مەنىۋى جەھەتتىن كامال تاپتۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ روھىيىتىگە مەسئۇللۇق، بۇرچ، ئۇيات، مېھرىبانلىق، پىدائىيلىق، ۋاپا كەبى خىسلەتلەرنى سىڭدۇرۇپ بېرىش لازىم. قاندىن قانغا سىڭىپ كېلىۋاتقان ئۇيات تۇيغۇسى، ئەۋلادلارنىڭ شەنىنى پاك ساقلاش يولىدىكى ئەندىشە تۇيغۇسى قىزلار ئۈچۈن جاۋاھىرلاردىنمۇ قىممەتلىكتۇر.

## ئىپپەت

ئىپپەت —ۋىجدانىي پاكلىق، نومۇس، ھايا دېگەنلىكتۇر. قىزلارنىڭ تەبىئىتىگە خاس پاكىزلىق، ھايا، نەپىسلىك، زىبالىق، ھوشيارلىق كەبى پەزىلەتلەر ئۇلارنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن، لاتاپىتىگە لاتاپەت قوشىدۇ. قىزنىڭ ھۆسنى—يېرىم بايلىق، ئەقلى بولسا خەزىنە. ئۇلۇغ ئالىم ئىبن سىنا: "ئىنساندا مەڭگۈ تۇرىدىغان ھۆسن ۋە لاتاپەت ھايا بىلەن ئىپپەتتۇر، ھاياسىز يۈز جانسىز جەسەت كەبىدۇر" دېگەن ئىدى. دەرھەقىقەت ئادەمنى ئۆزگە

تارتىدىغان، ئىسسىق كۆرسىتىدىغان نەرسە — كىشىنىڭ ھايا ۋە ئىپپىتىدۇر. شەرق دانىشمەنلىرى ئىپپەت دېگەندە ئۆز ھېسسىياتى، ھەۋەس ۋە نەپسىنى تىزگىنلەش، نورماللىقنىڭ قائىدە-قانۇنلىرىغا رىئايە قىلىش، ھەرقانداق ئىشتا، پائالىيەتتە ئارتۇقچىلىققا يول قويماسلىق" دەپ قارايدۇ.

قىزلارنىڭ ئەڭ گۈزەللىكى ھايا ۋە ئىپپەت پەردىسىگە ئورالغىنىدۇر. ھەقىقەتەنمۇ قىزلار قەلەم قاش، شەھلا كۆز، ئۆزۈن چاچ، كېلىشكەن، گۈزەل بولسىمۇ شەرم-ھايالىق بولمىسا، ئۇلارنى ھېچكىم گۈزەل دېمەيدۇ. ئىپپەتلىك قىز دېگەندە كۆز ئالدىمىزغا تەبىئىتى مۇلايىم، ئەقىل-پاراسەتلىك، ھايالىق، نومۇسچان، ئاتا-ئانىغا مېھرىبان، قېرىنداشلىرىغا كۆيۈمچان، چوڭ-كىچىكلەرگە ئېتىبارلىق قىز نامايان بولىدۇ ۋە بۇنداقلار كۆزىمىزگە چىرايلىق، يېقىملىق كۆرۈنىدۇ.

ئىپپەتلىك قىزلار ئۆزلىرىگە تەلەپچان، ھايالىق بولىدۇ. يۈرۈش-تۇرۇش، كىيىنىش، مۇئامىلە، مۇناسىۋەتلەردە قىزلىق شەنىگە يارىشا ئىش تۇتىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا كالتە، تار، كۆكرىكى چوڭ كىيىملەرنى كىيىش، مەمەدانلىق، چاكىنا قىلىق، ئورۇنسىز ھەرىكەتلەرنى قىلىشنى ئۆزلىرىگە ھار ئالىدۇ. ئىپپەتلىك قىزلار بولۇپمۇ يىگىتلەرنىڭ ئالدىدا، چوڭلار بار سورۇنلاردا ئۆزلىرىنى قانداق تۇتۇشنى ياخشى بىلىدۇ. ھەربىر قەدىمىنى ئويلاپ باسىدۇ.

قىز بالا ئۆزىنىڭ تەبىئىي چىرايى بىلەن يېقىملىقتۇر. ئۇنىڭغا يەنە پەرداز قىلىش ئۇنى سۈنئىيلەشتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. بولۇپمۇ ھەددىدىن زىيادە پەرداز قىلىش، كەلسە-كەلمەس زىبۇزىننەتلەرنى تاقاش، قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كىيىش

قىزلارنى يەڭگىلىتەك، قونچاق سۈپەت كۆرسىتىپ قويۇشى مۇمكىن.

## قىزلارنىڭ شەنى

قىزلارنىڭ نامىغا ئىلەشكەن يامان داغ—نومۇسنىڭ كېتىشى بەكمۇ قىيىن. بەزىدە بايقىماي بېسىلغان تىكەننىڭ جەبرىنى بىر ئۆمۈر تارتىپ يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بەزىدە ئۇ كىشىنى ئۆمۈرۋايەت گۇمان، شۈبھە قىيناقلىرىغا دۇچار قىلىدۇ. بۇلارغا كۆپىنچە ئويلىماي ئىش قىلىش، ئىرادىنىڭ تىزگىنىنى ئازراقلا بوش قويۇۋېتىش سەۋەب بولىدۇ. ئىنسانىي پەزىلەتلەر، مەنىۋى قەدىر-قىممەتلەر ھەققىدە سۆز بولسا ئۇلارنىڭ قىزلاردا ئەڭ ئالىي دەرىجىدە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى قىز بالا مىللەتنىڭ كۆركى، مىللەتنىڭ كېلەچىكى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا قىزلار ناھايىتى نازاكەتلىك، ئىپپەتلىك، سەۋر-تاقەتلىك، ئاقىل، مېھرىبان بولۇشى كېرەك. ئەيىب ياكى گۇناھ ئىش قىلىپ قويغان باشقا ھەممە كىشىلەر ئەپۇ قىلىنىشى مۇمكىن، پەقەت قىز بالا ئەپۇ قىلىنمايدۇ.

بىراۋ سوراپتۇ:

— دۇنيادا ئۆلۈمدىن يامىنى نېمە؟

— قىزنىڭ ناقابىل بولۇشى!

بۇ دەھشەتنى باشتىن كەچۈرگەنلەرنىڭ دىلىدىنمۇ، تىلىدىنمۇ تېخىمۇ دەھشەتلىك نىدا چىقىدۇ:

— قىز ئاسىرىغاندىن كۆرە، تۇز ئاسىرىسام بولماسمىدى؟

مۇكچەيگەن قامەتلەر، ئېگىلگەن باشلارغا كېلىدىغان خۇلاسە ئۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىك:

— قىز كەلتۈرگەن نومۇس— ئۆلۈمدىن ئېغىر!

شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر قىزلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يېتۈك، كامىل ئىنسان بولۇپ ئۆسۈشى ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇنى «پاختىغا ئوراپ، چاڭ-توزان قوندۇرماسلىققا» ھەرىكەت قىلىدۇ.

## مۇئامىلە

ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بەلگىلەيدىغان مۇئامىلە ئىنسان يۈرىكىنى ئەينەك كەبى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. كىشىنىڭ سۆزىدىن، مۇئامىلىسىدىن ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش قىيىن ئەمەس. ئىنسان كامالىتىدە، ھاياتنىڭ تەرەققىياتىدا، بىرەر ئىش قىلىشتا، ئادەملەرنىڭ ساق-سالامەتلىكىنى ئاسراشتا مۇئامىلە ئاساسىي ئامىلدۇر. «بۇغداي نېنىڭ بولمىسىمۇ، بۇغداي سۆزۈڭ بولسۇن» دەيدۇ خەلقىمىز. رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمدە بىر پادشاھ ئۆز خىزمەتكارلىرىغا «ماڭا قوي گۆشىنىڭ ئەڭ تاتلىق يېرىدىن پىشۇرۇپ كەلتۈرۈڭلار» دەپ بۇيرۇپتۇ. ئويلاپ بۇ سۆزنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەن خىزمەتكارلار ۋەزىرگە مۇراجىئەت قىلىپتۇ. ۋەزىرنىڭمۇ بۇ مەسىلىگە ئەقلى يەتمەي ئۆزىنىڭ ئەقىللىق، دانا، كۆپ كىتاب ئوقۇغان قىزىدىن سوراپتۇ. قىز «قوينى سويۇپ،

ئۇنىڭ تىلىنى پادىشاھقا پىشۇرۇپ بېرىڭلار» دەپتۇ. ئۇلار قىزنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە قىلىپتۇ. ئەتىسى پادىشاھ «قوي گۆشىنىڭ ئەڭ ئاچچىق يېرىدىن پىشۇرۇپ كەلتۈرۈڭلار» دەپتۇ. خىزمەتكارلار يەنە ھەيران بولۇشۇپتۇ. ۋەزىرنىڭ قىزى بولسا «يەنە بىر قوي سويۇپ تىلىنى پىشۇرۇپ بېرىڭلار» دەپتۇ. خىزمەتكارلار شۇنداق قىلىشىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئەقلىنىڭ كىمدىن چىققانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلگەندىن كېيىن، قىزغا، ئۇنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە ئاپىرىن ئېيتىپ كاتتا توي-تاماشا بىلەن ئۇنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

شۇنداق، تاتلىقى ھەم تىل، ئاچچىقى ھەم تىل. خەلقىمىزدە «سۆيدۈرگەنمۇ تىل، بەزدۈرگەنمۇ تىل» دېگەن ئاجايىپ نەقىل بار. تاتلىق تىل بىلەن سەمىمىي مۇئامىلىدە بولۇشقا ئادەتلىنىش ھەربىر ئىنسانىنىڭ، بولۇپمۇ ھاياتىمىزنىڭ كۆركى بولغان خوتۇن-قىزلارنىڭ، ئانىلارنىڭ ئەڭ ئاساسىي پەزىلىتى ۋە بۇرچىدۇر.

ئەگەر قىز بالا گۈزەل، خۇش قامەت، زىبۇزىننەتلىرى جايىدا بولسىمۇ مۇئامىلىسى قوپال، چېچىلاڭغۇ بولسا، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ دىلىنى ئاغرىتسا، ئىشىنىڭكى، ئۇنى ھېچكىم، ھېچقاچان گۈزەللەر سېپىگە قوشمايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆڭلى قالىدۇ. ھېچقانداق نەرسە كىشىنىڭ ئەقلىنى مۇئامىلە كەبى نامايان قىلالمايدۇ. قىزلار ئۆزىگە قانچىلىك زىننەت بەرمىسۇن، مۇئامىلە مەدەنىيىتىنى، مۇئامىلە سەنئىتىنى بىلمىسە ھېچقاچان ئۆزگىلەرنىڭ ھۆرمەت ئېتىبارىغا سازاۋەر بولالمايدۇ. يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولۇش ئۈچۈنمۇ قىزلاردا ئالدى بىلەن مۇئامىلە سەنئىتى يۇقىرى بولۇشى كېرەك.

ياشلىقتىن باشلاپ قوپال، ئورۇنسىز، زەردىلىك سۆزلەرنى تىلغا ئالماسلىققا ئادەتلەنگەن ياخشى. چىرايلىق، مەنالىق، كىشىنىڭ روھىنى كۆتۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن پىكىر ئىزھار قىلىشقا، باشقىلارغا ئەدەپ بىلەن سۆزلەشكە ئادەتلەنسىڭىز ھاياتتا ئۆز ئورنىڭىزنى تېپىپ كېتىسىز. مۇئامىلىسى يېقىملىق ئايالنى كىشىلەر "دىلبەر ئايال" دېيىشىدۇ. ئىشىنىڭكى، شۇنداق نامغا سازاۋەر بولغان ئايال، ئەلۋەتتە بەختلىك بولىدۇ. مۇئامىلىنى بىلمەسلىك، تىلنى تىزگىنلىيەلمەسلىك، ئويلىماي سۆزلەشنىڭ ئاقىۋەتلىرى كىشىنى يامان ئاقىۋەتلەرگە، ھەتتا پاجىئەلەرگە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن.

لېكىن مۇئامىلىمۇ لايىقىدا بولمىقى زۆرۈر. ھەددىدىن تاشقىرى شېرىن سۆز بولۇش، تىل ياغلىمىلىق قىلىش، ئېيتقان سۆزگە ئۆزى ئەمەل قىلالماسلىق ئادەمنىڭ ئابرۇيىنى تۆكىدۇ. ئاچچىقىنى يۇتۇپ، ئەقىل ئىشلىتىدىغان، يا بىرەر گەپتىن قالىدىغان، ۋاقتى كەلگەندە ھەق گەپنى ئېيتىشتىن چۆچۈمەيدىغان ئادەملەر مۇئامىلىسىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن ئىززەت-ئابرۇي تاپىدۇ. ياخشى مۇئامىلە — بەخت-سائادەتنىڭ ئاچقۇچى.

## نازاكەت

"ئەگەر ئايال ئەرلىك داۋاسى قىلماي، ئاخىرىغىچە ئاياللىقىنى ساقلاپ قالسا، ئۇ كۆپرەك ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. ئاياللىكى ئايالغا خاس پەزىلەتلەرنى چەكلەپ، ئەرلىك خىسلەتلەرنى ئەۋج ئالدۇرۇش ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزۈش دېمەكتۇر" دېگەن ئىكەن

بىر دانىشمەن. بۇ پىكىرنى ئويلاپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ.

ئاياللىق— بۇ ئايالغا خاسلىق. ئەنە شۇنىڭ ئۆزىدە ئايالغا خاس بولغان تاشقى ۋە ئىچكى دۇنيا ئەكس ئەتكەن. سۈپەتلەرگە كەلسەك، ئۇلار ناھايىتى كۆپ. لېكىن بىرىنچى بولۇپ قىز-ئاياللارغا نىسبەتەن "نازاكەت"، "يېقىملىق" سۆزلىرى ئىشلىتىلىدۇ. ئەنە شۇ سۆزلەردە قىز-ئاياللارغا خاس بولغان خۇلق، ئەخلاق، ئەدەپ ئەكس ئېتىدۇ.

قىزلارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى، گەپ-سۆزى نازاكەتلىك، يېقىملىق بولۇشى كېرەك. ئۇلارغا ئارتۇقچە ھەرىكەت، قوپال قول سىلكىشلەر ياراشمايدۇ. نازاكەت، يېقىملىق دېگەندە مۇلايىملىق، ئىش-ھەرىكەتتىكى نازۇكلۇق، يۇمشاقلىق چۈشىنىلىدۇ. قاتتىق سۆزلەش، قاتتىق كۈلۈش، قوللىرىنى شىلتىپ ھەممىنى ئۆزىگە قارىتىش قىزلارنى نازاكەتتىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ. دەرھەقىقەت، تىلى يېقىملىق، چىرايى گۈلگۈن قىز-ئاياللار ئۆز ئائىلىسىنىڭ بەخت-سائادىتى، ئاتا-ئانىسىنىڭ بەختى بولۇپلا قالماي، ئۆز ئېلىنىڭمۇ كۆركىدۇر.

دېمەك، قىز-ئاياللاردا، بىرىنچى نۆۋەتتە ئەقىل-پاراسەت، ئىدراك، نازاكەت بولۇشى كېرەك. ئەنە شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئېگىز-پەسنى، ئاچچىق-چۈچۈكنى، بار-يوقنى، ئائىلە شارائىتىنى، ئىمكانىيەتلەرنى پەملىيەلەيدۇ، ئەقلى-ھوشى بىلەن ئىش تۇتۇپ، كەم-كۈتىلەرنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئائىلىنىڭ بېشىغا بىرەر تەشۋىش چۈشكەندە دەرھال ھەمدەمدە بولىدۇ، ئەتراپتىكىلەرگىمۇ ھەمدەم، ھەمپىكىر بولىدۇ. بولۇپمۇ ئاياللارغىلا خاس بولغان ئۆلمەس نازاكەت ئەتراپتىكىلەرگە ھەمىشە قانات بېغىشلاپ كەلگەنلىكى ھەققىدە ھاياتتا مىساللار كۆپ. نازاكەت ھەمىشە مېھىر

بولىقىدىن سۇ ئىچىدۇ. مېھىر بولسا ئۆزىنىڭ ئايالىقىنى تونىغان، زىمىنسىدىكى ۋەزىپە ۋە بۇرچلارنى شەرەپ دەپ بىلگەنلەردە تىنماس بولاقتۇر.

دىلىدا مېھرى يوقنىڭ نازاكىتىمۇ يوق بولىدۇ. ئايال كىشى ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ياشاۋاتقانلىقىنى، ئائىلىنىڭ، تۇرمۇشنىڭ، ئەرنىڭ، بالا-چاقىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىسە تۇرمۇشتىن ھېچقانداق لەززەت تاپالمايدۇ. ئەلۋەتتە ئەر-ئايال بىرگە شادلىنىپ، بىرگە قايغۇرۇپ، بىر مەقسەت يولىدا جانداش بولۇشى كېرەك. دىلى پاك ئايال ئۆز يولدىشىغا ئەبەدىي ساداقەتلىك، ۋاپادار، مېھىر-مۇھەببەتلىك بولىدۇ.

نازاكەتلىك ئايال ھەرقانداق شارائىتتىمۇ ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىدۇ؛ نومۇس ۋە ئىپپىتىنى، قەدىر-قىممىتىنى، شەرم-ھاياسىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئايالنىڭ نازاكىتى ئۇنىڭ نازۇك مىجەز-خۇلقىدا، ئەدەپ، تەربىيە ۋە ساداقىتىدە نامايان بولىدۇ. بۇنداقلار جەمئىيەتتىمۇ، ئائىلىدىمۇ نازۇك گۈل كەبى ئەزىزلىنىدۇ، شەرەپلىنىدۇ.

## كىتاب ئوقۇشنى تاشلىماڭ

ئىچكى ئالىمىڭىزنى ھېچ نەرسە كىتابچىلىك بېيىتالمايدۇ. چۈنكى كىشىنىڭ ئۆزىنى-ئۆزى تەربىيىلىشىدە كىتاب مۇھىم بىلىم مەنبەسى. ئۇ يەنە ئۆزىڭىزنى كۆرۈش، سېلىشتۇرۇش، تەقلىد قىلىش، مۇنازىرە يۈرگۈزۈش، بەسلىشىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئەينەك ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتەيدۇ. ھاياتتا ئادەم ئۆزى يالغۇز

ياشىيالمايدۇ، مۇھىت، تەبىئەت بىلەن ھەر خىل مۇناسىۋەتلەردە بولىدۇ. ئەنە شۇ مۇناسىۋەتلەردە قىينالغان، توغرا يول ئىزلىگەن پەيتتە سۆيگەن كىتابىمىزغا، روھىيىتىمىزگە يېقىن بولغان قەھرىمانلارنىڭ كەچمىشلىرىگە مۇراجىئەت قىلىمىز. بەزىدە ئۇلاردىن قۇۋۋەت ئېلىپ، ھازىرچە بىزگە ئېغىر كەلسىمۇ ئۇلار تۇتقان يولنى تۇتىمىز. دېمەك بىز ئۇنىڭدىن ئىرادە، چىدام، مەلۇم دەرىجىدە ئەپۇچان بولۇشنى، چېكىنىشنى ئۆگىنىمىز. شۇنىڭ بەدىلىگە روھىي مۇۋازىنىتىمىزنى تەڭشەيمىز.

ئاكادېمىك د. س. لىخاچېۋ كىتابنىڭ ئادەمگە زور تەسىر كۆرسىتىپ، ناھايىتى چوڭقۇر ھاياتىي تەجرىبە ئاتا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”ئۇ كىشىنى زىيالىي قىلىدۇ، كىشىدە گۈزەللىك تۇيغۇسىنىلا ئەمەس، ھاياتنى، ئۇنىڭ پۈتۈن مۇرەككەپلىكلىرىنى چۈشىنىش كەبى قىممەتلىك تۇيغۇنى راۋاجلاندۇرىدۇ، باشقا دەۋرلەر ۋە باشقا خەلقلەرنى چۈشىنىشتە يولباشچىلىق قىلىدۇ، سىزگە كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئېچىپ بېرىدۇ. بىر سۆز بىلەن ئېيتقاندا، سىزنى دانىشمەن قىلىدۇ“.

شۇنىڭ ئۈچۈن كىتاب ئوقۇشنى تاشلىماڭ. كىتابتىن ئالغان بارلىق ياخشى پەزىلەتلەرنى بىر ئۆمۈر قەلبىڭىزدە ساقلاپ قېلىڭ.

## ئاتا ئەزىز

ئاتا دېگەندە بالا-چاقىلىق ئەر كىشىنى، ئائىلە باشلىقىنى چۈشىنىمىز. ئاتا مىسالى قۇدرەتلىك تاغ، ئائىلىنىڭ مۇستەھكەم،

پۈكۈلمەس تايانچى.

ئائىلىدە ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىشىدە ئاتىنىڭ مەسئۇلىيىتى، جاۋابكارلىقى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ جىسمانىي، ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن مۇھىم ۋەزىپىلەرنى بېجىرىشى كېرەك.

ئائىلىنى ماددىي جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈش، ئايالى ۋە بالىلىرى ئۈچۈن مەسئۇل بولۇش، ياشانغان ئاتا-ئانىلارغا غەمخورلۇق قىلىش ئاتىنىڭ زىممىسىدىدۇر.

بىر دانىشمەن، تەربىيە ئاتىدىن، دېگەن ئىكەن. ئاتىنىڭ مەنىۋى قىياپىتى ئۇنىڭ تەربىيىچى سۈپىتىدىكى ئورنىنى بەلگىلەيدۇ. كۆپ ساندىكى يىگىتلەر ئاتا بولغاندىن كېيىن، بالىلىق ۋە ياشلىق چاغلىرىدىكى قىلىقلىرىنى تاشلايدۇ، ئاتىغا خاس ۋەزمىنلىك، ئەقلىي ئويغۇنلۇق، ئۇلۇغۋارلىق كەبى سۈپەتلەرنى ئۆزىدە هازىرلاشقا تىرىشىدۇ.

ئاتا ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋىيىتى ۋە قەدىر-قىممىتىنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزگۈچى ئاساسىي شەخستۇر. تەربىيە بېرىدىغان شەخسنىڭ ئۆزى خۇددى بۇۋىلار ئېيتقاندەك تەربىيىلىك، ھەققانىي ۋە بەركامال ئىنسان بولۇشى كېرەك. پەرزەنتكە نىسبەتەن ئاتا ئاساسىي ئېتىقاد نۇقتىسىغا ئايلانمىسا ۋە ئۇلۇغلانمىسا، ئائىلە تەربىيىسى مۇكەممەل بولمايدۇ. ئاتا بولۇش بىر خىل مەردلىك ۋە جاسارەتتۇر.

# ئانا — ئائىلىنىڭ چىرىغى

ئانا ئائىلىنىڭ پاسىبانىدۇر. رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئوغۇل ئانىنى ئۈچ مەرتەم ھەجگە ھاپاش ئېلىپ ئاپىرىپ كەلسىمۇ ئانىنىڭ پەرزەنت ئۈچۈن چەككەن زەخمەتلىرىنىڭ ئۈچتىن بىرىچىلىك بولماس ئىكەن. ئانىنىڭ پەرزەنتىنى ئۆستۈرۈپ، ۋايىغا يەتكۈزۈش يولىدا چەككەن رىيازىتىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىش-ھەرىكەت ۋە خىزمەتمۇ كەملىك قىلار ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئانا ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس زاتتۇر.

ئانىنىڭ ئەڭ بۈيۈك خىزمىتى شۇنىڭدىكى، ئۇ پەرزەنتلەردە ئاۋۋال ھەقىقىي ئىنسانىي پەزىلەت — مېھرىنى شەكىللەندۈردۇ. مېھىر تۇيغۇسى بالا بۆشۈكتىكى ۋاقتىدىلا قولاق تۈۋىدە ياڭرىغان ئانا ئەللىيىنىڭ ئارامبەخش سادالىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ قەلبىگە ئورنىشىدۇ. ئانا ئاتىغا نىسبەتەن بالىغا مېھرىبانراق كېلىدۇ، ئۇنى ھەر ۋاقىت كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايدۇ، يۈيۈپ تارايدۇ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى، قەلبى، مېھرى، ئېتىبارى ۋە مېھنىتىنى بېغىشلايدۇ. ئىنسانغا خاس بولغان ئەڭ ئېسىل، ياخشى پەزىلەتلەر بالىغا ئانىدىن ئۆتىدۇ. چۈنكى بالا كۆپ ۋاقىت ئانىنىڭ باغرىدا، يېنىدا بولىدۇ، شۇ جەرياندا ئۇنىڭدىن ھايات ساۋاقلىرىنى ئالىدۇ. ئالەم ۋە ئادەملەرگە بولغان مۇھەببەتنى ئۆگىنىدۇ. بالا تەربىيىسىدىكى ئەڭ ئېغىر، مۇشەققەتلىك ۋە مەسئۇلىيەتلىك دەۋر يەنى ئىنسانىنىڭ ئىنسان بولۇپ شەكىللىنىدىغان دەۋرى ئانىنىڭ باغرىدا كېچىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئېرىشكەن ھەممە نەرسىنى

ئانا قوينىدا بېرىلگەن تەربىيىنىڭ ئۇزۇقىدىن، دەپ بىلمەك كېرەك. ئانا ھېچقاچان پەرزەنتىگە يامانلىقنى راۋا كۆرمەيدۇ، ئۇ بالىسىنىڭ پاسىبانى، ھىمايىچىسى، سىرداش دوستى ۋە قىبلىگاھىدۇر.

ئانا ئوغۇل بالىسىغا قارىغاندا قىزلىرىغا يېقىنراق بولىدۇ، دېگەن گەپنىڭ ئاساسى بار. چۈنكى ئۇ، قىزنى تەربىيىلەش جەريانىدا، قىزىنىڭ تىمسالىدا ئۆزىنى — بولغۇسى ئانىنى كۆرىدۇ. قىزىدا ئانىلىققا خاس سۈپەتلەرنى يېتىلدۈرىدۇ، ئۇنى تۇرمۇشقا، ئائىلىگە نىسبەتەن تەييارلايدۇ.

ئانا ئۆمرىنىڭ مەزمۇنى، داۋامچىسى بولغان قىزىنىڭ بالاغەتكە يەتكەنسېرى ھاياتتا بەختلىك بولۇشىنى، بولغۇسى كۈيئوغلىنىڭ قىزىغا مۇناسىپ، بىر ئۆمۈرلۈك ۋاپادار، قىزىنى قەدىرلەيدىغان بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆز قىزىنىڭمۇ كۈيئوغۇلغا ساداقەتلىك، ھۆرمەت-ئىززىتىنى قىلىدىغان، مېھرىلىك-ۋاپالىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ئانىلار قىزىنى ياتلىق قىلىش ئالدىدا شۇنداق نەسىھەت قىلىدۇ: "سۆيۈملۈك قىزىم، تېز كۈنلەر ئىچىدە بىزنىڭ قولىمىزدىن چىقىپ، باشقا بىر ئادەمگە يار ۋە ئۆمۈرلۈك يولداش بولىسەن. ساڭا بەخت-سائادەت تىلىگۈچى ئاناڭ. ئانائىڭنىڭ ئۇشبۇ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلا، بۇ نەسىھەتلەرگە ئىمكانىقەدەر ئەمەل قىل.

ئېرىڭ سېنى ئۆزىگە يولداش، شادلىق ۋە قايغۇدا بىرگە شادلانغۇچى ۋە قايغۇرغۇچى ھەمنەپەس بولۇشىڭنى ئۈمىد قىلىپ، سېنى تاللىدى. ئۇنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويما. ئۇ ھەر ۋاقىت سەندىن رازى بولسۇن.

ئېرىڭنىڭ يېقىن كىشىلىرىنى، خۇسۇسەن، قېيناتا ۋە

قېيناناڭنى ھۆرمەت قىل، ئۇلارنى ئۆز ئاتاڭ ۋە ئاناڭ قاتارىدا كۆر، بالىلىرىنى ئاكا، ئۇكا، ھەدە-سىڭىل ھېسابلا. قېيناتاڭ ۋە قېيناناڭنىڭ نەسىھەتلىرىنى ياخشى ئاڭلاپ، ئۇلارغا ئەمەل قىل. ئائىلە ئەزالىرىنىڭ مىجەز-خۇلقىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئۇلارغا مۇلايىم مۇئامىلىدە بول. ئۇلار بىلەن ئاراڭنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ساقلان، چۈنكى، بۇنىڭ ئېغىرى ئېرىڭغا چۈشىدۇ. سېنى دېسە ئۇلارنىڭ كۆڭلى قالىدۇ، ئۇلارنى دېسە سەندىن كېچەلمەيدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئېرىڭ ئىككى ئوت ئارىسىدا قېلىپ قىينىلىدۇ. شۇڭا ئېرىڭنى ئازابتا قويما، ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرى بىلەن ئۆم ياشا.

ئېرىڭدىن ھېچقانداق سىرىڭنى يوشۇرما، ئېرىڭدىن باشقا ھېچكىمگە سىر ئېيتما. ئەرلەر ئاياللىرىنىڭ نۇرغۇن كەمچىلىكلىرىنى كەچۈرىدۇ-يۇ، يات كىشىنىڭ ئالدىدا ئېيتقان سۆزلىرىنى كەچۈرەلمەيدۇ. ئەگەر ئېرىڭنىڭ بىرەر ناباب ئادىتى بار بولسا، يېنىدا باشقا ئادەم بولمىغان چاغدا ئۆزىگە ئېيتىپ، ئۇنى تۈزىتىشكە غەيرەت قىل.

ئېرىڭ ياقتۇرمايدىغان، كۆڭلى خالىمايدىغان، رەشكىنى قوزغايدىغان ئادەتلەردىن يىراق بول.

ئۆيۈڭ پاكىز، بېجىرىم ۋە ھەربىر نەرسە ئۆز ئورنىدا بولسۇن. بالىلىرىڭنىڭ ئېرىڭگە، ئېرىڭنىڭ بالىلىرىڭغا مۇھەببەتلىك بولۇشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەت. ئاتىلارنىڭ ئۆز ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە بولۇشتىن خۇشال بولۇشى، ئۇلارنىڭ ھەردائىم شۇنداق بولۇشقا بولغان قىزغىنلىقىنى ئاشۇرىدۇ. بالىلىرىنى سۆيگەن ئەرلەر كۆپ ھاللاردا ئىنساپلىق بولىدۇ. ئائىلىسى، بالىلىرى بىلەن ھۇزۇرلىنىش ئارقىلىق يامان يوللارغا كىرىپ قالمايدۇ. ئېرىڭدىن بىر نەرسىنى سورىساڭ، ئۇنى

بىر-ئىككى مەرتەم ئېسىگە سال. ئۇنىڭدىن ئارتۇق دەرىجىدە ئېرىڭنى قىستاپ، بىزار قىلما.

تۇرمۇش ھەممە ۋاقىت بىرخىل كەچمەيدۇ. ئۇنىڭ شاد-خۇرام كۈنلىرى بولغان كەبى زەھەرلىك، تىكەنلىك كۈنلىرىمۇ بولىدۇ. ئېرىڭ بىلەن ئاراڭغا سوغۇقلۇق چۈشسە، ئۆزۈڭنى ئېغىر-بېسىق تۇت، سوغۇققان بول، ئالدىراقسانلىق قىلما، مۇئامىلەڭنى بۇزما، تاپا-تەنە، زەردە قىلما. ئەگەر سەن ھەقلىق بولساڭ، مۇلايىم سۆزلەپ، ئېنىق چۈشەندۈر. شۇندىلا ئېرىڭنىڭ غەزىپى يېنىپ، ساڭا بولغان مۇھەببىتى كۈچىيىدۇ.

بالىلىرىڭنى ياخشى تەربىيىلە، ياخشى خۇلقلارغا ئادەتلەندۈر. بۇ سۆزلەرنى بەجا كەلتۈرۈش ئەقىللىق، تەدبىرلىك ئاياللار ئۈچۈن ئېغىر ئىش ئەمەس. كۈچ بىلەن قىلغىلى بولمايدىغان ئىشلارنى ياخشى ئاياللار ئۆز ئەقلىگە تايىنىپ قىلالايدۇ“.

ئانا ئائىلىنىڭ پەرىشتىسى، ئۇ بار ئۆيدە نۇر بار، راھەت بار، بەرىكەت بار.

## ۋاپا ۋە ساداقەت

ئۇلۇغ ئەلىشىر نەۋائىنىڭ تەبىرىگە ئاساسەن ۋاپا ۋە ساداقەت ھېسلىرى ئاۋۋال ھەربىر كىشىنىڭ قېنىدا بولمىسا، ئۇنىڭغا ئۆگەتمەك مۇشكۇلدۇر. ۋاپا ۋە ساداقەت خۇددى قاش بىلەن كۆز كەبى يانمۇيان ياشايدىغان ئەڭ يۈكسەك ئىنسانىي پەزىلەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەم كىشىلەر ”ۋاپاسىزدا ھايا يوق، ھاياسىزدا ۋاپا يوق“ دېيىشىدۇ. ئېيتقان سۆزىگە ئەمەل قىلىش، ۋەدىنى

بېجىرىش، پىلاننى ئادا قىلىش ۋاپانىڭ بەلگىسىدۇر. ساداقەت بولسا ۋاپانىڭ داۋامى، ۋاپادارلىقنىڭ باقىيلىقىنى ئىسپاتلايدىغان خۇسۇسىيەتتۇر. ئېيتىلغان سۆزگە بىر ئۆمۈر سادىق بولۇش، ۋاقىت، ئىمكان، شارائىت ئۆزگەرگەندىمۇ دىل ئەمرىنى ئۆزگەرتمەسلىك، ۋەدىنىڭ مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ساداقەتتۇر. ۋاپا ۋە ساداقەت ئەڭ ئاۋۋال ئائىلىنى بەختىيار قىلىدۇ، پەرزەنتلەرنىڭ ئەركىن، ساغلام ۋە ئەقىللىق بولۇپ ۋايىغا يېتىشىگە زېمىن هازىرلايدۇ. ۋاپا ۋە ساداقەت ئايالنىڭ قولىدىكى مەشئەلدۇر، ئايال قەلبىنىڭ قىممىتىنى، ساپلىقىنى ئىپادە قىلغۇچى، ئۇنىڭ يولىنى يورۇتقۇچى مایاكتۇر. ئەگەر ئايال ساداقەتنى بىلسە، ئۇ هاياتىنىڭ، ئەرنىڭ، پەرزەنتىنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ، ئۆزىنىڭ بۇرچىنى، ئېتىقادىنى چۈشىنىدۇ. هاياتىنىڭ سىناقلىرىدىن ئەلا دەرىجىدە ئۆتىدۇ، قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

ۋاپا ۋە ساداقەت ئائىلىنى ئاسراش، ئۇنى تۇرمۇش شاماللىرىدىن، غەيۋەتلەردىن ئاسراش دېمەكتۇر. ۋاپا ۋە ساداقەت — ئايالىقنى، ئانىلىقنى، بۇرچنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىش، بەرداشلىق، تەمكىن، ئەتراپلىق بولۇش دېمەكتۇر.

مەسئۇل مۇھەررىر : ياقۇپ مۇھەممەتروزى
مەسئۇل كوررېكتور : خەيرىنىسا روزى

رىزائۇددىن ئىبىن فەخرۇددىن

# ئەدەپ ـ ئەخلاق مىزانلىرى

ئەزىزى

تەرجىمە قىلغۇچىلار :

ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان فىكرەت

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى :100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 ـ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2005 ـ يىل 5 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2006 ـ يىل 10 ـ ئايدا بېيجىڭدا 2 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168م م. 32كەسلەم
باسما تاۋىقى : 7.625
سانى : 5001 ـ 9000
باھاسى : 10.00 يۈەن

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى دىلمۇرات تۇرسۇن



ISBN7-105-06894-9

9 787105 068944

ISBN 7-105-06894-9/B·293
民文（维31） 定价：10.00元